# 目录

回忆父亲吐尔逊·何力洛夫................
阿布力米提·库尔班
回忆库尔勒青年民主组织.....买买提·司马义
在尤勒滚鲁克被俘的国民党将领郭奇........
阿布都拉也夫·木扎帕尔
无花果之乡,户蒙的摇篮一提间.............
阿布都热合曼·马木提
二十世纪以来维吾尔文字的演变............
阿·热合曼,乌马尔江
忆新疆开办的头一所技工学校.............
西力甫·胡西塔尔
盛世才和国民党统治时期的新疆教育情况....
巴哈尔古丽·阿布力孜
一生见闻录...............安尼瓦尔·汗巴巴
托克扎克的进步民主人士一乌马尔大人.......
阿布都热依木·热孜
无依无靠者的救星阿布拉孜巴义..........
西力甫·胡西塔尔
丝绸之路上的克里阳镇..................
吐尔逊买买提·胡斯因
现代新疆史事记..............吐尔洪译

## مائارىپ ـ ئەدەبىيات ـ سەنئەت

شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى
شىنجاڭ مائارىپى ............ باھارگۈل ئابلىز 141

## ئۆمۈر خاتىرىلىرى

ھاياتىمدىن خاتىرىلەر ............ ئەنۋەر خانبابا 228

## تارىخىي شەخسلەر

توققۇزاقتىكى خەلقپەرۋەر، ئىلغار دېموكراتىك زات ئۆمەر چوڭئام ھەققىدە ئەسلىمە
............................ ئابدۇرېھىم رازى 376
يېتىملار غەمگۇزارى ئەبرازباي
............................ شېرىپ خۇشتار 400

## يۇرت تارىخىدىن

يىپەك يولىدىكى كىلىياڭ بازىرى
...................... تۇرسۇنمۇھەممەت ھوسۇن 405

## چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر
خاتىرىسى ............ تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى 416

# مۇھەررىردىن

## مۇھەررىرلەردىن ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام
## («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 40 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىگە ماقالە توپلاش، تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى 1960 - يىللاردا باشلانغانىدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى، بولۇپمۇ سىياسىي كېڭەشتىكى پېشقەدەم رەھبەرلەرنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشى، تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنىڭ جاپاغا چىداپ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە، ھازىرغىچە ئۇيغۇرچە 40 سان (خەنزۇچە 30 سان) نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئېلان قىلىنغان ھەرخىل تېمىلاردىكى ئۆچ ئۆز (ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆزى قاتناشقان، ئۆزى ئاڭلىغان) ماتېرىياللىرى مول مەزمۇنغا، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ھەم مۇھىم تارىخىي ئۇقۇشلۇققا ئىگە بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بەزى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرمىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، يۇرتنى، ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيۈش جەھەتتە مۇھىم يەرلىك تارىخى دەرسلىك بولۇپ كەلدى.

(1)

تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتىمىز (ئۇ چاغدا «گۇرۇپپا» دەپ ئاتىلاتتى) دەسلەپ 1961 - يىلى 5 - ئايدا، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، مۇشۇ مەزمۇندىكى تارىخ ماتېرىياللىرىنى

توپلاشتىن ئىبتىبارەن تۇنجى ئەمەلىي خىزمەتنى باشلىغانىدى. شۇنداقلا 1961 ـ يىلى ۋە 1963 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بىر نەچچە قېتىم 60 ياشتىن ئاشقان پېشقەدەم سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە پېشقەدەملىرىنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت يىغىنلىرىنى چاقىردى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرى سۆز قىلىپ، ھەرساھە پېشقەدەملىرىنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخى كەچۈرمىشلىرىنى ۋە بىلىدىغان مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەسلىمە تەرىقىسىدە يېزىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئىشخانا خادىملىرى ھەيدەكچىلىك قىلىش، سوراۋشتۇرۇش، زىيارەت قىلىش ۋە قەلەم تەۋرىتىش نەتىجىسىدە، 1961 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى سىياسىي، ھەربىي، مائارىپ، مەدەنىيەت، قاتناش، پۇل مۇئامىلە، سودا ـ سانائەت، پوچتا ـ تېلېگراف قاتارلىقلارغا ئائىت 155 پارچە (ماقالىلار ئاساسەن خەنزۇچە بولۇپ، بىر مىليون 68 مىڭ 800 خەتلىك) ماقالە توپلىدى. ئەپسۇسكى، 1966 ـ يىلىدى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ ئىدارە ـ جەمئىيەت ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «ئىنقىلابىي كۈرەش» قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىلگەچكە، تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىمۇ توختاشقا مەجبۇر بولىدى.

1978 ـ يىلى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىمۇ ئەسلىگە كەلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى نىزامنامىسى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ھەم مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىگە قويغان تەلىپىگە ئاساسەن، بىزنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىمىزمۇ تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولدى ھەم راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئىشخانىمىز تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ، بىر تەرەپتىن ناھىيىلىك، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، جاي ـ جايلاردىكى پېشقەدەملەرنى ئەسلىمە يېزىشقا ئىلھاملاندۇرسا، يەنە بىر



تەرەپتىن، ئۈرۈمچىدىكى پېشقەدەملەرنى تەكلىپ قىلىپ كۆپ قېتىم سۆھبەت يىغىنلىرى، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش يىغىنلىرىنى ئاچتى. نەتىجىدە 1978 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، قاتناش، پۇل مۇئامىلە، سودا ـ سانائەت، پوچتا ـ تېلېگراف، تارىخىي شەخسلەر، ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە بەزى تارىخىي ۋەقەلەرگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئۇيغۇرچە تەخمىنەن 800 پارچە ئەتراپىدىكى 6 مىليون 800 مىڭ خەتلىكتىن كۆپرەك، ھەرخىل تېمىلاردىكى ماقالىلەرنى توپلىدۇق. بۇلاردىن ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلارغا دائىر ماقالىلەر 188 پارچە، تەخمىنەن 1 مىليون 850 مىڭ خەتلىك بولۇپ 28% نى؛ مەدەنىي مائارىپقا دائىر ماقالىلەر 127 پارچە، تەخمىنەن 1 مىليون 250 مىڭ خەتلىك بولۇپ 18.6% نى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ماقالىلەر 103 پارچە، تەخمىنەن 1 مىليون 50 مىڭ خەتلىك بولۇپ 15.3% نى؛ تارىخىي شەخسلەرگە دائىر ماقالىلەر 107 پارچە، تەخمىنەن 1 مىليون خەتلىك بولۇپ 15.1% نى؛ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ماقالىلەر 95 پارچە، تەخمىنەن 1 مىليون خەتلىك بولۇپ 14% نى؛ سودا ـ سانائەت ۋە ئىقتىسادقا دائىر ماقالىلەر 60 پارچە، تەخمىنەن 750 مىڭ خەتلىك بولۇپ 9% نى ئىگىلەيدۇ.

(2)

1979 ـ يىلىدىن بۇيان، تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىمىز ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر قانچە قېتىم سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش، ناھىيە، ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش، ماقالە توپلاش، توپلانغان ماقالىلەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ، تاللاش، بېكىتىش، تەھرىرلەش، سېلىشتۇرۇش، تولۇقلاش بىلەن بىرگە تارىخىي چىنلىق ئۆتكىلى، سىياسىي ئۆتكەل ۋە ئەدەبىي (تىل ـ يېزىق) ئۆتكەلنى چىڭ تۇتۇش

ئاساسىدا، 1979 ـ يىلى خەنزۇچە تۇنجى سانىنى 5000 تىراژدا نەشىر قىلدۇق. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بولغاچقا، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى نەشىر قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەسئۇت بەختىيار (ۋاپات بولدى)، خېۋىر تۆمۈر (ۋاپات بولدى) لەرنى تەھرىرلىككە يۆتكەپ كېلىپ ئۇيغۇرچە تۇنجى سانىنى 1980 ـ يىلى 6000 تىراژدا نەشىر قىلدۇق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەتتىكى تەسىرى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولدى. بىراق، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتىپ ئازار يىگەن بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت پېشقەدەملىرى تېخىچە ئەندىشە قىلىپ ئەسلىمە يېزىشتىن باش تارتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىمىگەن شارائىت ئاستىدا، ئۇيغۇرچە ماقالىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇ ۋەجىدىن تەرجىمە ماقالىلەرنى ئاساس قىلماي بولمايتتى. شۇڭا ئىشخانىمىز كۆپ قېتىم سۆھبەت يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، ئۆيلىرىگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ، تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، پېشقەدەم مىللىي زىيالىلارغا ئەندىشە قىلماسلىق، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئىشىنىش، ئۆزى قاتناشقان، ئۆزى كۆرگەن ۋە ئۆزى ئاڭلىغان تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدە ئەسلىمە يېزىش جەھەتتە كۆپ ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ئاپتورلار قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، مەجمۇئەيىمىز ئۇيغۇرچە ماقالىلەرنى ئاساس قىلىدىغان ھالەت بارلىققا كەلدى.

(3)

كائىناتتىكى مەۋجۇداتلار يوقلۇقتىن بارلىققا، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، پەسلىكتىن ئېگىزلىككە قاراپ راۋاجلانغاندەك، تارىخ ماتېرىياللىرى مەجمۇئەيىمىزمۇ يالغۇز بىر خادىم ئىشلەيدىغان ھالەتتىن



ھازىرقىدەك سەككىز، توققۇز خادىم ئىشلەيدىغان (رايونىمىزدىكى ناھىيە، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يۈز نەچچە تارىخ ماتېرىياللىرى چىقىرىدىغان ئورۇنغا كەسپىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىدىغان)، باشقارما، ۋىلايەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك بىر نەچچەت كىشى مەخسۇس رەھبەرلىك قىلىدىغان مۇكەممەل ئاپپارات بولۇپ قۇرۇلدى، بۇ نەتىجىلەرنى بىر نەچچە نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە قوللىشى، ئىشتىراك قىلىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشىدىن ھەرگىز ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئەسكە ئېلىپ ئۆتسەك، ھازىرقى تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىمىزنىڭ ھۇلى 1961 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قۇرۇلغان «سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش گۇرۇپپىسى» ئىدى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن باش كاتىپ ياڭ فېڭچۇن مەسئۇل بولغانىدى. 1963 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 16 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى قۇرۇش قارار قىلىندى ھەمدە مۇئاۋىن رەئىس بۇ جيەنلىننى مۇدىرلىققا، ئىمىن مەخسۇم، سۇڭ يۈن، گۇباۋ، شى شىلارنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، كۇۋ چيوچپو قاتارلىق 17 كىشىنى ئەزالىققا تەيىنلىدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ كاساپىتىدىن، تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق. 1973 ـ يىلى يەنە ئەسلىگە كېلىپ، ماقالە توپلاشنى داۋاملاشتۇردۇق، كۈندىلىك خىزمەتكە مۇئاۋىن باش كاتىپ لۇشۇبىڭ رەھبەرلىك قىلدى.

1980 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 5 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا «تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات كومىتېتى» نى قۇرۇش قارار قىلىندى ھەمدە سەيدۇللا سەيپۇللايوپنى بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا، گۇباۋ، جاڭ دۇڭيۈ، ئابلىمىت مەخسۇتوپ، ئابلىز مۇھەممىدى، جاۋ جيەنفىڭلارنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ۋېن فېيرەن قاتارلىق 15 كىشىنى

ئەزالىققا تەيىنلەندى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 13 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى سەيدۇللا سەيپۇللايوپنى مەزكۇر كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئابلىز مۇھەممەدنى مۇدىرلىققا، ئوبۇلقاسىم سابىتوپنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلىدى.

1983 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئەنۋەرخانبابانى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، يۈسۈپقان كۈنباي، قەمبەرخان ئەمەت، ماسىڭلياڭ، گۇباۋ، ئابلىمىت مەخسۇتوپ، ئوبۇلقاسىم سابىتوپلارنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ياسىن خۇدابەردى قاتارلىق 18 كىشىنى ئەزالىققا تەيىنلىدى.

1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 2 ـ، 3 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا جاۋگېنچىڭنى قوشۇمچە مۇدىرلىققا، ئابدۇخالىق ساقى (مەخسۇس)، دې لىن، ئىبراھىم مۇتىئى، ليۇ شىڭخەنلەرنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ماجىڭفاڭ قاتارلىق 12 كىشىنى ئەزالىققا تەيىنلىدى.

1993 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 2 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئىبراھىم روزى قوشۇمچە مۇدىرلىققا، سىرىكغازى (مەخسۇس)، ئىبراھىم مۇتىئى، جى داچۇن مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، پاتىقان سۇگۇرباييوپ قاتارلىق 11 كىشى ئەزالىققا سايلاندى. ئابدۇخالىق ساقى 1983 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە باش مۇھەررىرلىكنى (ئۇيغۇرچىسىنىڭ) ئۈستىگە ئېلىپ، ماقالىلەرنى كۆرۈش، بېكىتىش ئىشىغا كونكرېت مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى.

قىسقىسى، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دىن ئىبارەت بۇ تارىخىي بىلىم بۇلىقى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، چاڭقىغان دىللارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، مىليونلىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزىقىپ كۆرىدىغان يەرلىك تارىخىي ئوقۇشلۇقىغا ئايلىنىپ قالدى. بۆلۈمىمىزدىكى نامسىز قەھرىمان ـ مۇھەررىرلەر 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، جاپالىق ئەجىر قىلىپ،



40 سان تارىخ ماتېرىياللىرىنى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر ساھە ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قىزغىن سالام يوللايدۇ، شۇنداقلا بۇ تارىخ بىلىم بۇلىقىنى قۇرۇتۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، مۇھەررىرلەر بىلەن كەڭ جەمئىيەتنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

**1996 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى**

# مەرھۇم ئاتام تۇرسۇن خېلىلوپنى ئەسلەيمەن

ئابلىمىت قۇربان



مەرھۇم تۇرسۇن خېلىلوپ

1902 - يىلى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا (قومۇشتىن بورا توقۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئائىلىدە) دۇنياغا كەلگەن ئاتام تۇرسۇن خېلىلوپ، 1914 - يىلى ئاتا - ئانىلىرى بىلەن مورى ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ كەلگەنىكەن. بوۋىمىز سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تىرىك مالغا ئالماشتۇرۇپ، مال - ۋارانلىق بولۇپ بېيىشقا باشلاپتۇ. ئاتام كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆيدە مېھمان كۈتۈش، سىرتتا بوۋامنىڭ سودا ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئىشقا پىشىپتۇ. ئۇ سودا ئىشلىرىدا ئادىل، مېھمان كۈتۈشتە چاققان ۋە مۇلايىم بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن، كىچىك چېغىدىلا كىشىلەر ئارىسىدا «يارايدىغان بالا» دەپ تونۇلغانىكەن، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن مەنسىپى ئۆسۈپ، ئەمەلدار بولغان

بولسىمۇ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، يۇرتنى ئادىل سوراپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، 1987 - يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىگە قايغۇرغان مورى خەلقى كۆزيېشى قىلىپ: «سىز ھەر مىللەت خەلقىگە توغرا رەھبەرلىك قىلىپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن ئىدىڭىز، بىراق بىز سىزدىن ئايرىلدۇق. پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىلەن مورى خەلقى سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن سىزگە بىر قەبرىستانلىق تەييارلىدى. ياتقان يېرىڭىز جەننەت بولسۇن»، دېيىشكەندى.

ئاتام ۋاپات بولۇپ، دەپنە قىلىنىدىغان چاغدا، ناھىيە بويىچە چوڭ كۆلەملىك ماتەم مۇراسىمى ئېچىلدى. يىغىنغا ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، شەھەر ئاھالىلىرى، گۇچۇڭ، جىمسار، تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قاتناشقانىنىڭ سىرتىدا، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن ۋەكىللەر ئۈمەكلىرى كەلدى. كۆپلىگەن ناھىيىلەر بىلەن سانجى ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، جۈملىدىن بۇرھان شەھىدى، ئەھمەت ۋاجىدى قاتارلىق رەھبەرلەر تەزىيە تېلېگراممىلىرىنى ئەۋەتىپ، بىزنىڭ ئائىلىمىزدىن سەممىي ھال سورىدى.

پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاتامغا بەرگەن يۇقىرى باھاسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى، سىرتقى ئورۇنلارنىڭ بىلدۈرگەن ھۆرمىتى بىز پەرزەنتلىرىنى ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئاتامنى داۋاملىق ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئىشلىگەن ياخشى ئىش ئىزلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغان ۋە باشقىلاردىن تولۇقلىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم.



# ئۈچ دەۋرنىڭ مەنسەپدارى

ئۈچ دەۋر (شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ۋە ئازادلىقتىن كېيىن) نىڭ ھەممىسىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئاتام شېڭ شىسەي دەۋرىدە مورى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى؛ گومىنداڭ ۋاقتىدا ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ھاكىم؛ ئازادلىقتىن كېيىنمۇ مۇئاۋىن ھاكىم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ۋاپات بولغانغا قەدەر خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى.

بىزنىڭ بوۋىمىزنىڭ سودىگەرچىلىكى روناق تېپىپ بېيىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بوۋام ئاتامنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئىشقا پىششۇن، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇقلارنى كەچۈرسۇن، دەپ ئۇنى 12 ياش ۋاقتىدا گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىدىكى ئىمىنجان ھاجى (ئۆزبېك) ئىسىملىك بىر باينىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئىشلەشكە بەرگەن. ئاتام تۆت يىل ئىشلەپ چېنىقىپ، تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بولغان چېغىدا مورىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆيىدە مېھمانخانا باشقۇرۇش، سىرتتا سودا قىلىش ئىشلىرىغا سالغان. ئاتام مېھمانخانىغا كەلگەن مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈپ، سودا ئىشلىرىدا ئادىل بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكەپ، ئۇ يەرلەردىن تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئەكېلىپ، ئۇنى تىرىك مال ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرغان. بولۇپمۇ چارۋىچىلارنى تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەملەشكەن. سىرتقا

چىقىپ جەمئىيەتكە ئارىلاشقانلىقتىن كۆزى ئېچىلىپ، نەزەر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيگەن. شۇنداق قىلىپ، چوڭ - چوڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇرالايدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان يارامىلىق ئەزىمەت بولۇپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى ۋە تەمكىنلىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ دىققەت نەزەرىنى قوزغىغان. 1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شېڭ شىسەي ئاتامنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشى ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، ئۇنى مورى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا بۇيرۇق ئارقىلىق تەيىنلىگەن. بۇرۇن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ باقمىغان، ياش ۋاقتىدا مەكتەپ يوق ئوقۇيالمىغان ئاتام مورىغا يېڭىدىن ھاكىم بولۇپ كەلگەن دۇڭ شۈەيجېننىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن يۈرەكلىك ئىشلەپ، خەلققە ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلغان (دۇڭ شۈەيجېن ئىلغار ئادەم بولۇپ، «مورى تارىخ ماتېرىياللىرى» دا تونۇشتۇرۇلىشىچە، ئۇ، يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىكەن). ئاتامنىڭ ساقچى ئىدارىسىدە باشلىق بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا خەلققە سەممىمىي بولۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق بىر مىسالنى ئەسلەپ ئۆتۈشلا كۇپايە:

بىر قازاق چارۋىچى ئوغرىلىق دېلوسى بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىپ، تۈرمە باشلىقلىرى ئۇنى بىرقانچە قېتىم سوراققا تارتقاندا، ئۇ مەسىلىنى تاپشۇرماپتۇ. تۈرمە باشلىقى:

— مەسىلەڭنى نېمە ئۈچۈن تاپشۇرمايسەن؟ — دەپ قىينىغاندا، ئۇ:

— مېنى قۇربان ھاجىنىڭ بالىسى تۇرسۇن جۈيجاڭ سوراق قىلسا، شۇنىڭغا تاپشۇرىمەن، — دەپتۇ.

— سېنىڭ تۇرسۇن جۈيجاڭ بىلەن قانداق باغلىنىشلىق يېرىڭ بار؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ سوراق قىلسا تاپشۇرۇپ، باشقىلارغا



تاپشۇرمايسەن؟ — دەپ، تۇرسۇن جۈيجاڭ ئۆزى سوراق قىلىپتۇ.

— مەن تۇرسۇن جۈيجاڭنى تونۇمايمەن، كۆرمىگەن ئادەم بىلەن قانداقسىگە باغلىنىشلىق بولۇپ قالغۇدەكمەن؟ مەن ئۇنى ئاق بىلەن قارىنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ياخشى ئادەم، دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇ كىشى بىر تەرەپ قىلغان بولسا، ماڭا ھەرقانچە ئېغىر جازا قوللانغان بولسىمۇ ئارمىنىم يوق، — دەپتۇ. ئاتام ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— ئۇنداق بولسا، تۇرسۇن دېگەن مەن بولىمەن، مەسىلەڭنى تاپشۇر، مەن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ. ھېلىقى قازاق «جىنايەتچى» ئۆز قىلمىشلىرىنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي تولۇق تاپشۇرۇپ، تۆۋە قىلغانىكەن، ئاخىرىدا كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ، تۈرمىدىن چىقىپتۇ.

دۇڭ شۈەيجېن ئاتامنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ، ئۇنى ئادىل ۋە يۈرەكلىك ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەنلىكتىن، ئاتام خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، ئىشنى ئادىللىق بىلەن ئىشلىگەنلىكتىن خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. دۇڭ شۈەيجېن مورى ناھىيىسىدە 19 ئاي ئىشلەپ، خىزمەتلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈۋاتقان چېغىدا، شېڭ شىسەي مورى ناھىيىسىدىن ئالدى بىلەن ئۇنى قولغا ئالغان، ئاندىن دۇڭ شۈەيجېننى قوللىغان، ئۇنىڭ ياردىمىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئاتامنى 1940 - يىلى 1 - ئايدا شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىكى يىغىنغا چاقىرتىپ، يىغىن زالىدىلا قولغا ئېلىپ 4 - تۈرمىگە قامىدى ھەم ئۇنى تۈرمىدە قىينىدى، ئازابلىدى. ئەگەر شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا بىز بەش بالا يېتىم قالغان بولار ئىدۇق. ئاتام 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى

ئىشلىرى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى.

* * *

ئاتام تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايمەن، دەپ ئۆزىنىڭ كونا كەسپى سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. بىراق ئوسمان باندىتلىرى مورى خەلقىنى بۇلاپ - تالاپ، خەلققە خەۋپ كەلتۈرۈپ، يۇرت ئامانلىقىنى بۇزدى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان ئاتام، موريدىكى قوغدىنىش ئورۇنلىرىغا ياردەم بېرىپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ، باندىت تازىلاش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى مورى تەۋەسىدىن چېكىندۈردى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ، يۇرتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىغانلىقتىن، مورى خەلقى ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم كۆزگە كۆرۈندى ۋە خەلققە تونۇلدى. 1946 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئاتام تۇرسۇن خېلىلوپ مورى خەلقى تەرىپىدىن ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مورى تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇردىن چىققان ھاكىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئازادلىققىچە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان تۆت يېرىم يىلى خەۋپ ئىچىدە ئۆتكەن تۆت يېرىم يىل بولدى. شۇ چاغلاردا تۈرپان - پىچان ياشلار قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار قاتتىق باستۇرۇلدى. قوزغىلاڭغا قاتناشقانلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر مورىغا قېچىپ كېلىپ يوشۇرۇندى. ساقچى ئورۇنلىرى ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلغاندا، ئاتام ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى «مېنىڭ تۇغقانلىرىم، ئۇلارنى مەن مال بېقىش ۋە يەر تېرىشقا چاقىرتىپ كەلگەن، ئۇلار توپىلاڭغا



قاتناشمىغان، ئۇلاردا مەسىلە يوق» دەپ گۇۋاھچى بولۇپ، ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى.

ئاتامنىڭ ئەسلى يۇرتى تۈرپان بولغاچقا، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، بولۇپمۇ جاللات ھاكىم ۋاڭ ۋېنچىڭ ئاتامدىن قاتتىق گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئىشپىيون ۋە پايلاقچىلارنى قويغان. ئاتامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئېمىر غوجىنى قولغا ئېلىپ، ئاتامنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلدۇردى. تۈرمىدە ئېمىر غوجىنى ھەر خىل رەزىل ئۇسۇللار بىلەن قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىپ، ئاتام توغرىسىدا تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە ماتېرىيال توپلىدى. ئاتام كۆرۈنۈشتە ھۆكۈمەتنى قوللىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا چۈشكەن ئىشپىيونلارغا ئىز قالدۇرماسلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلار قۇرغان قاپقان ۋە قىلتاقلارغا چۈشمەي كەلگەنىدى. 1949 - يىلى 2 - ئايدا 3000 دېھقان ۋاڭ ۋېنچىڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئاتام بۇ ھەرىكەتنى قەتئىي قوللاپ، دېھقانلارغا ئەقىل ۋە يول كۆرسەتتى. بۇرھان شەھىدىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ۋاڭ ۋېنچىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرتۈپ، ۋاڭ ۋېنچىڭ تەختتىن چۈشكەندە ئاندىن ئۆزى خەۋپتىن قۇتۇلدى. ھەمدە ناھىيىنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئىشلىدى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئوسمان باندىت موريدىكى 1500 ئۆيلۈك قازاق چارۋىچىلارنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، بۇرھان شەھىدىگە يەنە ئادەم ئەۋەتىپ يوليورۇق سورىدى. ئۇنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئەھۋالنى ئىگىلەپ، چارۋىچىلارغا خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئوسمانغا ئەگەشتۈرمەي ئېلىپ قالدى. ئەگەر ئۇلارنى ئوسمان باندىت ئېلىپ ماڭغان بولسا، ئۇلار يول بويى ئاچارچىلىق ۋە يول ئازابى بىلەن قىرىلىپ تۈگىگەن بولار ئىدى. ئۆزى ھەقىقەتكە ئۆتۈپ، مورى ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىپ،

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا ھەسسە قوشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ گومىنداڭ دەۋرىدىكى خىزمىتىنى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتۇردى.

* * *

ئاتام تۇرسۇن خېلىلوپنىڭ ئۈچىنچى دەۋردىكى رەھبەرلىك ئورنىدا خىزمەت قىلىشى — ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەگىشىپ، دېموكراتىك ئىنقىلابقا باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ھەسسە قوشۇش بولدى.

كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مورى ناھىيىسىدە پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاتامنى ۋەتەنپەرۋەر، خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويى بار، مورى خەلقى ئۈچۈن ئەجرى سىڭدۈرگەن كىشى دەپ قاراپ، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ، ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە موھىم ئورۇنغا قويۇپ ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى دەۋرىنىمۇ بىر ئەمەلدارى بولۇپ قالدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا قەدەر ناھىيىمىزنىڭ مال چارۋىچىلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداپ، 1973 - يىلى پېنسىيىگە چىقتى. شۇ ۋاقىتقىچە ئۇ يەنە ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ 1 - نۆۋەتلىكتىن 5 - نۆۋەتلىكىگىچە مۇئاۋىن رەئىس ۋە بوستان مال فېرمىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى قاتارلىق بىر مۇنچە قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىپ، ئارىدىن يەتتە يىل



ئۆتكەندىن كېيىن، مورى ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە سايلام خىزمىتىنىڭ نۇقتىسى قىلىنىپ، سايلام ئېلىپ بېرىلغاندا، خەلقنىڭ ئىختىيارى بىلەت تاشلىشى بىلەن ئاتام يەنە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى. بۇ ناھايىتى ھەيران قالارلىق بىر ئىش بولدى. لېكىن بۇنىڭ ئەجەپلىنەرلىكى يوق ئىدى. بەلكى مورىدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى كىشىنى ھاكىمىيەت ئورنىغا سايلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئاتام رەھبەرلىك خىزمىتىنى يېڭىباشتىن داۋاملاشتۇردى. 1984 - يىلى ئۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىغا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ، بىر نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، 1987 - يىلى رەسمىي ھالدا پېنسىيىگە چىقتى، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

## «مەن جاڭ شاڭدې بىلەن مورى خەلقىدىن ئايرىلالمايمەن»

مورى ناھىيىسىدىكى قازاق مىللىتى، خەنزۇ مىللىتى ياكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتامنى قىزغىن قوللاپ ۋە ھۆرمەتلەپ كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ مورىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەربىيىلەپ، ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى قىلىپ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاتام مورىغا، مورى خەلقىگە چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتقانىدى. ۋەزىيەت ياخشى بولغان چاغلاردا بولسۇن ياكى «سول» چىللىق لۇشيەنىنىڭ ۋەيرانچىلىقى بىلەن ئۆزى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان چاغلاردا بولسۇن مورىدىن، مورى

①

خەلقىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى.

1956 - يىلى 12 - ئايدا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئاتامنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەش توغرىسىدا ئۆزىدىن پىكىر ئالغاندا، «مەن جاڭ شاڭدې بىلەن موري خەلقىدىن ئايرىلالمايمەن» دېدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ئاتام زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۈچ يىل دىكتاتۇرا تۈرمىسىدە ياتتى. «ئاتىسى بۇزۇقنىڭ بالىسىمۇ بۇزۇق» دېگەن سىياسەت بىلەن مەنمۇ ئاممىۋى دىكتاتۇرا تۈرمىسىگە كىرىپ كەتتىم. ئاپام ۋاپات بولدى، ئۇكام خوتەندە، ئىككى سىڭلىم «قايتا تەربىيە ئېلىش» ئۈچۈن يېزىلارغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن، چوڭ ھەدەمنىمۇ خىزمەتتىن قىسقارتىپ، يېزىغا — «تۆۋەنگە» چۈشۈرۈۋەتكەنىدى. ئاتام تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، پېنسىيىگە چىقىرىلغان قاتاردا ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇلغانىدى. ئاتام ئۆيگە كىرگىنىدە، ئۈچ يىلدىن بۇيان قۇلۇپلانغان، ھېچكىم كىرىپ باقمىغان، تام - تورۇسلىرى يامغۇر - يېشىنلاردا چۈشۈپ كەتكەن، ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ھەممىسى چىرىپ، ئۆي ئىچى ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن تورلىنىپ كەتكەن. يېشى 70 تىن ئاشقان ئاتام بۇ ئۆيگە يالغۇز كىرىپ، مۇساپىرچىلىقتا قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئاتامنىڭ تۇرپانلىق تۇغقانلىرى ئۇنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ بارماقچى بولغاندىمۇ، ۋىلايەت تەرىپىدىن ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىز دېگەندىمۇ ئاتام ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرى بويىچە ئۇلارنى يولغا سالدى.

① جاڭ شاڭدې 1950 - يىلى 2 - ئايدا موري ناھىيىسىگە خىزمەت دۈيى بولۇپ كەلگەن ئازادلىق ئارمىيە كوماندىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن ئۇ موري ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان.



## ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماي خەلقنىڭ غېمىنى يېدى

ئاتام تۇرسۇن خېلىلوپ موريدا خىزمەت قىلغان 51 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن خىزمەت قىلغان چاغلىرىدا، ئۆزى تالاي قېتىم خەۋپ ئاستىدا قالغان چاغلاردىمۇ، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماي خەلقنىڭ غېمىنى يېگەن. نەدە خەۋپ - خەتەر بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، موري خەلقىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

1946 - يىلى ئوسمان باندىت موري خەلقىنى بۇلاپ - تالاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. شۇ چاغدا ئائىلىمىزنىڭ پىچان ناھىيىسىگە كۆچۈرۈلۈۋاتقان بىر - ئىككى قوتان چارۋا ماللىرى باندىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. باندىتلار ئاتامنىڭ تاغىسى ھېيتاخۇن بىلەن كىچىك ئىنىسى ياقۇپ ۋە مالچىلارنىڭ ئات - ئۇلاغ، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كېتىدۇ. ئۇلار يېلىڭ كىيىم ۋە يالىڭاياق ھالدا قارلىق تاغ ۋە مۇز دالىلارنى موري ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئاتامغا ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىدۇ. ئاتام:

— جېنىڭلارنىڭ ئامان قالغانلىقىغا شۈكرى دېسەڭلار بولىدۇ. باندىتلار قازاقلارنىمۇ بۇلاۋاتىدۇ. نۇرغۇن قازاق قېرىنداشلار ئاچارچىلىق ۋە سوغۇقلاردا قېلىۋاتىدۇ. بالىلىرى ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ يېتىم قېلىپ، ئۆلۈۋاتقانلار ئاز ئەمەس. ئۇنىڭغا قارىغاندا جېنىڭلارنىڭ ساق قالغانلىقى غەنىيمەت ئادەم بولسا مال تېپىلىدۇ، ئاش بولسا قازان، — دەيدۇ.

شۇ يىللىرى ئاتام شىڭ شىسەي تۈرمىسىدىن چىقىپ،

سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىدى. ئاتام سودا قىلىپ گۆچۈڭ ناھىيىسىگە بارغان بىر كۈنى، گۆچۈڭنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇقادىر ھەسەن ئاتامغا ئۇچراپ قېلىپ: «تۇرسۇن ئاكا، ياخشى كېلىپ قاپسىز، تۈرمىدە 40 نەچچە قازاق يېتىپتۇ. ئەسكەرلەر ئۇلارنى باندىت دەپ گۇمانلىنىپ تۇتۇپ كەلگەنىكەن، مېنىڭچە ئۇلار باندىت ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇلار باندىتلارنىڭ بۇلاپ - تالىشىغا ئۇچراپ، بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىلغان كەمبەغەل بىچارىلەردىن بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مورىلىقلارمۇ باردەك قىلىدۇ. سىز باشقا ئىشىڭىزنى قويۇپ تۇرۇپ، مورىلىق قازاقلارنى ‹باندىت ئەمەس، بىزنىڭ مالچىلىرىمىز› دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇلارنى چىقىرىپ ئېلىپ كەتكەن بولسىڭىز، گۆچۈڭلۈك قازاقلارنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلاي» دەيدۇ. ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا بۇنىڭدىن كېيىن زادى ئارىلاشمايمەن، دېگەن ئاتام ئۇۋال بولغان قازاق قېرىنداشلارغا ئىچى ئاغرىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى سۈپىتىدە گۆچۈڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ، مورىلىق قازاقلارنى تۈرمىدىن چىقىرىۋالىدۇ. مورىلىقلار تۈرمىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، تۈرمىدە قالغان بىر ياش يىگىت ئالتايدىن كەلگەن يېتىم بالا بولۇپ، ئىسمى جولدىباي ئىكەن. ئۇ ئاتامغا: «مېنىمۇ مورىلىق دەپ چىقىرىۋالغان بولسىلا، مەندەك بىر يېتىم بالىغا رەھىم قىلغان بولسىلا!» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالىدۇ. بۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان ئاتام ئۇنىمۇ مورىلىقلار قاتارىغا قوشۇپ تۈرمىدىن چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىكى بارلىق كىيىملىرىنى يۆتكەپ ۋە تازىلاپ، مورىغا ئەكېلىپ ئۆزىنىڭ قاسىم ئاخۇن دېگەن بىر ئاغىنىسى (ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى) نىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئىشلەشكە قويۇپتۇ. ئازادلىقتىن كېيىن جولدىباينى ناھىيىلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدە



ئىشچى بولۇپ ئىشلەشكە تونۇشتۇرۇپ، 1953 - يىلى ئۇنىڭغا بانكىدا ئىشلەيدىغان جەميغە ئىسىملىك تۇل چوكاننى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى قوشۇپ ئۆيلەپ قويغانىدى.

1951 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، مورى ناھىيىسىگە مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىگە بىر نەپەر مىللىي ياشنىڭ ئوقۇشقا بېرىش كۆرسەتكۈچى چۈشكەنىدى. بۇنىڭغا كىمنى ئەۋەتىش مۇۋاپىق بولىدۇ؟ مورى ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە قازاق مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ياشلارنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك ياخشى بىلىدىغان ئاتام، ئازادلىق ھارپىسىدا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ كەلگەن، لېكىن خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي چارۋىچى بولۇپ كەتكەن قازاق يىگىتى رەجەپنى كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلدى. رەجەپ ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئۇ بېيجىڭدا ياخشى ئوقۇپ، 1953 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1954 - يىلى ناھىيىمىزدە قازاق ئاپتونوم رايونى قۇرۇلىدىغان بولۇپ، ناھىيە رەئىسلىكىگە قازاق مىللىتىدىن مەلۇماتلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىنى سايلاشقا توغرا كەلدى. لېكىن ناھىيىنىڭ ئۆزىدىن لاياقەتلىكرەك بىرسى چىقمىدى. ئاتام ئىككىلەنمەيلا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا تەرجىمانلىق خىزمىتى ئىشلەۋاتقان مورىلىق يىگىت رەجەپنى كۆرسەتتى. تەشكىل ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئۇنى بېيجىڭدىن يۆتكەپ كېلىپ، شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مورى قازاق ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى ۋە سايلىدى (1955 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، مورى قازاق ئاپتونوم رايونى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە دەرىجىلىك باشقا ئاپتونوم رايونلارمۇ ئاپتونوم ناھىيىگە، رايون رەئىسى ناھىيە ھاكىملىقىغا

# ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپە

ئاتام پارتىيىنىڭ سىياسەت ۋە فاڭجېنلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىپ، موري خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشى، موري ناھىيىسىنىڭ مۇقىملىقى، ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى جەھەتلەردە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشتى.

1950 - يىلى 2 - ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن جاڭ گۇيگۇەن، جاڭ شاڭدې قاتارلىق 11 نەپەر كىشى مورىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ كېلىپ، ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. شۇ چاغدا گومىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان بارىكۆلدىكى بىر باتالىيون ئەسكەر 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كېتىۋېتىپ، مورىدىكى گومىنداڭدىن قالغان ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئازادلىق ئارمىيىگە قارشى تۇرۇش، موري خەلقىنى بۇلاپ - تالاش توپىلىڭىنى قوزغىدى. بۇ، موري تارىخىدا «18 - مارت ۋەقەسى» دېيىلىدۇ. ئۇلار ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئىزدەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئورۇنلاشقان ئىدارە ئورۇنلىرىغا، جۇملىدىن بىزنىڭ ئائىلىمىزگىچە باستۇرۇپ كىرىپ، ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرىنى ئىزدىدى، مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ - تالىدى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە مەسئۇل بولۇپ بارغان ئازادلىق ئارمىيە كوماندىرى ۋېي جىشياڭنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كۆپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى پەقەت ئون نەچچىلا كىشى بولغانلىقتىن كۈچنى ساقلاپ قېلىشقا توغرا كەلدى. ئاتام ئازادلىق ئارمىيىدىكى جاڭ گۇيفاڭ، لىيۇ بىيەنفاڭ قاتارلىق ئىككى



نەپەر ئايال جەڭچىنى ئۇيغۇرچە كىيىندۈرۈپ، بىزنىڭ ئۆيگە يوشۇرۇپ، خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ قالدى. يەنە جاڭ گۇيگۇەن، جاڭ شاڭدې قاتارلىق ئازادلىق ئارمىيىدىكى يولداشلارغا يول باشلاپ، ئۇلارنى ئاق ئېدىر، مالىيەنگو قاتارلىق يەرلەرگە خەۋپسىز ئاپىرىپ قويدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى موري بازىرىدا ئىككى - ئۈچ سائەت بۇلاڭ - تالاڭ ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرىدا شىنخۇ، تاللىق قاتارلىق شەھەر ئەتراپى رايونىغا چېكىنىپ كەتتى. ئاتام جاڭ شاڭدېلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ موري بازىرىدىن مۇشۇ پېتى چېكىنىپ كەتكىنى چىقىپ كەتكەن بولماي، كېچىدە يەنە قايتا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، كەچقۇرۇنلۇقى ناھىيە بازىرىغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەردىن چېكىنىپ كېتىش توغرىسىدا ئاغزاكى ئۇقتۇرۇش قىلدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۈن يېرىمى بولغاندا راستىنلا ناھىيە بازىرىغا قايتىدىن ھۇجۇم باشلىدى، لېكىن بازار ئىچىدە ئادەم بولمىغانلىقتىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. شەھەر ئاھالىلىرى مالىيەنگو، قالقانتاغ يامزاللىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى قوغداپ قالدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ - تالىدى، جۇملىدىن بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇلار ئالغان نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇلاپ - تالىغان ئات - ئۇلاغلارغا ئارتىپ، بىر قىسمى دۆڭتېرەك قاتارلىق جايلارغا بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ماڭدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بولسا، تاڭ ئاتقاندا بۇ توپىلاڭچىلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە كەلگەن ئازادلىق ئارمىيە قوشۇنى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلدى. ئاتام بۇ قوشۇنغا يول باشلاپ، دوڭتېرەك تەرەپكە كەتكەن توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ كەتتى. 19 - مارت كۈنى چۈشتىن كېيىن دوڭتېرەكتىكى بارلىق توپىلاڭچىلار قولغا چۈشۈپ، ھەممىسى

ھەيدەپ كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن مورى ناھىيىسى تىنچلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى ئەمىن تاپتى. توپىلاڭچىلارنى تازىلاشتا ئاتام زور تۆھپە قوشتى.

— ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمىدى. ئوسمان باندىت جانىمقان بىلەن بىرلىشىپ، مورى خەلقىنى بۇلاپ - تالاپ، قازاق چارۋىچىلىرىنى شەرققە كۆچۈشكە، ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا زورلىدى. ئازادلىق ئارمىيىگە قارشى تۇرۇپ، بىر مۇنچە ئېغىر ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1951 - يىلى ئوسمان باندىت قولغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى بىرقانچە يىل قېچىپ يۈرۈپ، بارغانلا يېرىدە خەلقنى بۇلاپ - تالاپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، خەلقنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بۇ چاغدا ئاتام باندىت تازىلاش خىزمىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپلا قالماي، بەلكى بۇ ئىشقا بىۋاستە ئۆزى رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ بېشىغا كەلگەن ھەر خىل خىيىم - خەتەرلەرگە قارىماي، باندىت تازىلاش خىزمىتىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، غەلىبە قازىنىپ، يۇرتنى تىنچلاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى.

1957 - يىلى ئاتام شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كەتكەندىن كېيىن، بوستان، دوپپىرەك قاتارلىق يەرلەردىكى ئۇيغۇرلاردىن ئاز ساندىكى كىشىلەر كوپېراتسىيىلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، توپىلاڭ چىقىرىش ئۈچۈن تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. ئاتام بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئېكسكۇرسىيە ئىشلىرىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا تېزدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزى تاغقا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا كۆكرەك كېرىپ بېرىپ:

— قېنى ئاتساڭلار مېنى ئېتىڭلار، ئالدىڭلارغا كېلىپ بەردىم، — دەيدۇ. ئۇنى كۆرگەن توپىلاڭ چىقارغۇچىلارنىڭ



كاتتىباشلىرىنى سۆز بېسىپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ.

— سىلەرنىڭ بۇ قىلمىقىڭلار ئىنتايىن ئەخمەقلىق. سىلەر مۆتىۋەرلىك يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئەمەسمىدىڭلار؟ سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلار سىلەرنى مۇشۇنداق قىلسۇن دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانمىدى؟ — دەپ، قەھرى - غەزەپلىرى بىلەن ئۇلارنى ئەيىبلىدى. ئۇلارنىڭ پېشانىلىرىدىن مونچاق - مونچاق تەرلەر قۇيۇلۇپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەس بولۇپ قالدى..

— كېرەك يوق! — دېدى ئاتام غەزىپى بېسىلغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئادەم بالىسى دېگەن خام سۈت ئەمگەن، بىرەر يېرىم قېتىم يېڭىلىشمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. سىلەر بۇ خاتالىقىڭلارنى تونۇغان بولساڭلارلا بولىدۇ.

ئاتام يەنە ئۇلارغا پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى بىر - بىرلەپ تەشۋىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

ناھىيىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىدە ئاتام ئۆزى باشلامچى بولۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. ئۆزىنىڭ شىنخۇ، يۈەنچۈەن قاتارلىق جايلاردىكى 100 مودەك يېرىنى دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىغا قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ياقۇپ، ئابلىز دېگەن ئىككى ئۇكىسىنى ئائىلىسى بىلەن كۆچۈرۈپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا، كوپېراتىپ ئەزاسى بولۇشقا ئەۋەتتى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە 18 چارۋىدار بىلەن بىرلىشىپ، 1958 - يىلى بوستان دېگەن يەردە

ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىدىكى «قىزىلبايراق» فېرمىسىنى قۇرۇپ، ئۆزى بۇ فېرمىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

مورى ناھىيىسىنىڭ ئوتلاقلىرى كۆپ، قىشلاقلىرى ئاز، چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى بىلەن ماللارنىڭ يەم - خەشىكى يوق. ئوت - چۆپلىرى بار يەرلەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرلەرنىڭ ئوت - چۆپى يوق بولۇپ، بۇ مورى ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىكى تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زور قىيىنچىلىقلىرى ئىدى. ئاتام بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ۋە ھەل قىلىشتا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى بىلەن، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئاتامنىڭ تېگى - تەكتى ئورپانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆتمۈشتە (كونا جەمئىيەتتە) «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ قىل كۆۋرۈك ئۈستىدە ماڭغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۆز يۇرتىدىن پايدىلىنىپ مورى ناھىيىسىنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. مەسىلەن، ئوتلاق مەسىلىسىدە، ناھىيىمىزنىڭ كۆكلەملىكلىرىدىن پىچان ناھىيىسىگە بىر قىسىم ئوتلاق ئاجرىتىپ بېرىپ، پىچان ناھىيىسىدىن قىشلاق ئېلىپ، ھەر ئىككى ناھىيىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. بۇنداق قىلىش — ئاپتونوم رايوننىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، 1965 - يىلى گۇچۇڭدا ئېچىلغان چارۋىچىلىق خىزمەت يىغىنىدا تۈزۈلگەن «گۇچۇڭ كېلىشىمى» گە كىرگۈزۈلۈپ، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنىپ كەلدى.

سۇ مەسىلىسىدە، چۆرىن، چوڭ ئاق توبە، كىچىك ئاق توبە، قۇشقۇرقاي قاتارلىق يەرلەردىكى ماللارنىڭ سۇ مەسىلىسى، بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، ماللارنىڭ يەم - خەشكى قاتارلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاتام پىچان



ناھىيىسىدىن بىر قىسىم تەجرىبىلىك ئۇيغۇر كارىزچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، مورى تەۋەسىدە كارىز قازدۇردى. نەتىجىدە بۇنداق قىلىش ياخشى ئۈنۈم بېرىپ، نەدە كارىز قېزىلىپ سۇ چىقسا شۇ يەرگە چارۋىچىلار ئولتۇراقلىشىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1958 - يىلى 12 - ئايدا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە لۇڭۋاڭمياۋ سۇئامبىرىنى ياساش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە كىشى سۇ قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندى. بۇ چاغدا ئاتام سىرتقى ئورۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئاپتونوم رايون، ئوبلاستىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن سۆزلىشىپ ئىنژېنېر ۋە تېخنىكا خادىملىرى، تراكتور، سېمونت، پولات ماتېرىياللىرى ۋە راسخوت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئىش ئورنىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ، سۇئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. 1959 - يىلى سۇئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىشلىرى ئاياقلىشىپ خۇلاسە چىقىرىلغاندا، ئاتام سۇ قۇرۇلۇشى بويىچە مەيدانغا چىققان 24 نەپەر ئەمگەك قەھرىمانىنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى.

1972 - ۋە 1973 - يىللىرى ھۆكۈمەتسىزلىك ئىشلىرى كۆچىيىپ، 1965 - يىلدىكى «گۇچۇڭ كېلىشىمى» يوققا چىقىرىلغانلىقتىن، چوڭ لاڭسا دېگەن يەردە پىچان بىلەن مورى چارۋىچىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوتلاق تالىشىش ماجىرالىرى يۈز بەردى. ھەر ئىككى تەرەپ نۇرغۇن ئادەم توپلاپ كېلىپ توقۇنۇشتى. بۇ مەسىلە يالغۇز ئىككى ناھىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئوتلاق تالىشىش مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاپتونوم

رايوننىڭ مۇئاۋىن ۋالىي رەھبەرلىرى ئالدى بىلەن ئاتامنىڭ شۇ يەرگە بېرىپ، ماجىرانى بىر تەرەپ قىلىشىغا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن بۇ چاغدا ئاتامنىڭ مەسىلىلىرى بىر تەرەپ بولماي، تېخىچە نەزەربەنت ئاستىدا تۇرغانىدى. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ناھىيىلىك «ئىنقىلابىي كومىتېت» نىڭ مەسئۇللىرى ئاتامنى ئەق مەيدانغا بېرىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كېلىشكە ئادەم قوشۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ بۇ قېتىم «خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىنى يۇيۇشى» غا بېرىلگەن بىر ياخشى پۇرسەت دەپ قارىدى. ئاتام يولغا چىقىشتىن بۇرۇن: «‹گۇچۇڭ كېلىشىمى›، كىچىك ئىشقا بولسا ئۇ يەرگە بارالايمەن. ئەگەر كىچىك ئىشقا بولمىسا ئاجىزلىق قىلىمەن»، دەپ ئۇنى مۇھىم شەرت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاپتونوم رايوننىڭ بۇيرۇقىدا «گۇچۇڭ كېلىشىمى» بويىچە دېگەن نۇقتىلىق مەسىلە قويۇلغاچقا، ئاتامنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىغا ئوڭايلىق تۇغۇلدى.
ئاتام ئۇ يەرگە بېرىپ ئالدى بىلەن «گۇچۇڭ كېلىشىمى» نىڭ روھىنى ئوتتۇرىغا قويدى، كېلىشىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوتلاقلارنىڭ چېگرىسىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇ جانلىق خەرىتە ئىدى، ناھىيىنىڭ ھەممە ئوتلاق، سۇ، چېگرا ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى «كېلىشىم» دىكى ماددىلار ۋە بەلگىلىمىلەرگە تامامەن ئوخشاش چىقتى. ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرى بۇ جانلىق خەرىتىگە ھەيران قېلىشتى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ «گۇچۇڭ كېلىشىمى» بويىچە ئىش كۆرۈش مۇھىم شەرت قىلىنغاچقا، بۇ توقۇنۇش ئوڭاي ھەل بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ناھىيىنىڭ ئىتتىپاقى كۈچىيىپ، بىر - بىرىگە ياردەملىشىشى بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى.
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، پارتىيە 11 -



نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىلارنى شەخسلەرگە كۆتۈرەگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىسلاھات چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسىلىشكە باشلىدى. چارۋا ماللارنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتلاقلاردىن بوز يەرلەر ئېچىلىپ، ئوتلاقلار تارىيىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مورى ناھىيىسىنىڭ قىشلاقتا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ ئاشتى. 1979 - يىلى ناھىيە باشلىقى قالبەك تورپان ۋىلايىتىدىن قىشلاق سوراپ كېلىش ئۈچۈن، پىنسىيىگە چىقىپ كەتكەن ئاتامنى تورپان ۋىلايىتىگە بىللە ئېلىپ بېرىپ، تورپان ۋىلايىتىنىڭ قىشلاقلىرىدىن مورى ناھىيىسىگە ئازىراق يەر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ قوشنا ناھىيىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مورى ناھىيىسى پىچاننىڭ ئۈلۈقسۇ دېگەن يېرىدە مورى چارۋىلىرىنى قىشلىتىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىنى قۇرۇپ، ھەر يىلى قىشتا خېلى كۆپ چارۋا مالنى پىچان ناھىيىسىنىڭ قىشلاقلىرىدا قىشلىتىدىغان بولدى.
ئاتام تۇرسۇن خېلىلوپنىڭ مورى ناھىيىسى ۋە مورى خەلقى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن بۇ ئەجىرلىرى ۋە قوشقان تۆھپىلىرى تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

## چەكسىز ئىشەنچ، زور مەدەت، يۇقىرى باھا

ئاتام تۇرسۇن خېلىلوپ باشتىن ئاخىر خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا ھەسسە

قوشقانلىقى، ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قىزغىن سۆيۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا ماڭغانلىقى ھەمدە مورى ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولدى. پارتىيىنىڭ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكى ئۇنىڭغا زور مەدەت بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى بىلەن مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ جېن قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئالتۇن مېدال، ئالتۇن قەلەم بىلەن مۇكاپاتلاندى. بۇ رەھبەرلەر شىنجاڭنىڭ ئازاد بولغانلىقى، كورەشنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئاخىرلاشمىغانلىقىنى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي يېڭى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، مورى ناھىيىسىدىكى تولۇق تازىلىنىپ بولۇنمىغان باندىتلارنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلارنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ غەيرىتىگە تېخىمۇ زور ئىلھام بەردى.

ئاتام 1952 - يىلى، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان شەرققە كۆچۈپ كەتكەن قازاق خەلقلىرىدىن ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولۇپ گەنسۇ - چىڭخەيلەرگە باردى. 1957 - يىلى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، پايتەختىمىز بېيجىڭنى ۋە 18 ئۆلكە، رايون، شەھەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئۇلار بىلەن خاتىرە



سۈرەتكە چۈشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 2 -، 3 -، 4 - ۋە 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئۇنتۇلغۇسىز زور ئىش ئىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئۇنىڭ بۇ تۆھپىلىرىنىڭ ھەممىسى جىنايەت بولۇپ، بىرقانچە خىل چوڭ قالپاقلارنى كېيىپ، ئاممىۋى دىكتاتۇرا تۈرمىلىرىدە ئۈچ يىل يېتىپ، ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، پارتىيىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتمىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، سىياسەت ئەمەلىيلەشكەندە ئۇ پەرزەنتلىرىگە: «سىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا پارتىيىگە ئىشىنىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇڭلار، بۇ ئەڭ مۇھىم نۇقتا» دەپ تەربىيە بېرىپ كەلدى.

ئاتام تۇرسۇن خېلىلوپ ھايات ۋاقتىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەنىدى. ۋاپات بولغاندىمۇ ئۇنى قەدىرلەپ يەرلىككە قويدى. ناھىيىمىزدە قايسى بىر كىشى ۋاپات بولغاندا پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇنىڭغا خاتىرە گۈمبىزى تىكلىگەن؟ پەقەت ئاتام تۇرسۇن خېلىلوپقىلا شۇنداق قىلدى. ناھىيە، ئوبلاستنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئاتامغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەردى. ئاتام يەنە «جۇڭگودىكى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى. ناھىيە، ئوبلاست دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت تەزكىرىلىرى ۋە سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئاتامنىڭ ئىش ئىزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇن بېرىلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇ ئىشلەپ كېتەلمىگەن ئىشلارنى بىزنىڭ داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا مەدەت بېرىدۇ. مەن بۇلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، مەرھۇم ئاتامنى چەكسىز سېغىنىمەن. ئاتامنى

هەر قېتىم ئويلىغىنىمدا پارتىيىگە بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

ئىمزاھات:

ئاتامنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى قۇربان ھاجى، ئۇ فامىلىسىگە بوۋىسى خېلىل ھاجىنىڭ ئىسمىنى قوللىنىپ كەلگەنلىكتىن؛ ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئارخىپلاردا تۇرسۇن خېلىلوپ، دەپ قالدۇرۇلغان.

(ئاپتورى: مورى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# كورلا خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى ھەققىدە ئەسلىمە

مۇھەممەت ئىسمايىل

كورلا خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى توغرىسىدا باشقا يولداشلار ئەسلىمە يازارمىكىن، دەپ خېلى كۈتتۇم، لېكىن بۇ ھەقتە ھازىرغا قەدەر بىرەرسى ئەسلىمە يازمىدى، ئىلگىرى يېزىشقا نىيەت قىلغان بولسامۇ، ئالدىراشلىق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن يازالمىغانىدىم. بەزى كىشىلەر يالغان تارىخ ياساپ، ئۆزىنى «مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىدۇق» دەيدىغان ئەھۋاللار بار ئىكەن. تارىخقا كۆز بوياپچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا مەن بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەقىقىي ئەزالىرى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى ھەققىدە بۇ ئەسلىمىنى يازدىم.

## تەشكىلاتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەققىدە

گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، قانخور شېڭ شىسەي كومپارتىيىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى؛ شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ بىرلىشىپ چوڭ مىللەتچىلىك، مىللىي كەمسىتىش قاتارلىق چىرىك سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، قانداقتۇر «ئۇرۇقداش، نەسلىداش» دېگەندەك بىمەنە سۆزلەر

بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «مۇستەقىل مىللەت» ئىكەنلىكىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى، گېزىت - ژۇرنال تەشۋىقاتىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل سېلىق، ئالۋان - ياساقنىڭ ئېغىرلىقى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، پۇل پاخاللىقى، ئاشلىق، ماي بىلەن تەمىنلىمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، ئۆلۈم - يىتىم كۆپەيدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قوزغىلىپ، دۈشمەننىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى كۈچلىرىنى يوقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

تۇرپان، توقسۇن، قۇمۇل، تاشقورغان قاتارلىق جايلاردىمۇ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى. جۈملىدىن ئۈرۈمچىدىمۇ كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە بىر قىسىم ھەر مىللەت زىيالىيلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىك سىياسىتى، مىللىي كەمسىتىشلىرىگە قارشى كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى. مانا شۇ يۇقىرىقى مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى، ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرەم ئابباسوپلارنىڭ بىۋاسىتە كۆرسەتمىسى، يەتتە ۋىلايەتتىكى بۇرھان شەھىدى قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن، 1945 - يىلى سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان ئىككى خەلقچىل ياشلار گۇرۇپپىسى ئاساسىدا 1946 - يىلى ئۈرۈمچىدە «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى»



قۇرۇلغانىدى.

1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىمزالانغان «11 بىتىم»نىڭ روھىغا ئاساسەن، شۇ يىلى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ بېكىتىلگەن قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن كورلىدىمۇ «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلغانىدى. بۇ تەشكىلاتقا قۇربان قۇربانوپ باشلىق، ھەسەن ھەسەنوپ، مۇھەممەت ئىسمايىل، زىكرۇللا راخمان، تەلئەت سۇخانوپلار ئەزا ئىدى. 1947 - يىلى قۇربان قۇربانوپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ «شىنجاڭ خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن، «كورلا خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» «شىنجاڭ خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ شۆبىسى بولغانىدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى يۇلتۇز رايونىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭچىلار پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، يۇلتۇز رايونى كۆئېنلۈن تاغ تىزمىلىرى بىلەن خېجىڭ، كورلا تۇتىشىدىغان جايدا بولغاچقا، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

كورلا ناھىيىسىدىكى بىر باتالىئون ئەسكەر ياۋۇزلۇقتا ئۇچىغا چىققان بولۇپ، يەرلىك پارىخور ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىش، بۇلاش، قاماش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى.

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، «كورلا خەلقچىل ياشلار شۆبە تەشكىلاتى» ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانىسى بويىچە گومىنداڭنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خەلققە تونۇشتۇرۇش، «11 بىتىم»نى تەشۋىق قىلىش ۋە «11 بىتىم»گە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جىنايى ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىش مەزمۇن قىلىنغان تەشۋىقات كۈرىشىنى قانات

يايدۇرۇۋەتتى. بۇ ھەرىكەتنى تاكى شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن مەلۇم تۆھپە قوشتى (1948 - يىلى 3 - ئايدا قۇربان قۇربانوپ باش تەشكىلاتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كورلا ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي خەرىتىسى بىلەن يۇلتۇز رايونىدىن كورلا ناھىيىسىگىچە بولغان ئومۇمىي ئەھۋال تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىيالىنى باش تەشكىلاتقا يوللاپ بەرگەن، بۇ ماتېرىياللار ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ كورلىغا كىرىشىدە مەلۇم رول ئوينىغان).

## شۆبە تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

«11 بىتىم»نى تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرى پاش قىلىندى. «11 بىتىم» بۇزۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ بۈيۈك نەتىجىلىرى، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ سوقۇشتىكى جەسۇرلۇقى، جەڭ نەتىجىلىرى تەشۋىق قىلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدىكى پىتنە - ئىغۋالىرىغا رەددىيە بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدىكى باش تەشكىلاتتىن ئەۋەتىلگەن «تاڭ نۇرى»، «كۈرەشكە ئاتلان»، «غالىبىيەت ساداسى» قاتارلىق مەزمۇنلاردا بېسىلغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن گېزىت - ژۇرناللار مەخپىي ھالدا تارقىتىلىپ، تەشۋىقات پائالىيىتىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، كورلىدىكى گومىنداڭ پارىخور ئەمەلدارلىرىنىڭ



جىنايەتلىرى پاش قىلىنىپ، كەڭ ئاممىنى ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىتىلدى.

1948 - يىلى 8 - ئايدا، تۇنجى قېتىم تەشۋىقات ۋەرەقى تارقىتىلدى، شۇ قېتىم 2000 نۇسخا بېسىلىپ، مېنىڭ ئۆيۈمدە ساقلىنىپ، مائارىپ خادىملىرى ئارقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە ھەرقايسى يېزىلاردىكى مەكتەپ، مەسچىتلەرگە چاپلاندى. تەشۋىقات ۋەرەقى تارقىتىلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى. تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ئۈرۈمچىدىكى باش تەشكىلاتقىمۇ يوللاندى.

1949 - يىلى 5 - ئايدا، 2 - قېتىملىق تەشۋىقات ۋەرەقى 2500 نۇسخا تارقىتىلدى. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى «خەلق دۈشمەنلىرى يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ!» دېگەن تېمىدا بولۇپ، گومىنداڭنىڭ پارىخورلۇقى، خەلققە سالغان ئېغىر سېلىقلىرى، بۇلاش، تالاش، ئۇرۇش، قاماش قاتارلىق جىنايەتلىرى پاش قىلىنغان؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پات ئارىدا غەلىبە قىلىدىغانلىقى، دۈشمەننىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ مەزگىل خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال چېگرىسىغا كېلىپ قالغان، كورلا ھاكىمى قادىر جاللاتنىڭ ھاكىملىقى ئەمەلدىن قالغان ۋاقىت بولۇپ، تەشۋىقات ۋەرەقىنى كۆرگەن كەڭ خەلق ئۇيغۇر ئويۇشمىسىغا كېلىپ، بۇ ئىشتىن بەك خۇشال بولغانلىقىنى ئېيتىشقانىدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇ تەشكىلات يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەشكىلاتنىڭ يىغىن قارارى بويىچە، ئۇيغۇر ئويۇشمىسى مائارىپ خادىملىرىنى ئاساس قىلىپ، زىيالىيلار مەجلىسى ئېچىپ،

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى كەڭ ئاممىغا تەشۋىق قىلىشنى، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇشقا ھەرىكەتلەندۈرۈلدى. تەشۋىقات ئەترەتلىرى تەشكىل قىلىنىپ، ھەر جۈمە كۈنى چوڭ جامە مەسچىتى ئالدىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشتىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناغرا - دۇمباق، ناخشا - ئۇسسۇللۇق تەشۋىقات ئەترەتلىرى بىلەن ناھىيە بازىرىغا چىقىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئون نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىش» گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مەن گۇرۇپپا باشلىقى، زىكرۇللا مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدۇق. بىز ئاساسەن قىسىمنىڭ قونالغۇ، يېمەك - ئىچمەك، ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشىكى قاتارلىق ئارقا سەپ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتۇق.

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرى، باش تەشكىلاتتىن شۆبە تەشكىلاتقا بىر ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇقتۇرۇشتا: «ئازادلىق ئارمىيە 6 - كورپۇسىدىن گاۋ شۇرېن دېگەن يولداش قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىگە مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ بارىدۇ، تەشكىلاتىمىزلارنى شۇ كىشىگە تونۇشتۇردۇق، سىلەر مۇشۇ ئۇقتۇرۇشىمىزنى ئېلىپ بېرىپ، گاۋ شۇرېندىن يوليورۇق ئېلىپ، تەشكىلاتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىڭلار ...» دېيىلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن شۆبە تەشكىلاتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ،



12 - ئايدا قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىگە باردىم. ئۇ يەردە يولداش گاۋ شۇرېن بىلەن كۆرۈشۈپ، خۇ نەييۇڭ دېگەن تەرجىمان ئارقىلىق شۆبە تەشكىلاتنىڭ قىلغان مۇھىم خىزمەتلىرى ۋە تەشكىلات ئەزالىرىنى دوكلات قىلدىم. تەشكىلات ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم، يولداش گاۋ شۇرېن شۆبە تەشكىلاتنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ: «شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، ئەمدى تەشكىلاتىڭلار-نىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ئاياقلاشتى، مەن سىلەرنى كورلىغا بارغان ئازادلىق ئارمىيە 18 - پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ياڭ خۇەنيىڭگە تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرەي، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى سىياسىي كومىسسار ياڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە قىلىڭلار» دەپ بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى. مەن خەتنى ئېلىپ كورلىغا قايتىپ بېرىپلا سىياسىي كومىسسار ياڭغا تاپشۇرۇپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن خەتتە ئىسمى يېزىلغان تەشكىلات ئەزالىرىنى ماشىنا بىلەن 18 - پولك سىياسىي بۆلۈمگە ئېلىپ بېرىپ، پولك كوماندىرى ۋە ياڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇلار بىزنىڭ قىسقىچە دوكلاتىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كومىسسار ياڭ: «ناھىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا سىلەردەك ئىلغار ياشلارغا تايانماي بولمايدۇ، سىلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق سىياسىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى يولداش جاڭ شۇي بىلەن ئالاقىلەشسەڭلار بولىدۇ» دەپ جاڭ شۇينى بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ بىز تەشكىلاتنىڭ بارلىق ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى جاڭ شۇيگە تاپشۇرۇپ بەردۇق. جاڭ شۇي سىياسىي بۆلۈم باشلىقلىرى قاتناشقان يىغىندا تەشكىلاتنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىدىن دوكلات قىلدى. پولك كادىرلىرى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى.

1950 - يىلى 1 - ئايدا، 18 - پولك سىياسىي بۇسىدا يىغىن

ئېچىلدى، يىغىندا سىياسىي كومىسسار ياڭ تەشكىلاتنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، تەشكىلاتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 18 ـ پولك تەشكىللىگەن يېزا سىياسىي خىزمەت ئەترىتىگە قاتنىشىپ، مەن 3 ـ رايون خىزمەت ئەترىتىگە، زىكرۇللا 4 ـ خىزمەت دۈيىگە قاتنىشىپ، ئىنقىلابىي خىزمەتنى باشلاپ كەتتۇق. يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەسەنوپ توقسۇ ناھىيىسىگە، مەن كورلا ناھىيىسىگە، زىكرۇللا راخمان چەرچەن ناھىيىسىگە ھاكىم بولدۇق. قۇربان قۇربانوپ قاراشەھەر ۋىلايەتلىك پارتكوم گېزىتخانىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولدى.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت



# يۇلغۇنلۇقتا ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ گېنېرالى گوچى

ئابدۇللايوپ مۇزەپپەر

مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭ ئورۇش سېپىدىكى ئاساسىي قىسىملىرىدىن غۇلجا 2 ـ پولكى بىلەن ئارتىلىرىيە دىۋىزىيونى داخىياگۇزىدا (داخىياگۇزا 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىشغال قىلىنغان)، تىكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى ئاچال داۋىنىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى تاغلىق رايوندا، غۇلجا 4 ـ زاپاس پولكى غۇلجا ۋە كۈرەدىن قوزغىلىپ سەنتەي، ستەي ۋە ئۈننىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندا ئورۇش بۆيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى. خۇيزۇ دىۋىزىيون، شىبە ئىسكادرون، غۇلجا 2 ـ پولكىنىڭ بىر ئىسكادرونى، غۇلجا 4 ـ زاپاس پولكىنىڭ 1 ـ ئىسكادرونى يۇنجىخونى تالىشىش جېڭىدە دۈشمەننىڭ ئايروپىلان ۋە ئېغىر قوراللار بىلەن بومباردىمان قىلىشى ھەم قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، بەزىدە ئىلگىرىلەپ، بەزىدە چېكىنىپ، دۈشمەننى بەش ئايغا يېقىن بەند قىلىپ تۇتۇپ تۇردى.

شىخوغا ھۇجۇم باشلانغان كۈنلەردە، دۈشمەننىڭ جەڭ مۇداپىئەسىنىڭ 1 ـ لىنىيىسى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يۇنجىخونى، 2 ـ لىنىيىسى 7 ـ كۈنى باجاخۇنى ئىشغال قىلدى. 3 ـ لىنىيىسى جىڭ بازىرىدا بولۇپ، جىڭ دەرياسى تەبىئىي توساق بولغانلىقى ئۈستىگە، جىڭ بازىرىنى چۆرىدەپ كۆپلىگەن

پوتەيلەرنى ياسىغان، ئەتراپتىكى ئۆيلەرنى ئۆرۈپ، ئوق ئېتىشقا كاشىلا قىلىدىغان دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ، كۈچلۈك ئوت تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، جىڭ دەرياسىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىۋالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، جىڭ بازىرىنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىنى ئايلاندۇرۇپ خەندەك كولاپ ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرغان، مىنا كۆمۈپ تىكەنلىك سىملار تارتقان بولغاچقا، جىڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىر ئىسكادرون كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، جىڭ دەرياسىنىڭ ئاياق تەرىپىدىن ئۆتۈپ جىڭنىڭ شىمالىي يان تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى. تىكەس ئاتلىق پولكىنىڭ ئىككى جەڭگىۋار گورۇپپىسىمۇ جىڭ دەرياسىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ، دەريا ياقىسىدىكى ئۈچ پوتەيىنى پارتىلىتىپ، پۇت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسىغا ئىگە بولدى.

لېكىن، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە جىڭ مۇداپىئەسىنىڭ قوماندانى گوچى قىسىملىرىنى باشلاپ شىخوغا قاراپ قاچتى. قاراتۇمشۇق، قۇمبۇلاق، تاللىق ۋە كۆلئۆتەك ئەتراپلىرىدىكى پارتىزانلار ئۇلارغا توسۇپ زەربە بەردى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق جەڭگىۋار گورۇپپىلىرى ئوتتۇرىدىن بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلارنى بۆلۈۋەتتى. ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭغان مىللىي ئارمىيە ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈك زەربە بېرىشى بىلەن، ئۇلار نۆۋەتلىشىپ توسۇپ چېكىنىپ جەڭ تەرتىپى قالايمىقانلاشقان ھالدا تاشيول ۋە ھارۋا يوللىرىنى بويلاپ شىخو تەرەپكە قاچتى. گوچى پورتاجىغا يېقىنلاشقاندا، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىخونى ئازاد قىلغۇچى قىسىملىرىدىن موڭغۇل دىۋىزىيونى بىلەن تارباغاتاي ئاتلىق پولكىنىڭ بىر دىۋىزىيونى پورتاجى، خاتۇبۇقا، ھاشىم بۇلاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان پىستىرمىنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر تالاپەت تارتتى ۋە پارچىلىنىپ كەتتى.



گوچى ھودۇقۇپ، چېچىلىپ كەتكەن پىيادە قىسىملىرىنى تاشلاپ، بىر ئىسكادروننى ئەگەشتۈرۈپ، ئاۋۋال تاغ ياقىلاپ، كېيىن سولغا بۇرۇلۇپ چىڭشۇ تەرەپكە قاچتى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ جىڭغا ھۇجۇم قىلغۇچى ئاساسىي قىسىملىرى گوچىنىڭ توسۇپ تۇرۇشقا قالدۇرغان قىسىملىرىنىڭ قارشىلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزلەردە جىڭنى ئازاد قىلدى. شىخودىن قاچقان دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى مىللىي ئارمىيىنىڭ قوغلىغۇچى قىسىملىرى ۋە پارتىزانلارنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن، شىخو - ئۈرۈمچى تاشيولى ۋە ھارۋا يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قېلىن ئورمانلىق، تاغ ۋە ئېدىرلىقلاردا پىتىراپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىسىملاردىن تارباغاتاي 6 - پولكىنىڭ ۋزۋوت كوماندىرى مايىستوپ ئابلىمىت ۋە روزىسىيوپ ھادىلار 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كۆيتۇندىن ئۆتۈپ يەنسىخەي ئورمانلىقىدا دەم ئېلىۋاتقاندا، ئورتا يۆنىلىش شتابىدىن مايور ئابدۇراخمان (ھازىر نەدىلىكى نامەلۇم) ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىدۇ - دە، شامال چىقمىغان ئەھۋالدا يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ لىڭشىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. جەڭچىلەرنىڭ «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن، يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن بىرسى قول كۆتۈرۈپ چىقىپ كېلىدۇ. يېشى 50 ئەتراپىدا، ئۈستىگە گومىنداڭنىڭ ئادەتتىكى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆك رەڭ يازلىق ئىشتان - چاپىنىنى، ئىچىگە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئىچ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئوتتۇرا بوي بۇ ئادەم يا ئاشپەزگە، يا ھارۋىكەشكە ياكى ئات باقارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ، يالاڭباش، چاچ قويغان، پۇتىغا قونچلۇق قاراخۇرۇم بەتىنكە كىيگەن، قولىغا سائەت تاقىغان بولۇپ، چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى چاپاقلىشىپ قىزىرىپ كەتكەن، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەنىدى.

مايىتوپ «سەن كىم بولىسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ بەتىنكىسىنىڭ قونجىدىن ئىككىلىك قەغەزنى چىقاردى. ئۇنىڭغا «گوچى» دېگەن ئىككى خەت يېزىلغانىكەن. ئۇ باشقا گەپ قىلماي، «بىرنەچچە كۈن بولدى، ئاچ قالدىم، ماڭا يەيدىغان بىر نەرسە بېرىپ، ئاندىن سوراق قىلساڭلار» دېدى. ئۇنىڭ يېنىنى ئاقتۇرغاندا، ئۇنىڭدىن يان قورال، دۇربۇن، سائەت قاتارلىق نەرسىلەر چىقتى. گوچى: «سىلەر مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئېلىۋالدىڭلار، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىسىلەر» دېۋىدى. مايىتوپ: «ما گۈيسنى قارا! جېنىنىڭ قايغۇسىدا بولماي، ئەسىر چۈشۈپ تۇرۇقلۇق، تېخىچە چوڭ سۆزلەۋاتىدىغۇ؟» دەپ غەزەپلىنىپ، ئۇنى بىر مۇشت ئۇردى. مايور ئابدۇراخمان: «ئۇ نېمە دەيدۇ؟» دېۋىدى، مايىتوپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئاندىن ئابدۇراخمان: «سىز ئۇنى ئۇرۇپ خاتا قىلدىڭىز، ئەسىرگە مۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك. ئۇ، جىڭ ئۇرۇشىنىڭ قوماندانى گېنېرال گوچى ئىكەن، ئۇنى تېزدىن شىخوغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار» دېدى.

مايىتوپلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، يەنىسىخەي بىلەن قىرىققۇدۇق ئارىلىقىدىكى ئورمانلىققا مۆكۈنگەن 24 گومىنداڭ ئەسكىرىنى بىر ستارشى لېيتېنانت دەرىجىلىك مال دوختۇرى بىلەن بىللە ئەسىرگە ئالدى ۋە ئۇلاردىن تۆت پىلىموت، 19 مىلتىق، ئوق، گىرانات قاتارلىقلارنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ مال دوختۇرى مايىتوپلار قورال - ياراق ئارتىۋالغان بوز خېچىرنى كۆرۈپ: «بۇ، گېنېرال گوچىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى مىنىپ يۈرىدىغان خېچىرغۇ؟» دېدى. كېيىن ئۇنىڭدىن ئىچكىرىلەپ سورىغاندا، ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن:

ئۇلار جىڭ مۇداپىئەسىدە تۇرغان گوچى مەخسۇس ئىشقا سالىدىغان ئىسكادروننىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن شىخودىن



پىتىراپ قاچقان شۇ يىغىنىڭ ئەسكەرلىرى ئورمانلىقتا ئۇچرىشىپ بىللە بولۇپ قالغان. گوچى باشلاپ ماڭغان ئىسكادرون چىڭشۇ ئەتراپىدىكى ساسلىقتا، بولۇپمۇ كۈيتۇن دەرياسى ياقىسىدىكى خاڭگۈڭ دېگەن يەردىكى ساسلىقتا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى لاتقا ۋە پاتقاقلارغا پېتىپ قېلىپ، بەزى ئاتلار غەرق بولۇپ كەتكەن؛ ئاتسىز قالغان ۋە ئاتلىرى ھېرىپ قالغانلار داۋاملىق ئارقىدا قېلىۋەرگەن. 40 قا يېقىن ئاتلىق ئەسكەر كىنگەنچېننىڭ شەرقىدە پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بىر - بىرسىگە قارىماي، ئورمانلىق ئىچىدە پىتىراپ شەرق تەرەپكە قاچقان؛ گوچىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ گوچىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار گوچىنى كۆرمىگەن. گوچى ياپونىيە ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئىككى نۆۋەت ئەسىر چۈشكەن ۋە ھەر ئىككى نۆۋەت تۆۋە قىلىپ، كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىلگەن. ئۇ، ھەر ئىككى قېتىمدا پىتىراپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى داۋاملىق ئۇرۇش قىلغاچقا، دەرىجىسى قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ، ئاتاقلىق گېنېراللاردىن بولۇپ قالغان؛ كېيىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن. جىڭ مۇداپىئەسىدە تۇرغاندا ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان بىر ئوددىلىنىيە ئاتلىق مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، ئۇلارنى ستارشى لېيتېنانت دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېر باشقۇرغان. مايىتوپلار قورال - ياراق ئارتىۋالغان بوز خېچىر ئاشۇ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ خېچىرى ئىكەن.

مايىتوپ يۇقىرىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: گوچىنىڭ تەپ تارتماي «بىرنەچچە كۈندىن كېيىن نەرسىلىرىمنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىسىلەر» دېگىنى ئۇنىڭ بۇرۇنمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قويۇپ بېرىلگەنلىكىگە ئاساسەن ئېيتىلغانىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ نۆۋەت ئاسان قۇتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس،

دېگەن. قېرىشقاندەك، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، شىخودىن ئادەم كېلىپ، گوچىنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇ ئادەم: «يان قورال بىلەن دۇربۇننى ئېلىۋالغىنىڭلار توغرا بوپتۇ. لېكىن، ئەسىرلەرنىڭ خۇسۇسىي نەرسىسىگە تەگمەسلىك كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭلار» دېگەن. گوچىنى شىخو ۋە ئىلى باش ساقچىدا، پالىنوپ (رۇس، مىللىي ئارمىيە قوماندانى)، ئىلى باش ساقچىنىڭ باشلىقى نەبىجان، ماسكالوپ (رۇس)، رەخىموپ (گومىنداڭ قولغا ئالىدىغان چاغدا ئۈرۈمچىدىن قېچىپ سوۋېتكە ئۆتۈپ كەتكەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا قايتىپ كېلىپ، ئارمىيە ۋە ساقچى ساھەسىدە ئىشلىگەن) قاتارلىق كىشىلەر سوراق قىلغان. گوچىدىن جىڭدىن قېچىشىدىكى سەۋەبلەرنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

مەن قاچمىدىم، چېكىندىم. چېكىنىشتىكى سەۋەب: شىخو ئۇرۇش مەيدانىنىڭ قوماندانى شې يىفىڭ ماڭا «ئەھۋال بەك جىددى، چېپىيزى بىلەن كونا شىخو قولدىن كەتتى، ئەمدى قارادۆڭنىمۇ قولدىن كېتىش خەۋپى بار» دەپ رادىئوگرامما بەرگەنىكەن. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېچە سائەت 11 لەردە يەنە «قارادۆڭمۇ قولدىن كەتتى، شىخو خەۋپ ئاستىدا، تېز قايتىپ بىزگە قوشۇل، بولمىسا ھەر ئىككىمىز تۈگىشىمىز» دەپ رادىئوگرامما بېرىپتۇ. شىخو قولدىن كەتسە، بىزنىڭ ئارقا سېپىمىز يوق بولىدۇ. ئۇ چاغدا جىڭ يېتىم ئارالغا ئوخشاپ قېلىپ، ھەرقانچە تىركەشسەممۇ ئاخىر مەغلۇپ بولۇشتىن قۇتۇلغىلى بولمايتتى. چېكىنىپ چىقىپ شىخونى ساقلاپ قېلىش، يەر شارائىتى ۋە ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىن ئېيتقاندا، بىردىنبىر چارە ئىدى. شۇڭا چېكىندىم. ئەگەر رادىئوگرامما بېرىپ مېنىڭ چېكىنىشىمنى ئۇقتۇرمىغان بولسا،



چېكىنمەيتتىم. چۈنكى، مەن بارلىق تەجرىبەمنى ئىشقا سېلىپ جىڭ مۇداپىئەسىنى قۇرۇپ چىققانىدىم، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ يېرىم يىلغىچە پۈت تىرەپ تۇرالايتتىم. مەن چېكىنگەندە نۆۋەتلىشىپ يول توسۇپ تۇرۇپ ماڭدۇق، قاراتۇمشۇق ۋە قومبۇلاقتىكى قىسىملارمۇ توسۇپ ئۇرۇش قىلدى. لېكىن، سىلەرنىڭ ئاتلىق قىسىم بىلەن پارتىزانلار تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ ۋە ئوتتۇرىدىن يېرىپ كىرىپ پارچىلىۋەرگەچكە، كوماندىر ئەسكەرلەرگە ئىگە بولالماي، قالايمىقانلىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىق ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك بىزنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى.

گوچى ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: مەن ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭغان. قىسىمنىڭ ئارقىسىدا كېتىۋاتاتتىم. ئاتلىق قىسىملار ئارقىمىزدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلدى، يەنە پورتاجى ئەتراپىدا بۆكتۈرمىگە دۈچ كەلدۇق. ئەھۋال بەكمۇ جىددىي ئىدى. ۋاقىت بىر ئازلا قولدىن كەتسە، ئۇزۇل - كېسىل تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىمىزغا كۆزۈم يەتتى. ئەمدى قالايمىقان قېچىۋاتقان پىيادە قىسىملار بىللە مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاغ ياقىلاپ شىخوغا كىرىپ كېتەي دېسەم (بۇ چاغدا شىخونى «مۇھاسىرىدە تۇرۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغان)، تاغ رايونىدىكى پارتىزانلاردىن ئېھتىيات قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن پىيادە قىسىملارنى تاشلاپ، سولغا بۇرۇلۇپ بىر كەنتنىڭ (قاراجىگدە كەنتى بولسا كېرەك) غەرب تەرىپىنى ياقىلاپ، ساسلىق، قومۇشلۇق، ئورمانلىقلاردىن، ئاندىن چىگىشۇ دەرياسىدىن ئەستە ئۆتۈپ كېتىۋاتساق، كالىسىنى يوقىتىپ قويۇپ ئىزدەپ يۈرگەن بىر موڭغۇل ئۇچراپ قالدى. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن شىخونىڭ مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ

بولغانلىقىنى ئۇقۇپ ھەيران قالدىم. چۈنكى، شىخونىڭ مۇداپىئەسى جىڭنىڭ مۇداپىئەسىدىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەر شارائىتى مۇداپىئەگە ئەپلىك بولۇپ، تانكا قىسىملىرىمىزمۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئەمدى ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچماي بولمايتتى. ئاتلار چارچىغان، ئۆزىمىزمۇ ئۇيقۇسىز، دەم ئېلىپ ئاتلارنى ئوتقا قويۇپ تويدۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. يوللاردا يەڭگۈشلەشكە ئات ئۇچرىمىدى. كەنتلەرگە كىرىپ ئات ئېلىشقا پېتىنالمىدۇق. ھېلىقى موڭغۇلغا: بىزنى مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار يوق يەرلەر بىلەن باشلاپ مېڭىپ، ماناسقا يەتكۈزسەڭ، ساڭا جىق پۇل بېرىمەن. ئەگەر خاتا باشلىساڭ، ئېتىپ تاشلايمەن، دېدىم. موڭغۇلنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېتىنى ھېرىپ قالغان بىر ئاتقا ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى ئارىغا ئېلىپ ماڭدۇق. ئۇ بىزنى شىخو بىلەن چېپەيزى ئارىلىقىدىكى ئادەم يوق، يولسىز ساسلىق، قومۇشلۇق ۋە قېلىن ئورمانلىقلار بىلەن باشلاپ ماڭدى. ئەمما، كۈيتۈن دەرياسىدىن ئۆتكىچە ئاتلار پاتقاقتا پېتىپ قالدى، ھەتتا بىرنەچچە ئات لاتقىغا غەرق بولۇپ كەتتى. پاتقاققا پېتىپ قالغان ئاتلارنى چىقىرىمىز دەپ ھەپىلىشىپ تۇرۇۋېرىش خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا، پېتىپ قالغان ئاتلارنى تاشلاپ، پىيادە ئەسكەرلەرنى باشقىلارنىڭ ئاتلىرىغا مىنگەشتۈرۈپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. ئېتى ھېرىپ قالغانلار داۋاملىق ئارقىدا قېلىۋەردى. بۇنىڭغا باشقىچە ئامالىمىز بولمىغاچقا، ئالدىمىزدا دەم ئالىمىز، ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كېلىڭلار، دەپ قويۇپ تاشلاپ كېتىۋەردۇق. يولسىز جاڭگاللىقلاردا ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن، يولنى ئاۋۇتالمىدۇق. ئىككى سوتكىدىن ئارتۇق يول ماڭغانلىقىمىزدىن، ئاتلار ئاچ قېلىپ، ھېرىپ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈشكىمۇ ھالى قالمىدى. ئۆزىمىزمۇ ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىقتىن دەرمانسىزدىن



كەتتۇق. تۈن قاراڭغۇسىدا ئورمانلىق ۋە قومۇشلۇق ئىچىدە دەم ئالماق بولۇپ ئاتلارنى ئوتقا قويۇپ، ئۆزىمىز ئۇخلاپ كېتىپتىمىز. پوستمۇ ئۇخلاپ قاپتۇ. ھېلىقى موڭغۇل باغلاقتىن بوشىنىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئاتلارنى ھەيدەپ قېچىپتۇ. يېنىمدىكىلەر: ئۇخلاپ قالغان پوستنى ئېتىۋېتىش كېرەك، دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستۇم. قېچىپ كەتكەن موڭغۇلنىڭ پارتىزانلارنى باشلاپ كېلىش خەۋپى بولغاچقا، ئورمان ئىچىدە تارىلىپ كەتكەن ئاتلارنى قاراڭغۇدا تاپالماي، ئاران ئون نەچچە ئاتنى تېپىپ شەرققە قاراپ مېڭىپ كەتتۇق. تاڭ سۈزۈلگەندە ئارقىمىزدىن تۇيۇقسىزلا پارتىزانلار چىقىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن ئېتىشىپ قالدۇق. لېكىن، ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى مۆلچەرلەپ، ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. پارتىزانلار قاچقان ئەسكەرلەرنى قوغلاپ كەتتى. مەن ئاتتىن ئايرىلىپ قالغاندىم، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي، يۇلغۇنلۇق ئىچىدە مۆكۈنۈپ ياتتىم. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى مېنى سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلار كۆرۈپ قالدى، قارشىلىق قىلىش ئورۇنسىز ئىدى. ئاخىر تەسلىم بولدۇم.

سەن نېمىشقا گېنېراللىق كىيىمىڭنى تاشلاپ ئەسكەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالدىڭ؟ دېگەن سوئالغا ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: شىخو قولدىن كەتكەننى ئاڭلاپ، ئەمدى تۈگەشتۇق. ئۈرۈمچىگە ساق بارالايمەنمۇ يوق. مەن جىڭ ئۇرۇشىنىڭ قوماندانى، ئەگەر قولغا چۈشۈپ قالسام «ئۇرۇش جىنايەتچىسى ئىكەن» دەپ، سوراق سورىمايلا ئېتىۋېتەمدىكىن دەپ ئويلاپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئەسكەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان.

ئۇنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى بىر قاتار سوراقلارغا بەرگەن جاۋابلىرىنى مۇنداق يەتتە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) يەر شارائىتى ۋە ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىن ئېيتقاندا، سىلەرنى ئاۋۋال جىڭغا قول سالىدۇ، دەپ ئويلاپ، جىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەنىدۇق. لېكىن، سىلەر بىز كۈتمىگەن يەردىن چىقتىڭلار. سىلەرنىڭ مۇددىئايىڭلارنى بىلىپ بولغىچە، چۆچەك بىلەن ئالتايغا يۈرۈش قىلغان قىسىمىڭلار جانلىق تاكتىكا قوللىنىپ، چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ، چۆچەككە قول سالدى. سىلەر شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئالتايغا قول سالدىڭلار، ئاندىن شىخونى ئىشغال قىلدىڭلار. بىز سىلەرنىڭ جىڭغا هۇجۇم قىلغۇچى ئاساسىي قىسىمىڭلارنىڭ تاغ باغرى ۋە داخىياڭزىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇ يەردىن يۆتكىلىشىڭلارنى ئۈزلۈكسىز كۆزىتىپ كەلگەنىدۇق. ئەمدى ئويلىسام، سىلەر جىڭغا يالغان هۇجۇم قىلىپ، بىزنى بەش ئايغا يېقىن بەند قىلىپ تۇتۇپ تۇرغان ئىكەنسىلەر، كېيىن بىرلا هۇجۇم بىلەن جىڭنىڭ 1-، 2-لىنىيىسىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، جىڭغا قادالدىڭلار، لېكىن جىڭغا قىلىدىغان ئاساسىي هۇجۇمنى يەنىلا باشلىمىدىڭلار. پەقەت شىخو قولدىن كېتىش مەزگىلىدىلا جىڭغا هۇجۇم قىلدىڭلار. بىزنىڭ چېكىنىش يولىمىزنى شىخونى ئىشغال قىلغان قىسىمىڭلار توستى، جىڭغا هۇجۇم قىلغۇچى قىسىمىڭلار ئارقىمىزدىن ئىز بېسىپ قوغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈچ ئارىلىقىدا قېلىپ، تۈگىشىپ كەتتۇق.

2) بىز سىلەرنى دەسلەپتە «قاراقچىلار» دەپ قارىدۇق ۋە شۇنداق تەشۋىق قىلدۇق. كېيىن مىللىي ئارمىيىڭلارنى قۇردۇڭلار، سوۋېت هۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتىڭلار. بىز يەنە سىلەرنى «ئىچكىرىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن يىلتىزى بىر، مۇناسىۋىتى بار» دەپ قارىدۇق. سىلەر قەيەردە ئۇرۇش قىلساڭلار شۇ يەردە غەلىبە قىلدىڭلار. سىلەر قاراقچى ئەمەسكەنسىلەر. بىز بۇ ئىشنى تۆۋەندىكىلەردىن يوشۇرۇپ،



سىلەرنى هامان «بۇلاڭچىلار، قاراقچىلار، ئوغرىلار» دەپ كەلدۇق ۋە تەشۋىق قىلدۇق.

3) شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى چىرىكلىشىپ كېتىپتۇ، خەلقنىڭ ئۇلارغا غەزىپى كۈچلۈك ئىكەن. ئۇلار خەلقتىن ئايرىلىپ قاپتۇ. سىلەرنى خەلق هىمايە قىلىدىكەن، قوللايدىكەن. ئۇلار سىلەردىن هېچنېمىنى ئايىمايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار، مەقسىتىڭلار بىر، قەيەرگە بارساڭلار خەلق سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، سىلەرگە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. هەممە يەردە سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار، قۇلىقىڭلار، پۇتۇڭلار بار. بىز قەيەرگە بارساق شۇ يەردىكى خەلقلەر بىزگە يېقىنلاشمايدۇ، بەلكى بىزدىن قاچىدۇ، بىزگە ياردەم بەرمەيدۇ. بىز كۆزى بار قارىغۇ، قۇلىقى بار پاڭ بولۇپ قالدۇق. سىلەردە خەلق ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئەسكەر بولىدىكەن، ئۇرۇشتا بىرسى ئۆلسە بىرنەچچىسى ئىز بېسىپ چىقىدىكەن. گومىنداڭ سىلەرگە زۇلۇم سالغاچقا، سىلەر گومىنداڭغا ئۆچ ئىكەنسىلەر. بىزنىڭ قوراللىرىمىز سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن خىل، ئوق-دورىمىز يېتەرلىك، ئەسكەرلىرىمىزمۇ سىلەرنىڭكىدىن كۆپ، مۇداپىئەيىمىز مۇستەهكەم تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالمىدۇق. چۈنكى، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز يېزىلاردىن مەجبۇرىي تۇتۇپ كېلىنگەن كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى، ئۇلار ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇرۇشقا سۇسلۇق قىلىدۇ، ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، روهسىز. سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلار جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روهلۇق، ئىنتىزامى چىڭ، ئۆزىنىڭ هەم قورالىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالىدى.

4) سىلەرنىڭ پارتىزانلىرىڭلار بىزگە كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ هەممىسى ئاخۇتنىڭ ئوخشايدۇ. ئۇلار تاغدا كىيىكتەك ماڭىدۇ، ئاتقا پىششىق. ئۇلار

بەزىدە بىزنىڭ جەڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزنى مالىماتاڭ قىلىۋېتىدۇ. قىسىملىرىمىزنى بۇياقتىن ئۇياققا، ئۇياقتىن بۇياققا يۆتكەشكە مەجبۇر بولىمىز. پارتىزانلىرىڭلارنىڭ مىللىي ئارمىيە بىلەن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى كۈچلۈك ئىكەن، خۇددى ئىچكىرىدىكى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بولۇپمۇ ئۇلار پۈتۈنلەي ئاتلىق بولۇپ، كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ ھۇجۇم قىلىپ پاتىپاراقچىلىققا سېلىۋېتىپ، تويۇقسىز غايىپ بولۇپ كېتىدىكەن. ئۇلارنى قوغلىساق يېتىشەلمەيمىز، ئىزدىسەك تاپالمايمىز. ئۇلار ئاز ئەسكەرلىرىمىزنى كۆرسە يوقىتىدۇ، كۆپ ئەسكەرلەرنى كۆرسە ئوق ئېتىپ، قارىسىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئەگەشتۈرۈپ قېچىپ، ھالىمىزنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ. تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ، ستولبىلارنى ئۆرۈپ، كۆۋرۈكلەرگە ئوت قويۇپ، قاتناشنى ئۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، كېچىسى ئۇلار كېلىپ بۇزۇۋېتىدۇ. ئۇلاغ، ھارۋا، ماشىنا، ترانسپورتلىرىمىزمۇ ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ترانسپورت كالونلىرىمىزنى بىر ئىزۋوت، بەزىدە بىر روتا ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىمىز. پارتىزانلار ئىچىدە مەرگەنلەر كۆپ ئىكەن. ئۇلار ماشىنىلارنىڭ چاقىغا ئاتىدۇ، بەزىدە شوپۇرلارنى ئېتىۋېتىدۇ، ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، قورال - ياراقلارنىڭ دېگەن قاراردا يېتىپ كېلىشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پارتىزانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

5) يەر شارائىتى سىلەرگە تونۇش. يېقىن يول، يىراق يول، تاغ - داۋانلار، چىغىر يوللار، چۆل، ئورمان، ساسلىق، سۇ ۋە ئاھالە بار يەرلەر، ئۇلارنىڭ ئارىلىقلىرى سىلەرگە بەش قولدەك ئايان، كېچە بولسىمۇ تېنەپ كەتمەيسىلەر. بۇ



دوخمۇشتىن چېكىنسەڭلار، ئۇ دوخمۇشتا بۆكتۈرمە قۇرۇپ زەربە بېرىسىلەر. سىلەر ئاتلىق، يول توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمايسىلەر. بىر دەم ئالدىمىزدىن چىقساڭلار، بىر دەم ئارقىمىزدىن ياكى يان تەرىپىمىزدىن چىقىسىلەر. يۈنجىخۇ مۇداپىئەيىمىزنىڭ قارشىسىدا سىلەرنىڭ ئۈچ روتا ئەسكىرىڭلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، زور كۈچ بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇلارنى قورشىۋالساق، خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك ياردەمچى كۈچ يېتىپ كېلىپ بىزنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى، بىز چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. بىز يول يۈرسەك ئىككى پۇتىمىزغا تاياندۇق، سىلەر ئاتلىق ئىككى سائەت باسقان يولنى بىز بىر كۈندىمۇ بېسىپ بولالمىدۇق. ماشىنىلار پەقەت تاشيولدىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىدى، شۇنداقتىمۇ پارتىزانلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ تۇردى. بىز يەر شارائىتى بىلەن تونۇش ئەمەس، پەقەت خەرىتىگە چۈشۈرۈلگەنلىرىنىلا بىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەرىتىنىڭ دائىرىسى چەكلىك بولغاچقا، ھەممە يەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدىكەن. كېچىسى ئەمەس، ھەتتا كۈندۈزىمۇ نىشاندىن ئادىشىپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇردى.

6) شىنجاڭنىڭ ھاۋاسىغا سىلەر كۆنۈك، بىز مۇنداق ھاۋاغا كۆنمىگەن، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى سوغۇقنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىدۇق. كىيىم - كېچەك ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدى. يازلىق كىيىم 7 - ، 8 - ئايلاردا، قىشلىق كىيىم 11 - ، 12 - ئايلاردا يېتىپ كېلىپ، يازدا قىشلىق كىيىم بىلەن، قىشتا يازلىق كىيىم بىلەن قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇردى. سوغۇقتا قوللىرىمىز مىلتىققا ئوق بېسىشقىمۇ ئەپلەشمەي قالدى. بىز سەي بىلەن موما بولمىسا ئاچ قالىمىز؛ سىلەرگە نان، تېرىق، تالقان بولسىلا بولىدىكەن، ئۆي بولمىسىمۇ ياز كۈنلىرى دالادا

چاپاننى يېپىپ يېتىۋېرىدىكەنسىلەر، قىش كۈنلىرى پىيما، جۇۋا، بىر پارچە كىگىز بولسىلا قار ئۈستىدە يېتىۋېرىدىكەنسىلەر. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئورۇن - كۆرپە بولمىسا ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ، قىش كۈنلىرى دالادا ھالىمىز تېخىمۇ خاراپ.

7) سىلەرنىڭ ئارمىيەڭلار قەھرىمان ئىكەن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىكەن، يېنىدىكىلىرى ئۆلۈپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى جەڭگە ئۇرۇپ تۇرىدىكەن، مەرگەنلەرمۇ كۆپ ئىكەن. لېكىن، سىلەرنىڭ ئوفىتسېرلىرىڭلارنىڭ ھەربىي بىلىمى ۋە ئۇرۇش تەجرىبىسى كامراق ئىكەن. ئەمما، قەھرىمان ئىكەن، ئۆزگە ئىشىنىدىكەن ھەم قارام كېلىدىكەن. ئارمىيەڭلارنىڭ ئىنتىزامى چىڭ ئىكەن، بۇيرۇققا شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىكەن.

گوچېننىڭ يۇقىرىدىكى ئىقرارلىرىدىن ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلارنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى تەتقىق قىلغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭغا قارشى ئامال تاپالماي گاڭگىراپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. گوچېننىڭ سوراقتا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، ئادەم سانى، قوراللىنىشى ۋە ئۇرۇش تەييارلىقلىرى توغرىسىدا بەرگەن جاۋابلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمى ئىگىلىگەن ئەھۋال بىلەن ئاساسەن ئوخشاش چىققان. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گوچېنى ئىنقىلاب قىلىشقا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە تۇرۇپ خىزمەت كۆرسىتىشكە يېتەكلىگەن. ئابدۇكېرەم ئابباسوپ گوچى بىلەن بىر قېتىم بىۋاسىتە سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا خەلقئارا ۋەزىيەت، دۆلەت ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا تەپسىلىي تەربىيە بەرگەن. گوچى قاراپ بېقىش، ئويلاپ بېقىشتەك مۇلايىم، يۇمشاق پوزىتسىيىدە بولغان بولسىمۇ، ئەمما كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قالغان.



سوراقتا شۇمۇتۇڭ «ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان بىر تۈزۈم. شۇڭا، سىلەردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق. لېكىن، سىلەر يۇنجىخۇ ۋە جىڭدا ئەسىرگە چۈشكەن 19 كىشىمىز (جىڭغا رازۋېتكىغا كىرگەن يەتتە نەپەر جەڭچى، يۇنجىخۇ ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن 12 نەپەر شىبە، بىر ۋىزۋوت كوماندىرى) نى ئۆلتۈرىۋەتتىڭلارغۇ؟» دەپ سورىغاندا، گوچى ئۆزىنى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرۇپ: «مەن بىلمەيدىكەنمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. گوچى سوراق داۋامىدا، ياپونىيىنىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئىككى قېتىم ئەسىرگە چۈشۈپ، ھەر ئىككى قېتىمدا كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان ھەم ئۇنىڭغا مۇنداق سوئالمۇ قويۇلمىغان. پەقەت خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 8 - (ياكى 10 -) قارارىدا ئوقۇغانلىقىنى، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنىلا تىلغا ئالغان.

1946 - يىلى 6 - ئايدا، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» نى ئىمزالىدى. شۇ بىتىمنىڭ روھى بويىچە، ھەر ئىككى تەرەپ ئەسىرلەرنى ئۆز ئالدىغا ئالماشتۇرماقچى بولغانىدى. نەبىجان بۇنى گوچېنغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇ، گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە كاللىسى ئېلىنىشىدىن ياكى تۈرمىگە چۈشۈشىدىن قورقۇپ، «ئەگەر سوۋېت ھۆكۈمىتى قوبۇل قىلسا، شۇ ياققا كەتسەم» دېگەن تەلەپنى قويغان. «بىتىم» بويىچە ئۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ: «مېنىڭ بۇ تەلىپىم مۇشۇ يەردە قالسا، مەن دېمىگەن بولاي، سىز ئاڭلىمىغان بولۇڭ» دەپ، ئامالسىزلىقتىن سولۇشۇپ، ھەسرەت ئىچىدە ئايروپىلانغا چىقىپ

قولىدىكى سائەتكە قارىغان. گوچى گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ئەھۋال توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمەن.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭدىن ئەسىرگە چۈشكەن 4000 دەك ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرنى گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. لېكىن، مىللىي ئارمىيىدىن گومىنداڭ تەرەپكە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلار گەرچە ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇلارنى ھەر خىل ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىرمۇ ئەسىرنى قايتۇرۇپ بېرەلمىدى.

ئاخىرقى سۆز

مەن 1948 - يىلى يەنسەنىي مۇداپىئە رايونىغا ئىككىنچى قېتىم بېرىپ تۇرغىنىمدا، «يولغۇنلۇقتا تەسلىم بولغان گېنېرال» دېگەن تېمىدا بىر خاتىرە يازغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يەنە يېڭى - يېڭى ماتېرىياللارغا ئىگە بولغانىدىم. ئەمما، ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا پۈتۈن خاتىرىلىرىم ۋە توپلىغان كىتابلىرىمنى كۆيدۈرۈۋېتىشتى، بۇ قېتىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ئەسلىمىنى قايتا تولۇقلاپ يېزىپ چىقتىم.

بۇ ئەسلىمىگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكى يولداشلاردىن ئالدىم:

1. مايتوپ ئابلىمىت — گوچىنى ئۆز قولى بىلەن ئەسىرگە ئالغۇچىلارنىڭ بىرسى، ئازادلىقتىن كېيىن مۇستەقىل 3 - ئاتلىق پولكتا ۋە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايوندا مەسئۇل خىزمەتلەردە بولۇپ، كېيىن دەم ئېلىشقا چىققان، ھازىر ئۈرۈمچىدە.

2. شۇمۇتۇك — شىبە. ئۇيغۇرچە، رۇسچە، خەنزۇچە،



قازاقچە تىل ۋە يېزىقلارنى بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەم. بىر مەزگىل مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىدە ئىشلىگەن، گوچىنى غۇلجىدىكى باش ساقچىدا سوراق قىلغاندا تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن چاپچال ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قاتارلىق ئورۇنلاردا مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان. ھازىر ئۈرۈمچىدە دەم ئېلىشتا.

3. گىرو — شىبە. ئۇيغۇرچە، رۇسچە، خەنزۇچە، قازاقچە تىل ۋە يېزىقلارنى بىلەتتى. گوچىنى شىخودا سوراق قىلغاندا تەرجىمانلىق قىلغان. ئازادلىقتا قەدەر مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن شۆبە ھەربىي رايونلاردا مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، 1992 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

4. مەھەممەت ئىمىن ئىمىنوپ — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە پارتىزان، پولك كوماندىرى، مىللىي ئارمىيىدە مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتتى، كېيىن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

5. مەھەممەت ئىمىن خەلپەت ھاجى — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىلى باش ساقچىدا ئىشلىگەن، 1946 - يىلى مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىدە مايور دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن؛ ئازادلىقتىن كېيىن ئاقسۇغا

ۋالىي، دېھقانچىلىق نازارىتىگە نازىر بولغان. كېيىن كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتتى.

6. ئابدۇرازاق — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىن تارتىپ ئازادلىققا قەدەر ساقچى ساھەسىدە ئىشلىگەن؛ ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدە، سىياسىي كېڭەشتە مەسئۇل خىزمەتلەردە بولۇپ، دەم ئېلىشقا چىققان؛ ھازىر ئۈرۈمچىدە.

(ئاپتورى: شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# ئەنجۈر ماكانى، مەرىپەت ئوچىقى تىجەن

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

1990 - يىلى 9 - ئاي، ئاتۇشنىڭ باغلىرىدىكى مېۋىلەر پىشىپ، ۋايىغا يەتكەن كۈنلەردە، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىم تىجەن مەكتىپىگە كەلدى. تىجەن — سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىم مائارىپ قوشۇنىغا تۇنجى قەدەمنى باسقان خاسىيەتلىك ماكان. ئۇنىڭ شانلىق ھايات مۇساپىسىنىڭ ھەقىقىي گۇۋاھچىسى. ئۇنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ قەدىرلىنىدىغان مۇقەددەس گۆھەر زېمىن.

1934 - يىلى سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ يۈرىكىدىكى ياشلىق ئوتى خەلقنىڭ مەرىپەتكە بولغان ئىنتىلىشى بىلەن قوشۇلۇپ، يالقۇنجاپ تۇرغان چاغلار ئىدى. ئۇ ئاتاقلىق پېداگوك، تالانتلىق شائىر مەمتىلى ھاجى تەۋپىقى (1901 — 1935) نىڭ ئوكتەبىرىقتا ئاچقان دارىلمۇئەللىمىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ، ساۋاقداشلىرى ئابدۇل بارى، ئابدۇرېشىت ئىمىن ھاجىم، ۋارىس ئىسلام ھاجىملار بىلەن تىجەن مەكتىپىگە باش مۇئەللىم (مۇدىر) ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەن. شۇ يىللاردا سېلىنغان كارىدۇرلۇق سىنىپ، ئىشخانىلار ئۆز ئەينىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ سەيپىدىن ئەپەندىم ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى 13 - قېتىملىق مۇدىر ئابدۇغۇپۇر موللارېھىم ھاجىمدىن ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ بەختىگە يارىشا، مۇدىر

ئابدۇغۇپۇر تىجەن مەكتىپىنىڭ تۇنجى ئوقۇغۇچىسى موللارېھىم هاجىمنىڭ ئوغلى ئىدى. دارىلمۇئەللىمىننى بىللە ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلىرىدىن: ئابدۇراخمان سەمەر ئەپەندىمنىڭ ئۆيى مەكتەپكە قوشنا بولۇپ، تېنى ساغلام ئىدى.

سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ تىجەن مەكتىپىگە كېلىش شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەر داۋامىدا، تىجەننىڭ ئۆتمۈش ۋە بۈگۈنىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئەسلىمىلەردىن بۇ ئەنجۈر ماكانىدا ئىلىم - مەرىپەت نۇرلىرىنىڭ ئۆتكەن ئەسىردىن باشلاپ چاقناپ كېلىۋاتقانلىقى نامايان بولدى.

تىجەن ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىككى سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ئۇزۇنچاق كەنت. يەر مەيدانى ئاز، نوپۇسى زىچ. 2659 مو زېمىندا 2451 كىشى خۇددى ئىناق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ ياشايدۇ. شۇڭا بۇ يۇرتتىن ئەسىرلەردىن بۇيان بىرەرمۇ تىلەمچى چىقمىغان. باغۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەنجۈرى مەملىكەت بويىچىلا ئەمەس، دۇنيا بويىچە داڭلىق. ئۆتكەن يىلى ئەنجۈر ۋە ئۈزۈمدىن 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان باغۋەنلەر يېتىشىپ چىقتى. يۇرتنىڭ «تىجەن» دېگەن نامى فرانسۇزچە «ئەنجۈر» دېگەن سۆز. تىجەندىكى 400 يىللىق ئەنجۈرلەرنىڭ تارىخى ۋە پېشقەدەملەرنىڭ نەسەپلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەنجۈر يۇقىرقى تىجەندىن ئاياغ تىجەنگە، ئاندىن كېيىن ئازغان، مەشەتلەرگە كېڭەيگەن.

تىجەن مېۋىلەرنىڭ ماكانى بولۇش بىلەن بىللە بىلىم ئوچىقى، شىنجاڭغا بىلىم نۇرى تارقىغان زېمىن، ئۆلىمالار، مەرىپەتچىلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ بۆشۈكى.

جاھالەت هۆكۈم سۈرگەن 19 - ئەسىردە مەرىپەتچى ئۆلىمالاردىن: قۇربان هاجىم، ئەمەت هاجىم، سەمەر بايلار



تىجەندىن چىقىپ جاھان كېزىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قۇياش ئىزدەپ، تىجەندە پەننىي مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتى. بۇلار بىر - بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جاھالەت بورانلىرىدا ئۆچۈۋاتقان مەرىپەت مەشئەللىرىنى ياندۇردى.

قۇربان هاجىم بۇخارا، قازان، ئىستامبوللارغا بېرىپ، مائارىپ ئىلىم - پەننىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان تەرەققىياتلىرىنى كۆردى. ئۇ مەرىپەتچىلەرنى دوست تۇتۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، مەشھۇر مائارىپچى ئەخمەت كامالنى تۈركىيىدىن تەكلىپ قىلىپ، 1884 - يىلى مەھەللىسى ئاقمەيداندا پەننىي مەكتەپ قۇردى. بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى — ئاتاقلىق پېداگوك، تالانتلىق شائىر مەمتىلى توختاجى تەۋپىقى (1901 — 1935) دۇر. ئاتۇش زېمىنىدا سەھەردىكى چولپاندەك چاقناپ تۇرغان بۇ پەننىي مەكتەپ خوراپاتچى، پوشكالچى دىندارلارنىڭ كۆزىگە مىق بولۇپ قادالغاچقا، ئۇلار شۇ چاغدىكى ئىستىبدات هۆكۈمەتكە «جەدىت» دەپ ئەيىبلەپ چېقىشتۇرۇپ، مەكتەپنى تاقىتىۋەتتى. ئەخمەت كامالنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن قاسىمخاننىڭ ئېيتىشىچە، (مەمتىلى توختاجى تەۋپىقنىڭ ساۋاقدىشى) ئوقۇغۇچىلار مۇنداق قوشاقلارنى يازغان:

ئىستامبولدىن كەلدى ئەخمەت،
مەرىپەتچىلەر قىلدى هۆرمەت.
مىڭ - مىڭ ياشا مەرىپەتچىلەر،
زاۋال تاپسۇن ئۆمەر هەزىلەك.①

① ئۆمەر هەزىلەك — خوراپاتچى چولاق سودىگەر. ئاقمەيدان پەننىي مەكتەپنى تاقىۋېتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەخمەت كامال يۆتكىلىپ كەتتى. مەكتەپنى خۇراپاتچى جاھىللار تارتىۋالدى. سېيت ئاخۇن خەلپىتىم دىن دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈردى...

1923 - يىلى تەرەققىيپەرۋەر سەمەرباي، موللا ئېزىز داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاقمەيداننىڭ سەل يۇقىرىسىدا ھۆكە ① دە پەننىي مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈردى... پارتا، ئورۇندۇقلارنى سەمەرباي ياسىتىپ بەردى. بۇ مەكتەپتە تۈركىيىلىك نەجمىدىن ئەپەندىم، ئۈنىڭدىن كېيىن قەشقەر قوغاندىكى قاسىم ھاجىم مەدرىسىدىن مەتبىلى خەلپىتىم، سوپاخۇن خەلپىتىملەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇ مەكتەپكە بىرىنچى قاراردىلا سەمەربايىنىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇراخمان سەمەر، ئابدۇرېشىت سەمەر، دادام مامۇت يۈسۈپ، مەھەممەت موللاق، ئابدۇراخمان ياسىن، مەتسامساق، مەھەممەت زۇنۇن قاتارلىق 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

1925 - يىلى ئۈرۈمچى شىخابادا ئۆز خىراجىتى بىلەن پەننىي مەكتەپ ياساتقان ئۆلىما ئەمەت ھاجىم تىجەننىڭ ئايىقىدا ئۆز نامىدا پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، بىرىنچى قاراردىلا 80 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئوقۇتقۇچىسى قەشقەرلىك مەھەممەت شاۋكەت ئىدى. ئۇ قاتتىق قول، تەلەپچان، تەجرىبىلىك بولۇپ، ئۆزىگىمۇ يۇقىرى تەلەپ قوياتتى. شۇ چاغلاردا ئاستىن ئاتۇش بىر بەگلىك بولۇپ، بۇ بەگلىككە تىجەن، ئازاق، بويامەت، ئىشتاچى، سۇنتاغ، كىچىگىنە، مەشەت، ئوكچىرىق ... لار قارايتتى. 80 نەپەر ئوقۇغۇچى يۇقىرقى بەگلىكلەرنىڭ

① ھۆكە — يولتۇزلار تېمىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان كىچىك مەھەللە. مۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرغان چوڭ بوۋىسىز تورۇمتاي يۇقىرىقى تىجەنگە كۆچۈشتىن بۇرۇنقى مەھەللىسى. تورۇمتايلار جەمەتى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، رۇملار دېيىشۇ ئاتىشىدۇ.



ھەممىسىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ سىنىپقا بۆلۈندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ تەمىنات بېكىتىلدى. ھەقسىز ئوقۇيدىغانلار «مەنجانەن» دەپ ئاتالدى. ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەنلىكتىن، تۆۋەن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يۇقىرى يىللىقتىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن: مەھەممەت ئىمىن، ئابدۇغوپۇر قۇربان ھاجىم، ئابلەت تىلىۋالدى قاتارلىقلار ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولدى.

بىر يىلدىن كېيىن ئەمەت ھاجىم يۇرتتىكى مۆتىۋەرلەردىن ۋە ئاتا - ئانىلارنى يىغىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن نەق مەيداندا ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشتۇردى. ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاننى دوسكىغا چىقىپ، خۇددى ئوقۇتقۇچىلار ئوچۇق دەرس ئۆتكەندەك ئۇسۇلدا بەردى. ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەمەت ھاجىم ئوقۇغۇچىلارغا، ئاتا - ئانىلارغا، مېھمانلارغا زىياپەت بېرىپ، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلىدى. ئازاقلىق مەتبىلى ھاجىم، سۇنتاغلىق مامۇت لوزۇڭلارمۇ ئون تەڭگىدىن مۇكاپات پۇلى بەردى.

ئوقۇتۇشتا قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار تۈركچە بولۇپ، ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرگەندە سىنىپ باشلىقى «قىيام» دېسە، ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن تۇراتتى. «جۇلۇس» دېگەندە ئولتۇراتتى. دەرسنىڭ توغرا - خاتاسىنى تەكشۈرۈشنى «مىزان» دەيتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى «نان خورەك» دەپ ئاتىلاتتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ۋاقتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ بېكىتىلگەن بولۇپ، ئەلاچىلارغا ئىككى يىل، نەتىجىسى ئەلاچىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچ يىل ئىدى.

ئەمەت ھاجىم مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى چىڭ تۇتۇلغان بولۇپ، ھەپتىدە بىر قېتىم ئاتۇشنى ئايلىنىپ، «ئەسۇبادا» ناملىق ئوقۇغۇچىلار مارشىنى ئوقۇغان. بۇ مارشتا

خۇراپاتلىق تەنقىد قىلىنىپ، ئىلىم - مەرىپەتكە مەدھىيە ئوقۇلغان.

يەنىي مەكتەپ باش كۆتۈرۈۋاتقان شۇ يىللاردا ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش ئورگانلىرى بولمىغاچقا، مەكتەپلەرنى مەھكىمە شەرئىلەر باشقۇراتتى. شۇڭلاشقا مەكتەپلەر پات - پات «جەدىت» دەپ ئەيىبلىنىپ تۇراتتى. زىيالىيلارمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇراتتى.

1934 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، تىجەندە ھازىرقى 1 - مەكتەپ قۇرۇلۇشى باشلاندى. مەكتەپ پۈتۈپلا شەنلى مەكتەپ (ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى مەكتەپ) كە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇ چاغدىكى تۇنجى مۇدىر سەيپىدىن ئەپەندىمدىن ھازىرقى مۇدىر ئابدۇغۇپۇر موللارىھىم ھاجىمغىچە بولغان ئارىلىقتا ناسىراخۇن خەلپىتىم، موللا ئەيسا خەلپىتىم، پالتاھاجى، زۇردۇن تىلىۋالدى، ئابلىز تىلىۋالدى، ئابدۇسەمەت ھەسەنھاجى، مەھەممەت جامال، رابىيە زىياۋۇدۇن، غۇلام ئېزىز، چوڭ راخمان قاتارلىق 11 نەپەر مۇدىر بىر - بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. 60 يىل ئىچىدە 16 مىڭ 744 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى. تىجەندە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 600 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار تىجەن ئاھالىلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. 25 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە بارىدۇ. شۇڭا تىجەندە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانى ئاھالىلەر ئىچىدىكى نىسبىتىدە تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

1986 - يىلىدىن باشلاپ، تىجەندە توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ئومۇملىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلگىلىك ئورۇنلىرى



قاتارىدىن شەرەپ مۇنبىرىگە چىقتى. مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. مائارىپنىڭ مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلەرنىڭ سانى ئۇلغايغانسېرى مائارىپقا بەرگەن ئىئانە، ياردەملىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئابلىز ھاجىملاردىن باشلاپ، تىجەندە ياشاۋاتقان ھامۇت قارى ھاجىم، ئابلەت قارى ھاجىملار 1984 - يىلىدىن باشلاپ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاشقا 50 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى.

سەيپىدىن ئەپەندىم تىجەندىكى ئەھمىيەتلىك سۆھبەتتىن كېيىن، كۆزى قىيمىغان ھالدا مەكتەپتىن چىقىپ، ساھىبخانىلار بىلەن خوشلىشىپ، بويامەتتىكى ئۇلۇغ ئۇستازى مەمتىلى توختاجى (تەۋپىقى) نىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا كەتتى.

(ئاپتورى: ئاقسۇ كونىشەھەر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت**

# 20 - ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇر يېزىق تەرەققىياتى

ئابدۇرېھىم راخمان، ئۆمەرجان

(1)

ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىنىڭ ئىككى مىڭ يىللار ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا قوللىنىلغان يېزىقلار ۋە يېزىق ئىسلاھاتلىرى ھەققىدە پارچە - پارچە ماقالىلەر[①] ئېلان قىلىنغاندىن باشقا، ئۇيغۇر يېزىق تارىخى ھەققىدە ھېچبولمىغاندا مەلۇم بىر يېزىق دەۋرى ھەققىدە مۇكەممەل بىرەر ئەمگەك مەيدانغا كەلمىدى.

ۋېي سۈيىي خانىم بىلەن ئابدۇرېشىت سابىت ئەپەندى بۇ جەھەتتە تېخىچە قولغا ئېلىنمىغان تېمىلار ئىچىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق تەرەققىياتى ھەققىدە ئىزدەندى. ۋېي سۈيىي خانىم «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 - يىلىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» ناملىق بۇ ئەمگىكىنى ئىتالىيىدە چىقىدىغان «مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى» (Central Asiatic Journal)

① بۇ يەردە قوربان ۋەلي قاتارلىق بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئەمگەكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



(ئىنگلىزچە) نىڭ 1993 - يىللىق 3 -، 4 - سانى (ئومۇمىي 37 - سان) دا ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدىكى ئىسلاھاتلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجابىي، سەلبىي تەسىرلەر بايان قىلىنغان.

ئابدۇرېشىت سابىت ئەپەندى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى» ناملىق بۇ ماقالىسىنى «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلدى. ماقالىدە 1949 - يىلىدىن بۇيانقى ئۇيغۇر يېزىق تەرەققىياتى ھەققىدە ئۇنۇملۇك پىكىرلەر بايان قىلىنغان. لېكىن يۇقىرىقى ماقالىلەردە ئازادلىقتىن بۇيانقى يېزىق ئىسلاھاتلىرى ھەققىدە پىكىرلەر ئېيتىلمىغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە سۆز قىلىش ئۈچۈن بىزنىڭچە چوقۇم گەپنى ئەڭ بولمىغاندا مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز بۇ ماقالىمىزدە 20 - ئەسىردىن بۇيان، بولۇپمۇ ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆتۈش جەريانىدىن 1984 - يىلىدىكى ئىملا قائىدىسى بېكىتىلگەنگە قەدەر بولغان بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋردىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، شۇنداقلا يېقىنقى ئون يىل (1984 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە) ئىچىدە يېزىق ئىسلاھاتى ھەققىدە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆزقارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

(2)

20 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار ھەر خىل ئىجتىمائىي، تارىخىي، سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ھەر خىل

سىستېمىدىكى يېزىقلارنى قوللاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ئۇزۇن ھەم ئۈنۈملۈك، ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغانلىرىدىن سوغدى يېزىقى، ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى، سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا 1947 - يىلىدىن تا ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا 1956 — 1958 - يىلىغىچە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان)، لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (ئاپتونوم رايونىمىزدا 1960 - يىلدىن 1964 - يىلىغىچە سىناق قىلىنىپ 1965 - يىلى 1 - ئايدىن 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان)، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى يېزىقلار ئىچىدىكى ئۈچ ئاساسلىق يېزىق ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

8 - ئەسىردە ئۇيغۇرلار فونېتىكا، بوغۇم بىرلىشىپ كەتكەن ئورخۇن - يېنسەي (تۈرك - رونىك) يېزىقىنى ئىشلەتكەن. 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە ئەگىشىپ بۇ يېزىق ئاستا - ئاستا ئىشلىتىشتىن قېپقالغان. تۇرپان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تاكى 15 -، 16 - ئەسىرلەرگىچە، كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كۆچكەن ۋاقىتقىچە ئىشلىتىلگەن. شىنجاڭنىڭ غەربىي - جەنۇبى قىسمىدا باشقىچە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. ئۇ جايلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئوتتۇرا شەرق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە سۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن. قەشقەر شەرقتىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر مەركىزىگە ئايلاندى. بۇنىڭ تەسىرىدە بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي



مۇناسىۋەت، قانۇن، سەنئەت ھاياتىدا ئۆزگىرىش بولدى. جۈملىدىن ئەرەب ئېلىپبەسى بۇ رايوندا ئومۇملاشتى. ئىسلام جىھاد ھەرىكىتى بىلەن يەرلىك سىياسىي كۈچلەر تەرەققىياتىنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە ئەرەب يېزىقى قەشقەردىن تەدرىجىي شەرققە سۈرۈلدى. ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى 14 - ئەسىردىن باشلاپ مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرقى يېزىق ئىسلاھاتىغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

20 - ئەسىر تىل - يېزىق ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان دەۋر بولدى. نۇرغۇنلىغان يېڭى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇن تىللار ھائارىپ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىشتىن رەسمىي تىلغا ئايلاندى. مەركىزىي ئاسىيادىلا يېقىنقى دەۋردە تۈركىي تىل سىستېمىسىغا تەۋە تىللار كۆپىيىپ 30 غا يەتتى.[1] مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىل سىستېمىسىغا تەۋە خەلقلەرنىڭ تىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېتنىك ئايرىما ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر، ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل يېزىقىغا ئىگە بولدى.

(3)

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە يېزىقى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ تارىم ۋادىسىدىن ئوتتۇرا

---

① ئى. تېنىشېۋ: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1981 - يىلى (بېيجىڭ) خەنزۇچە نەشرى 16 - بەت.

ئاسىياغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلغۇلا بولدى. 1921 - يىلى تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال ۋە تېررىتورىيە سەۋەبىدىن ئولتۇراقلاشقان جايىغا ئاساسەن ئۆزلىرىنى «قەشقەرلىك»، «خوتەنلىك»، «قۇمۇللۇق»، «غۇلجىلىق» (ياكى «تارانچى») دەپ ئاتىۋالغان، لېكىن ماھىيەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «ئۇيغۇر» دېگەن نامى تولۇق ئاساس بىلەن ئىشلىتىش تامامەن قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، مۇنازىرە نۇقتىسى سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا قايسى دىئالېكت (قەشقەر دىئالېكتى ياكى غۇلجا دىئالېكتى) نى ئاساس قىلىش كېرەك، دېگەن باشقا بىر مەسىلىگە بۇرالدى. بۇ مۇنازىرە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «كەمبەغەللەر ئاۋازى»، «ئازادلىق گېزىتى»، «شەرق ھەقىقىتى گېزىتى»، «قىزىل شەپەق گېزىتى»، «ئىنقىلابىي شەرق»، «لېنىن يولىدا ماڭايلى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا تاكى 1930 - يىللارغىچە داۋاملاشتى.[1] بۇ مۇنازىرىلەر داۋامىدا ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. س. شاكىرجانوپ ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭ ئىملاسى ھەققىدە ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.[2] بۇ جەرياندا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا يېزىقنى تۈزىتىش، تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1925 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئالماتادا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن

---

① ئا. ت. ھەيدەروپ: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش جەريانى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 - يىل 4 - سان.

② ئا. ت. ھەيدەروپ: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش جەريانى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 - يىل 4 - سان.



1 - قېتىملىق تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، شۇ ۋاقىتقا قەدەر قوللىنىپ كەلگەن ئەرەب ئېلىپبەسى قىسمەن ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە دەسلەپكى قەدەمدە لايىقلاشقان 27 ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئېلىپبە قوللىنىلدى.[1] بۇ يېزىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1920 - يىللاردىن 1936 - يىلى لاتىن يېزىقى ئىشلىتىلگەنگە قەدەر قوللىنىلدى.[2]

لاتىن ئېلىپبەسى ئەڭ دەسلەپ سوۋېت ئەزەربەيجاندا (1925 - يىلى) رەسمىي قوللىنىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە بۇ يېزىق تەدرىجىي ھالدا باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ ئومۇملاشتى.[3]

1926 - يىلىدىن باشلاپ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ - پىكىرلەرنى ۋە ھەر خىل لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىرقانچە قېتىم مۇزاكىرە قىلىشتى. 1928 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند شەھىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 1 - قېتىملىق ئۇيغۇر تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا ئۇيغۇر

---

① ئابدۇرېشىت سابىت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 - يىل 3 - سان.

② ۋېي سۈيى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 - يىلىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 - يىلى 3 - 4 - سان. ئىنگىلىزچە نەشرى.

③ ۋېي سۈيى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 - يىلىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 - يىلى 3 - 4 - سان. ئىنگىلىزچە نەشرى.

يېزىقنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئاتالغۇلار مەسىلىسى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىندى.①بۇ قېتىمقى يىغىندا سوۋېت ئۇيغۇرلىرى لاتىن يېزىقىنى ئىشلىتىش ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ، لاتىنلاشتۇرۇلغان بۇ ئېلىپبەنىڭ 32 ھەرپتىن تەركىب تېپىشى تەۋسىيە قىلىندى. لېكىن، لاتىنلاشتۇرۇلغان بۇ يېزىق تاكى 1930 - يىلى 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر تىلى مۇھاكىمە يىغىنى ئالماتادا ئېچىلغانغا قەدەر ئىشلىتىلمىدى.②1930 - يىلى 5 - ئايدا ئالماتا شەھرىدە «2 - قېتىملىق ئۇيغۇر تىلى مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىرىلىپ، 1 - قېتىملىق يىغىننىڭ لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا كۆچۈش ھەققىدىكى قارارى ماقۇللاندى. بۇ ۋاقىتتا قوبۇل قىلىنغان لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تۆۋەندىكىچە:③

A B C Ç D E Ə F G Ƣ H I J K L M
N Ŋ O Ɵ P Q R S Ş T U V X Y Z Ƶ

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە سىلاۋيانلاشتۇرۇش ھەرىكىتى 30 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلانغان بولۇپ، 1938 - يىلى قازاقلار ئۇنى قوبۇل قىلدى.

① ئابدۇرېشىت سابىت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 - يىل 3 - سان.
② ۋېي سۈيىي: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 - يىلىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 - يىل 3 - 4 - سان ئېنىڭلىزچە نەشرى.
③ ۋېي سۈيىي: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 - يىلىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 - يىلى 3 - 4 - سان. ئېنگىلىزچە نەشرى.



لېكىن ئۇيغۇرلار ئۇنى تاكى 1946 - يىلىغىچە ئىشلەتمىدى.① شۇ يىلى بۇ ئېلىپبە يەنە موڭغۇلىيىدە قوللىنىلدى. لاتىنلاشتۇرۇلغان ئېلىپبەگە قارىغاندا، سىلاۋيان ئېلىپبەسى ھەر بىر تىل ئۈچۈن ئوخشىمىغان شەكىلدە تۈزۈلدى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر باشقا تىللاردىمۇ رۇس تىلى ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىلغاچقا، باشقا تىللاردىكى سىلاۋيان ھەرپلىرى كۆپەيدى. مەسىلەن، سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 41 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئەسلىدىكىدىن توققۇز ھەرپ ئېشىپ كەتكەنىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى جۇمھۇرىيەتلىرىدە تىل - يېزىق ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر شۇنداق قىزىق داۋاملاشقان بىر پەيتتە، جاھالەتلىك شىنجاڭ رايونىدا تىل - يېزىق مۇھاكىمىلىرىگە نۆۋەت يوق ئىدى. 1933 - يىلى شېڭ شىسەي ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن، ئۆزىنى سوۋېتتىكى مىللىي ئىشلار پروگراممىلىرى بىلەن پىششىق تونۇش دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، سوۋېتتا قوللىنىلغان مىللىي تەركىبنى ئايرىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەممە كاتېگورىيىلەرنى شىنجاڭدا قوللاندى. 1935 - يىلدىكى 2 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى خەلقلەرنى 14 ئېتنىك گورۇپپىغا (مىللەتكە) ئايرىدى. ھەمدە ھەر بىر مىللەت ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم خەنزۇچە نام بەردى.②

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى شېڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش

① ۋېي سۈيىي: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 - يىلىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 - يىلى 3 - 4 - سان. ئېنگىلىزچە نەشرى.
② بورھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل. بېيجىڭ. 528 - 529 - بەت.

«مىللەتلەر باراۋەرلىكى» سىياسىتىنى يولغا قويۇشى بىلەن شىنجاڭدا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلدى. لېكىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1930 — 1940 - يىللاردىكى دەسلەپتە لاتىن يېزىقىنى قوللىنىشتىن تەدرىجىي سىلاۋيان يېزىقىغا كۆچۈش ھەرىكىتىگە ئەگەشمىدى.

1936 - يىلى ھاشىم گۆھەر باقى دېگەن كىشى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، غۇلجىدا ھۈسەيىن يۇنۇس مەتبەئەسىدە بېسىلغان ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان «ئېلىپبە» دەرسلىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا بېسىلغانىدى. ئۇنىڭدا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى يېزىشتا قوللىنىلىدىغان بەلگىلەر كىرگۈزۈلمىگەن.

1935 - يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشىر قىلىنىدى. ئۇنىڭدا ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن سۆز ئاتالغۇلارنى يېزىشتا قوللىنىلىدىغان « ث، ح، ذ، ص، ض، ط، ظ، ع » ھەرپلىرى پەقەت ئەرەبچە سۆز ئاتالغۇلارنى يېزىشتىلا قوللىنىلىپ، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە قوللىنىلمىدى.

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ۋە ئەگىشىشى بىلەن شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم يېزىق ئىسلاھاتى بولدى. 1937 - يىلى شىنجاڭدىكى زىيالىيلار ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى سان ۋە تەرتىپ جەھەتتىن سوۋېت ئۇيغۇرلىرى قوللىنىۋاتقان لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن ئوخشاش قىلىشقا قوشۇلدى.

جەدۋەل II شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى 1937 - يىلىدىن ئىلگىرى قوللانغان ئېلىپبە



---

ا، ب، پ، ت، ث، ج، چ، ح، خ، د، ذ، ر، ز، ژ، س، ش، ص، ض، ط، ظ، ع، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، و، ھ، ى

---

جەدۋەل III شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى 1937 - يىلى تۈزگەن ئېلىپبە

---

ئا، ب، چ، ج، د، ئې، ئە، ف، گ، غ، ھ، ي، ى، ك، ل، م، ن، ڭ، ئو، ئۆ، پ، ق، ر، س، ش، ت، ئۇ، ۋ، خ، ئۋ، ز، ژ

---

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالىنىشتىن بۇرۇن خەلق ۋەكىللىرىدىن ئېلىنغان پىكىرلەردە ۋەكىللەر «دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت - ماتېرىياللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان يېزىقى (ئۇيغۇر يېزىقى — ئا) دا يېزىلسۇن؛ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلسۇن، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرغان. نەتىجىدە، «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ 3 -، 4 - تارماقلىرىدا مۇشۇ مەزمۇندىكى پىكىرلەرگە دىققەت قىلىنىپ «دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت - ئالاقىلىرىدە دۆلەت تىلى ۋە

مۇسۇلمانلار تىللىرى تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنغان ئەرز - ئىلتىماسلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا يېزىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىسىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى مەجبۇرىي دەرس بولۇپ كىرىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋەزىيىتىگە قاراپ دەرس ئۆتۈشتە دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمانلار تىلى تەڭ قوللىنىلىدۇ»[①] دەپ بەلگىلەندى.

1946 - يىلى 25 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پروگراممىسى» ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «G. مائارىپ» قىسمىنىڭ 9 - تارمىقىدا «باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپتە دۆلەت تىلى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە بولسا، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا قاراپ دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمان تىلى تەڭ قوللىنىلىدۇ»[②] دەپ بەلگىلەندى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيىتىنى ئىپادىلىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر تىل - يېزىقى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، مائارىپ ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

1946 - يىلى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى باشلانغۇچ

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى جاڭ جىجۇڭ يازغان «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ ئازاد بولغانغا قەدەر» ناملىق كىتابنىڭ 1 - باب «ئۈرۈمچى سۆھبىتى» 3 باب «ھەمكارلىشىش» قاتارلىق مەزمۇنلىرىدىن كۆرۈڭ.

② بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى جاڭ جىجۇڭ يازغان «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ ئازاد بولغانغا قەدەر» ناملىق كىتابنىڭ 1 - باب «ئۈرۈمچى سۆھبىتى» 3 - باب «ھەمكارلىشىش» قاتارلىق مەزمۇنلىرىدىن كۆرۈڭ.



مەكتەپلەرنىڭ 1 - يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن يېڭى ئېلىپبە تۈزۈپ ئېلان قىلدى. بۇ ئېلىپبە 27 ھەرپتىن تەشكىل تاپقانىدى.

جەدۋەل IV 1946 - يىلى تۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئېلىپبەسى:[①]

ئا، ب، پ، ت، د، ر، ز، ژ، و، ئو، م، ن، ل، س، ش، غ، ق، ڭ، ك، گ، ج، چ، خ، ئە، ھ، ي، ڭ

شىنجاڭ رايونىدا ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىغا ماسلاشقان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلىنىۋاتقان چاغدا، 1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ قارارى بويىچە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئېلىپبەگە كۆچۈرۈلدى. ئۇنىڭدا رۇس ئېلىپبەسىدىكى 33 ھەرپ تولۇق قوبۇل قىلىنغاندىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېملىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سەككىز ھەرپ ياسالغان. شۇنداق قىلىپ، سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 41 ھەرپتىن تەشكىل تاپقانىدى.

① ئابدۇرىشىت سابىت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 - يىل 3 - سان.

جەدۋەل V 1947 - يىلىدىكى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىشلەتكەن سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

| باسما شەكلى | يازما شەكلى | ئاتى | باسما شەكلى | يازما شەكلى | ئاتى |
|---|---|---|---|---|---|
| Аа | А а | а | Оо | О о | о |
| Әә | Ә ә | ә | Өө | Ө ө | ө |
| Бб | Б б | бе | Пп | П п | пе |
| Вв | В в | ве | Рр | Р р | эр |
| Гг | Г г | ге | Сс | С с | эс |
| Ғғ | Ғ ғ | ғе | Тт | Т т | те |
| Дд | Д д | де | Уу | У у | у |
| Ее | Е е | йе | Үү | Ү ү | ү |
| Ёё | Ё ё | йо | Фф | Ф ф | эф |
| Жж | Ж ж | же | Хх | Х х | ха |
| Җҗ | Җ җ | җе | Һһ | Һ һ | һа |
| Зз | З з | зе | Цц | Ц ц | ца |
| Ии | И и | и | Шш | Ш ш | ше |
| Йй | Й й | қисқа и | Щщ | Щ щ | ще |
| Кк | К к | ка | Ъъ | ъ | قاتتىقلىق بەلگىسى |
| Ққ | Қ қ | қа | Чч | Ч ч | че |
| Лл | Л л | эл | Ыы | ы ы | ы |
| Мм | М м | эм | Ьь | ь | يۇمشاقلىق بەلگىسى |
| Нн | Н н | эн | Ээ | Э э | э |
| Ңң | Ң ң | эң | Юю | Ю ю | йу |
| | | | Яя | Я я | йа |

مانا بۇلار 1949 - يىلىدىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىرقانچە قېتىملىق يېزىق ئىسلاھاتلىرى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىللىق تارىخي جەرياندا ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە يەنە نۇرغۇن



ئىسلاھاتلار، ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ خىل ئىسلاھات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى تارىخي جەھەتتىن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

(4)

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ تارقاقلىقى ۋە ئۆزى خالىغان ئىملا قائىدىسى بويىچە نەشر ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى تۈپەيلىدىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي يېزىقى ھەقىقەتەن قالايمىقان ئىدى. 1937 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات پەقەت زىيالىيلار بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، پەقەت رايون ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك بەزى گېزىتلەردىلا ئىشلىتىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» 1935 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى. بۇ گېزىت 1937 - يىلىدىكى ئېلىپبەنى ئىشلىتىشكە مايىل ئىدى. بۇ گېزىت گەرچە شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىتىلغان بولسىمۇ لېكىن، قاتناش قولايسىزلىقى تۈپەيلىدىن چەت، يىراق جايلارغا يېتىپ بارالمىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاپەتلىك يىللاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر ئىملا قائىدىسىنىڭ بۇنداق قالايمىقان بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، تاشكەنت ۋە ئالماتادىكى ئىككى نەشرىيات ئورنى ئۆز ئالدىغا ئىملا قائىدىسى تۇرغۇزۇپ، نەشر ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1940 - يىللاردا ۋە 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ۋە قازاق يېزىقىدا چىقىدىغان ماتېرىياللار شىنجاڭغا كىرگۈزۈلدى (ئاساسلىق ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي

ۋىلايەتلىرىگە) . 1950 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پەرقلەر ئاساسلىق مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

## 1949 — 1956 ـ يىللار

1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا ئىبراھىم مۇتىئي ئەپەندى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، تولۇقلاپ بېكىتىلگەن ئىملا قائىدىسى 1948 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋە 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى، ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار، باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى، تىنىش بەلگىلىرى قاتارلىقلار مۇقىملاشتۇرۇلدى.① بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنى ئەرەب، پارس تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ھەر كىشى ئۆزى بىلگەنچە يازىدىغان باشباشتاقلىق تۈگىتىلىپ، ئىملا دەسلەپكى بىر نورمىغا سېلىنغان. لېكىن ئەرەب ئېلىپبەسى يەنىلا ئۆز تەرتىپى بويىچە تولۇق قوبۇل قىلىنغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن ئايرىم بەلگە بەلگىلەنمىگەن، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى، ئاھاڭداشلىقى، ئاجىزلىشىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى، باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ھەققىدە قائىدىلەر تۈزۈلمىگەن.

1951 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا ئالماتادا «مەسلىھەت يىغىنى» چاقىرىلىپ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى، ئىملا قائىدىسىنى ۋە ئېلىپبەنى بىرلىككە

① مىر سۇلتان ئوسمانوۋ، ئابدۇرەشىت سابىت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەققىدە ساۋات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل، ئۈرۈمچى، 20 ـ بەت.



كەلتۈرۈش مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا «شەرق ھەقىقىتى» ۋە «قازاق ئېلى» ژۇرناللىرىدىن جېلىلوۋا ئىمساخان بىلەن ئەخمەتوپ ئىمىنجان «ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى توغرىسىدا» ۋە قادىر ھەسەنوپ بىلەن م. روزىيوپنىڭ «ئىككى ژۇرنالدا ئىشلىتىلگەن ئەدەبىي ئاتالغۇلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش توغرىسىدا» ناملىق ئىككى قارارى ماقۇللاندى.① بۇ قېتىمقى ئېلىپبەنىڭ 1937 ـ يىلىدىكى ئېلىپبە بىلەن بولغان پەرقى تۆۋەندىكىچە:

1) ئېلىپبە تەرتىپى جەھەتتە 1951 ـ يىلى تۈزۈلگەن ئېلىپبەدە تاشكەنت ئۇيغۇرلىرى ئىشلەتكەن ئېلىپبە تەرتىپى قوللىنىلدى.

2) سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە «e» ۋە «i» تاۋۇشى پەرقلەندۈرۈلدى.

3) يېڭى ئىملا قائىدىسى مەيدانغا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ 1951 ـ يىلدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئېلىپبە بولۇپ، تاشكەنت ۋە ئالماتادا كەڭ قوللىنىلدى.

جەدۋەل VI 1951 ـ يىلدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

ئا، ب، پ، ت، ج، چ، خ، ھ، د، ر، ز، ژ، س،
ش، غ، ق، ف، ك، گ، ڭ، ئى، ئې، ي، ل، م، ن، ۋ،
ئو، ئۇ، ئە

بۇ ئېلىپبە ۋە ئىملا قائىدىسى شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن

① ۋېي سۈيىي: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 ـ يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 ـ يىلى 3 ـ 4 ـ سان. ئېنگىلىزچە نەشرى.

بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا ھەرقانداق دەرىجىدىكى بىر ھۆكۈمەت ئورگىنى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، 1951 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭغا قارىتىلغان مەدەنىيەت سىياسىتى، تۈرلۈك تىل - يېزىقتا نەشر قىلىنغان ماتېرىياللار ۋاستىسى بىلەن تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە سىڭىپ كىردى. مۇشۇ ۋاقىتتا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى 1949 - يىلىدىن بۇيان تەتقىقاتىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ئېلىمىزدىمۇ مەركىزىي ھۆكۈمەت شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس خادىملارنى تەربىيىلەش پروگراممىسىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل ئىنستىتۇتى (ھازىرقى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى) 1951 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەربىيىلەيدىغان كۇرسلارنى ئېچىشقا باشلىدى. 1950 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە مەركىزىي ھۆكۈمەت غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونىغا «قېرىنداشلار سالىمىنى يەتكۈزۈش» ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قارمىقىدا بىردىن تىلشۇناس بار ئىدى. پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ۋاڭ جۈن غەربىي شىمالغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى توغرىسىدا دوكلات يازدى. بۇ مۇشۇ رايوندىكى تىل ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ دەسلەپكى تەتقىقات دوكلاتى ئىدى. ①

① ۋېي سۈيى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 - يىلىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 - يىلى 3 - 4 - سان. ئېنگىلىزچە نەشرى.



1950 - يىلى 10 - ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تىل - يېزىق يىغىنى چاقىرىپ، «شىنجاڭ تىل - يېزىق كومىتېتى» قۇرۇشنى قارار قىلدى. گوۋۇيۈەن 1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ماقۇللىغان قارارىغا ئاساسەن، 1951 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى» تەشكىل قىلىندى. 1952 - يىلى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 10 - قېتىملىق ھەيئەتلەر مەجلىسىدە «شىنجاڭ مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى» قۇرۇش قارار قىلىندى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھەيئەت ئەزالىرى يىغىن ئېچىپ، ئالماتادا ئىشلەنگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى»نى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. ①

لېكىن، «ھەيئەت»نىڭ خىزمىتى 1954 - يىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى تۈزۈلگەندىن كېيىن باشلاندى. بۇ چاغدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 30 ھەرپتىن تەشكىل تاپتى.

① ۋېي سۈيى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 - يىلىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 - يىلى 3 - 4 - سان. ئېنگىلىزچە نەشرى.

جەدۋەل Ⅶ 1954 ـ يىلى تۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

| № | يالغۇز | باش | ئوتتۇرا | ئاياغ |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا، ا | - | - | |
| 2 | ب | بـ | ـبـ | ـب |
| 3 | پ | پـ | ـپـ | ـپ |
| 4 | ت | تـ | ـتـ | ـت |
| 5 | د | - | - | ـد |
| 6 | ئە، ە | - | - | ـە، ـئە |
| 7 | ج | جـ | ـجـ | ـج |
| 8 | چ | چـ | ـچـ | ـچ |
| 9 | خ | خـ | ـخـ | ـخ |
| 10 | ھ | ھـ | ـھـ | ـھ |
| 11 | - | - | - | ـو |
| 12 | س | سـ | ـسـ | ـس |
| 13 | ش | شـ | ـشـ | ـش |
| 14 | - | - | - | ـر |
| 15 | - | - | - | ـز |
| 16 | ژ | - | - | ـژ |
| 17 | ۋ | - | - | ـۋ |
| 18 | ئۇ، ۇ | - | - | ـۇ |
| 19 | ف | فـ | ـفـ | ـف |
| 20 | ق | قـ | ـقـ | ـق |
| 21 | ک | کـ | ـکـ | ـك |
| 22 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ |



| № | يالغۇز | باش | ئوتتۇرا | ئاياغ |
|---|---|---|---|---|
| 23 | ئې، ې | ئېـ، ېـ | ـېـ | ـې |
| 24 | ئى، ى | ئىـ، ىـ | ـىـ | ـى |
| 25 | ي | يـ | ـيـ | ـي |
| 26 | غ | غـ | ـغـ | ـغ |
| 27 | گ | گـ | ـگـ | ـگ |
| 28 | ل، لا | لـ | ـلـ | ـل، ـلا |
| 29 | م | مـ | ـمـ | ـم |
| 30 | ن | نـ | ـنـ | ـن |

1954 ـ يىلى شىنجاڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى مەخمۇت زەيدى تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىسى» ئېلان قىلىندى ۋە بۇ ئىملا قائىدىسىنىڭ ئالماتادا تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىسىنى ئاساس قىلغانلىقى ئىزاھلاندى.① بۇ ئىملا قائىدىسى 1954 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىقنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكۈچىلىك قىلىش ھەيئىتى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇپ چاقىرغان تىل ـ يېزىق خىزمىتى يىغىنىدا ماقۇللاندى. بۇ لايىھە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 1954 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش قارار قىلىندى.②

بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ

① شىنجاڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىقنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكۈچىلىك قىلىش ھەيئىتى: «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1954 ـ يىلى 1 ـ بەت.

② «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا» شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى» 1954 ـ يىل.

ئېلىپبەسى، سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى، لەۋلەشكەن بوغۇملارنىڭ تەسىرى، بەزى تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى، باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى، قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى، بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش قائىدىلەر بېرىلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىقلاشقان ئىلمىي قائىدىلەر دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاتالغۇلارنى توغرا ئىشلىتىشنىڭ تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشقان بىر يۈرۈش پرىنسىپلىرى، باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى توغرا يېزىشنىڭ دەسلەپكى قائىدىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ قېتىمقى ئېلىپبەدە ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل فونىما سۈپىتىدە قوللىنىلمايدىغان پەقەت ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان «ت»، «ح»، « »، « »، « »، « »، « »، « »، «غ» دىن ئىبارەت سەككىز ھەرپ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىن چىقىرىپ تاشلاندى. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە كام بولسا بولمايدىغان سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن «ئا»، «ئە»، «ئې»، «ئى»، «ئو»، «ئۆ» دىن ئىبارەت ئالتە ھەرپ قوشۇلدى.

بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسى ھەققىدىكى قارار 1951 - يىلىدىكى قارار (ئالماتا يىغىنىدا ماقۇللانغان) دىن ھېچقانچە پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن بۇ يىغىننىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى قائىدە - پەرمانلىرىنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولدى.

1954 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلگەن مەدەنىيەت تەسىرى يۇقىرى باسقۇچقا كىردى. دەرسلىك ماتېرىياللار، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن،



ستالىن ئەسەرلىرى، سىياسىي تەشۋىقاتلار، شۇنىڭدەك تاشكەنت ۋە ئالماتا نەشرىياتلىرى نەشر قىلغان ھېكايە، رومانلار ھەممە جايدا، يەنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ياتاقلىرىدىن تارتىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ھەتتا شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ تېپىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 1950 - يىللاردا پۈتۈن جۇڭگودا تىل، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەردە سوۋېتقا ئەگىشىش ئەۋج ئالغانىدى. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا مەخمۇت زەيدى ۋە شىنجاڭ تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ئىملا قائىدىسىنى ئىشلەشتە سوۋېت ئالماتا نۇسخىسىنى ئاساس قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تىللىرىنى سىلاۋيانلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھاتلار باشلاندى.

1955 - يىلى 12 - ئايدا بېيجىڭدا تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە يېزىقى مۇۋاپىق بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىسلاھاتىنى قوللاش، يېزىقى بولمىغان مىللەتلەر ئۈچۈن يېزىق ئىجاد قىلىشنى ئىلھاملاندۇرۇش ئىدى. يىغىندا 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىنى لايىھىلەش ۋە ئىسلاھ قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. شۇنداق قىلىپ 1956 - يىلى 700 كىشىدىن تەركىب تاپقان يەتتە ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن 42 ئاز

سانلىق مىللەت رايونىغا ئەۋەتىلدى. 6 - گۇرۇپپا شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.①

مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۇرۇشتىن ئىبارەت جىددىي ۋەزىپىگە مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە خەلق هۆكۈمىتىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن 1956 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق تەتقىقات كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ ئورگان قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ساھەسىدە نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە ئىلمىي خادىملار ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى سىلاۋيانلاشتۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ، لايىھە، تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ تەكلىپ، لايىھەلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قارارغا ئاساسەن، 1956 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق 1 - قېتىملىق مىللەتلەر تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىر قىسىم ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر شۇنداقلا قازاقىستاننىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» (مىللەت قىسمى) 556 - بەت.



يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يىڭ يۈرېن «مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ۋە بۇ ھەقتە بىرنەچچە پىكىر»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پروفېسسور فۇ ماۋجى «يېزىق لايىھىسى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملاسىنى تۈزىتىش توغرىسىدا بىرنەچچە پىكىر»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچىسى، سوۋېت مۇتەخەسسىسى گ. سېردىيوچېنكو «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللەتلەر تىل ۋە يېزىقلىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەلقەم ئەختەم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق تەتقىقات كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» قاتارلىق تېمىلاردا دوكلات بەردى.

يىغىن جەريانىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە مىللەتلىرىنىڭ كونا يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتىپ، سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىققا كۆچۈش مەسىلىسى، مىللەتلەر تىللىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەش مەسىلىسى، شۇنداقلا تىل ساھەسىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر، ئىشلەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىن ئاخىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى

مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ئىلمىي يىغىنىنىڭ قارارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ماقۇللاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە مىللەتلىرىنىڭ يېزىقىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېزىقى يوق مىللەتلەرنىڭ يېزىق يارىتىشىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا تۆت ماددىلىق قارار (1956 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كومىتېت ئەزالىرىنىڭ 13 - سانلىق مەجلىسىدە ماقۇللانغان) نى ئېلان قىلدى. بۇ قارار شۇ يىلى 31 - دېكابر كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، كۈچكە ئىگە بولدى. بۇ خەۋەر «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1957 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە سانلىرىغا بېسىلدى. لېكىن بۇ قارار شىنجاڭدا 1957 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان يەرلىك مىللەتچىلىككە ۋە ھوقۇقدارلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدە بىرياققا تاشلىنىپ قالدى. شۇنىڭدەك، 1958 - يىلى خەنزۇ تىلىنىڭ لاتىنلاشتۇرۇلغان فونېتىكىلىق ئېلىپبەسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سىلاۋيان يېزىقىنى قوللىنىش دۆلەتنىڭ بىرلىكىدىن ئايرىلغانلىق، دەپ قارالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك تىل - يېزىق يىغىنى لاتىن يېزىقىغا بولغان قىزىقىشىنى ئىپادىلەپ تۇرغان شارائىتتا، سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى تاللىشى تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاساسقا ئىگە ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي ئاساس مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. بۇ يەردىكى سىياسىي ئاساس دېگىنىمىزدە، مەركەزنىڭ سىياسىي يوليورۇقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت مەركىزىي ئاسىياخەلقلىرى ۋە موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى سىلاۋيان يېزىقىغا كۆچۈپ بولغان بولۇپ، ئېلىمىز ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك قوشنىلىرى بىلەن بولغان «ئالتۇن دەۋر» نى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك جۇڭگو -



سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ سىلاۋيان يېزىقىنى تاللىشىغا كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن يوليورۇق بېرىلگەنىدى.

شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت رايونىدا 1940 - يىللاردا كۆپ قىسىم زىيالىيلار سىلاۋيان يېزىقى بىلەن تونۇش ئىدى. 1949 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مەمۇرىيىتىدىكى نۇرغۇن ئورۇنلار شۇ زىيالىيلار بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. ئەينى دەۋردە ئۈچ ۋىلايەت ئۆلكە ئورنىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇنى شۇ يەردىكى زىيالىيلارنىڭ كۆپ بولۇشى بەلگىلىگەن. ئەگەر بۇ يېزىق ئېلىمىزدە خەنزۇ تىلى ئېلىپبەسى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلغان بولسا، «سوتسىيالىستىك ئائىلە» نىڭ «دوستلۇقى» نىڭ مۇھىم بەلگىسى، سىمۋولى بولغان بولاتتى. مەشھۇر سوۋېت تىلشۇناسى، ئاكادېمىك سېردىيوچېنكو ئېلىمىز تەرىپىدىن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركولوگىيە ۋە تاجىك تىل مۇتەخەسسىسلىرىمۇ بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، سېردىيوچېنكو زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سوۋېتنىڭ سىلاۋيانلاشتۇرۇش تەجرىبىسى خەنزۇ تىلى فونېتىكا ئېلىپبەسى تۈزۈشكە مەسئۇل زىيالىيلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى. ئۇلار يەنىلا لاتىن ئېلىپبەسىنى مۇۋاپىق كۆردى. ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەن موڭغۇل خەلقىنىڭ تىلى ئۈچۈن سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى قوللىنىش سوۋېت مىللىي سىياسىتىنىڭ زور غەلىبىسى ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى يولغا قويۇلدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، جۇڭگو موڭغۇل تىلى مۇھاكىمە يىغىنى (يىغىنغا بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدىن ۋەكىل قاتناشقان) ئېچىلىپ، 33 ھەرپ ۋە ئىككى قوشۇمچە بەلگىدىن تەركىب تاپقان يېڭى سلاۋيانچە موڭغۇل ئېلىپبەسى تۈزۈپ چىقىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىغا سلاۋيان يېزىقىنى قوللىنىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قارار ماقۇللىنىپ، تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، ئۆزبېك، تاتار تىللىرى ئۈچۈن سلاۋيانچە ئېلىپبە تۈزۈلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن يىغىن بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى تۆت پرىنسىپنى ئاساس قىلغانىدى:

1) بىر يېزىق سىستېمىسى چوقۇم تىلنىڭ فونېتىكا بىلەن گراماتىكا ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى ۋە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك.

2) مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، «قېرىنداش مىللەتلەر» نىڭ ھەرپ شەكلى ئىمكان قەدەر ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

3) ھەر بىر ھەرپ چوقۇم ئېنىق، ئاسان ئوقۇغىلى بولىدىغان ۋە باشقا ھەرپتىن ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك.

4) ئىلىم - پەن، تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەش ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن قولايلىق بولۇشى

① «شىنجاڭ گېزىتى» 1957 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.



كېرەك.①

شۇنىڭدەك ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ نۇقسانلىرى مۇنداق كۆرسىتىلدى:

1) ئەرەب يېزىقى ئەرەب تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى يەنى تاۋۇش سىستېمىسىنى، گراماتىك قۇرۇلۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەرەب تىلى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. لېكىن ئەرەب تىلى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار تىللىرى باشقا - باشقا ئىچكى قانۇنىيەتلەرگە ۋە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىككى سىستېمىدىكى تىللاردۇر. ئەرەب ۋە تۈركىي تىللارنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوشقان ھەرپلىرىمىزمۇ ئۆزىگە خاس ئايرىم ھەرپلەرنى يارىتىش بىلەن ئەمەس، ئەرەب يېزىقىدا ئىشىپ - تېشىپ ياتقان چېكىت ۋە پەشلەرنى كۆپەيتىش يولى بىلەن بولدى. نەتىجىدە، چېكىت، پەشتىن زېرىكىپ كەتكەن خەلقىمىز مەتبۇئاتتا كۆپ قىيىنچىلىق بىلەن تەرغىپ قىلىشىمىز ۋە ئىشلىتىپ ئاۋارە بولۇشىمىزغا قارىماي، ئۇ ھەرپلەرنى ئەمەلدە قوبۇل قىلمىدى. ئاز سانلىق كىشىلەردىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلاردىن پايدىلىنالمىدى.

2) يېزىق ساۋات چىقىرىشقا، ئوقۇش، يېزىشتا ئاسان ۋە ئەپلىك بولۇشى لازىم ئىدى. ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ بىرمۇنچە نۇقسانلىرى بار. ھازىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە خاس 32 ھەرپ ئۈچۈن ئەرەب يېزىقى ئاران 30 ھەرپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەر بىر ھەرپ باشتىن، ئوتتۇرىدىن، ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان، ئايرىم كېلىدىغان دەپ بىرنەچچىگە بۆلۈنىدۇ. شۇنداق قىلىپ 30 ھەرپ 111 خىل شەكىلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ

111 خىل بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر 111 شەكىلنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان 120 چېكىت، ئالتە ھەمزە، ئۈچ پەشنى ئايرىپ تاشلىساق، ئاساسىي شەكىل 16 دىن ئاشمايدۇ. مەسىلەن، ا، ب، و، ك، ب، د، ر، ى، ل، م، س، ح، ھ، ع، و، ە

ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى، ساۋات چىقىرىشنى ۋە ئوقۇش، يېزىشنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن تاشقىرى، ئىملادىكى تۇراقسىزلىق ۋە قالايمىقانچىلىققا سەۋەب بولماقتا.

3) يېزىق شەكىل جەھەتتىن بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىشى، پەن - تېخنىكىدا پايدىلىنىشقا ئەپلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ئىشلىتىۋاتقان بۇ يېزىق بۇ تەلەپكىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھازىر قوللىنىلىۋاتقان يېزىقنىڭ مۇرەككەپلىك ۋە قالايمىقانچىلىقى مەتبۇئاتتا خاتالىقلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا سەۋەب بولماقتا. بىر چىش ياكى چېكىتنىڭ ئارتۇق ياكى كام بولۇشى سۆزلەرنى بىر مەنىدىن يەنە بىر مەنىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپ، جۈملە مەزمۇنىنى بوزۇپ قويىدۇ. چېكىت ۋە چىشلارنىڭ سونۇپ كېتىشى سىياسىي جەھەتتىن بەزى خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ دۆلەتكە نۇرغۇن زىيان كەلتۈرمەكتە.

4) ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىزنىڭ قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا چىقىۋاتقان ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىشقىمۇ دەخلى قىلماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، خەنزۇ خەلقىنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۆگىنىشىگىمۇ قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا.[①]

① «شىنجاڭ گېزىتى» 1957 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.



شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىلاۋيان يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق كۆرسىتىلدى:

1) ئەرەپ ئېلىپبەسى ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشقا ئاران ئۈچ ھەرپ بېرەلىگەن بولسا، سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشقا سەككىز ھەرپ بېرەلەيدۇ (بۇنىڭ ئالتىسى سىلاۋيان ئېلىپبەسىدە بار ھەرپلەر، ئىككىسى تۈركىي تىللار سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدا يېزىق يارىتىش جەريانىدا سىلاۋيان ئېلىپبەسىدىن پايدىلىنىپ تۈزگەن ھەرپلەردۇر).

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارغىمۇ سىلاۋيان ئېلىپبەسىدىن (ئەسلى سىلاۋيان يېزىقىنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى ۋە ئەسلى سىلاۋيانچىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي تىللار سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تەرىپىدىن قوشۇلغان ھەرپلەردىن پايدىلىنىپ) يېتەرلىك مىقداردا ھەرپ ئالغىلى بولىدۇ. ئۇ ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى تۈركىي تىللار سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەردە ئوقۇلۇشى بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېقىن كېلىدۇ.

2) سىلاۋيان يېزىقىدا ھەر بىر تاۋۇش شەكىل جەھەتتىن بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدىغان مۇستەقىل ھەرپلەر بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.

3) سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا كۆچۈش بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن، زامانىۋىلاشقان پەن - تېخنىكىسىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتىدىن ئوكۇشلۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

4) سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق ئۇيغۇر،

قازاق، قىرغىز خەلقلىرى ۋە باشقا خەلقلەر ھەم ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى ئۈچۈن يات يېزىق ئەمەس. 1954 - يىلدىن باشلاپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 5 - يىللىقىدا سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقنى ئۆگىنىش يولغا قويۇلدى.①

سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشتە ئاساسلانغان پرىنسىپلار مۇنداق كۆرسىتىلدى:

1) سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشتە، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، يەنى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىكى رېئال تاۋۇشلار ئاساس قىلىندى. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى 32 ئاساسىي تاۋۇش ئۈچۈن خاس 32 بەلگە ئېلىش تەكىتلەندى.

2) يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشتە، بىر تاۋۇشقا بىر ھەرپ ئېلىش پرىنسىپىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، سىلاۋيان ئېلىپبەسىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تاۋۇش خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ھەرپلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق ۋە ئەينەن پايدىلىنىش كۆزدە تۇتۇلدى. مۇنداق پرىنسىپ بويىچە ئېلىنغان ھەرپلەر جەمئىي 24 بولۇپ، ئۇلار А، Б، В، Г، Д، Е، Ж، З، И، Й، К، Л، М، Н، О، П، Р، С، Т، У، Х، Ф، Ч، Ш دىن ئىبارەت.

بۇلاردىن تاشقىرى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا بار تاۋۇشلار ئۈچۈن سىلاۋيان ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئاددەتتىكى شەكلىنى

① «شىنجاڭ گېزىتى» 1957 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.



ساقلاش شەرتى ئاساسىدا، بۇ ھەرپلەرگە بەزى قوشۇمچە بەلگىلەر قوشۇلۇپ ياسالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سەككىز ھەرپ كىرگۈزۈلدى.

3) سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشتە، تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تۇغقان تىللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۆنىلىشىگە ئاساسلىنىپ، ھەر خىل تىللاردا بىر خىل ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلارنى ئوخشاش ھەرپلەر بىلەن بەلگىلەش كۆزدە تۇتۇلدى.

4) سىلاۋيان ئېلىپبەسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش خۇسۇسىيەتلىرى ۋە شۇ كەمگىچە ئىشلىنىپ كېلىۋاتقان يېزىق تراددىتسىيىسى كۆزدە تۇتۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدا يوق Ц، Щ، Ы، Ъ ھەرپلىرى لايىھىمىزگە كىرگۈزۈلمىدى. شۇنداقلا رۇس تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان ئورفوگرافىك بەلگىلەر (Я، Ю، Е غا ئوخشاش قوش تاۋۇشلۇق بەلگىلەر) ئۇيغۇر تىلى تراددىتسىيىسىدە ئادەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىك خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، يېزىق لايىھىمىزگە كىرگۈزۈلمىدى. شۇنداق قىلىپ رۇس تىلىغا خاس Е، Ы، Ъ، Ч، Щ، Я، Ю بەلگىلىرىنى يېزىق لايىھىمىزگە كىرگۈزمىدۇق.

5) سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىنى تۈزۈشتە، مۇنداق پرىنسىپنى كۆزدە تۇتتۇق: ئەسلى سىلاۋيان ئېلىپبە تەرتىپى ساقلانغان ھالدا ئۇيغۇر تىلىغا خاس يېڭىدىن قوشۇلغان ھەرپلەرنى (Ң، Қ، Җ، Ғ، Ҳ، Ҹ) لەرنى شۇ ھەرپلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىن ئوخشاشلىقىغا ۋە گۇرۇپپىلىنىش تەرتىپىگە

ئاساسەن تېگىشلىك ھەرپلەرنىڭ ئارقىسىغا قويىد[①]

شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى يىغىن سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوخشۇشلۇق لايىھىلەپ چىقتى. يىغىندا زىيا سەمەدى بۇ قېتىمقى سىلاۋيان يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان كېيىنكى ئون يىللىق پىلان ۋە پروگراممىلارنى خۇلاسىلىدى. يىغىن تۆۋەندىكى توققۇز تۈرلۈك قارارنى ماقۇللىدى:

1) ئۇيغۇر سىلاۋيان ئېلىپبەسىنىڭ 32 ھەرپتىن تەشكىل تېپىشىغا قوشۇلۇش (سوۋېت ئۇيغۇرلىرى 41 ھەرپ ئىشلەتكەن).

2) سوۋېتتىكى قازاق سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى شىنجاڭدىكى قازاقلار ئۈچۈن ئوخشاش قوللىنىش بىلەن بىرگە، ئامال قىلىپ ھەرپ سانىنى ئازايتىش (كېيىن 40 ھەرپ ئىشلىتىلدى).

3) سوۋېت قىرغىزلىرى ئىشلەتكەن سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى شىنجاڭدىكى قىرغىزلار ئۈچۈن قوللىنىش.

4) شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئالدىنقى يىلى ئىچكى موڭغۇلدا ئېچىلغان تىل - يېزىق مۇھاكىمە يىغىندا بەلگىلەنگەن موڭغۇل سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى قوللىنىش.

5) شىنجاڭدىكى شىبەلەر ئۈچۈن 34 ھەرپتىن تۈزۈلگەن سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى قوللىنىش.

6) شىنجاڭدىكى ئۆزبېك ۋە تاتارلار سوۋېتتىكى ئۆزبېك ۋە تاتارلار بىلەن ئوخشاش بولغان سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى قوللىنىش.

7) ئاكتىپلىق بىلەن تاجىك، مانجۇ، سېرىق ئۇيغۇر، سالا قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق تەتقىقات خىزمىتىگە ئىشتىراك

① «شىنجاڭ گېزىتى» 1957 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى



قىلىش.

8) ئەرەپ ئېلىپبەسىدىن سىلاۋيان ئېلىپبەسىگە كۆچۈشتىن ئىبارەت يېزىق ئىسلاھاتى خىزمىتىنى مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل خىزمەت بولۇپ، ئۇنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش، بۇرۇنقى ئىملا قائىدىسىنى يېڭى ئىملا قائىدىسى تۈزۈلگىچە ئىشلىتىپ تۇرۇش.

9) جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى بويىچە، يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش كومىتېتىنى قۇرۇش، مائارىپ پروگراممىسى، كېرەكلىك نەشرىيات ۋاستىلىرى بىلەن يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش.[①]

بۇ قارارنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، مەركىزىي دىئالېكتنى ئەدەبىي تىل ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىش كۆرسىتىلىپ، غۇلجا تەلەپپۇزىنى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىش بەلگىلەندى. شۇنىڭدەك قاراردا يەنە ئەدەبىي تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئاتالغۇ تۈزىدىغان ئورگانلارنى قۇرۇش تەلەپ قىلىندى. نەتىجىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ سىلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى:

① «شىنجاڭ گېزىتى» 1957 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

جەدۋەل VIII سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

| № | باسما شەكلى | يازما شەكلى | ئېيتىلىشى | ھازىرقى يېزىق | № | باسما شەكلى | يازما شەكلى | ئېيتىلىشى | ھازىرقى يېزىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | Aa | Aa | a | ئا | 18 | Нн | Нн | He | ن |
| 2 | эЭ | эЭ | э | ئە | 19 | Нн | Нн | He | ڭ |
| 3 | Бб | Вв | бе | ب | 20 | Оо | Оо | o | ئو |
| 4 | Вв | Гг | ьe | گ | 21 | Оо | Оо | o̤ | ئو |
| 5 | Гг | Дд | u | غ | 22 | Пп | Пп | ne | پ |
| 6 | Дд | Ee | u | د | 23 | Рр | Рр | pe | ر |
| 7 | Ee | Шш | ge | ئې | 24 | Сс | Сс | ce | س |
| 8 | Жж | жЖ | l | ژ | 25 | Тт | Мм | me | ت |
| 9 | Жж | Zz | же | ج | 26 | Уу | Уу | y | ئو |
| 10 | Зз | Uu | же | ز | 27 | фф | чЧ | y | ف |
| 11 | Ии | Uu | | ئى | 28 | Фх | фф | Фe | خ |
| 12 | Йй | Kk | же | ي | 29 | Фх | Фх | xe | ھ |
| 13 | Кк | Kk | u | ك | 30 | Чч | Фх | xe | چ |
| 14 | Кк | Ll | u | ق | 31 | Шш | Гг | ze | ش |
| 15 | Лл | Uu | ke | ل | 32 | ь | Шш | we | ئۈ |
| 16 | Мм | | ke | م | 33 | | ь | ئايرىغۇچ بەلگە | |
| 17 | | | u | | | | | | |
| | | | we | | | | | | |



بۇ ئېلىپبە 1956 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

شۇبھىسىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ سلاۋيان ئېلىپبەسىنى قوللىنىشى بىر خىل مەغلۇبىيەت، چېكىنىش ئىدى. بۇ قانداقتۇر تېخنىكىلىق جەھەتتىكى كەمچىلىك بولماستىن، ئەينى ۋاقىتتىكى سولچىل سىياسەتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ تەكرارلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى تىلشۇناسلىق ئېھتىياجى دېگەندىن كۆرە سىياسىي ئېھتىياج دېگەن تۈزۈك. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى قېرىنداشلىرىغا مەدەنىيەت جەھەتتە يۈزلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىشىشى بىلەن بىر تۈز سىزىقتا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت ئىدى. بۇ ئەھۋال جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىشكە باشلىغاندا ئېنىق ئىپادىلەندى.

## 2. 1960 — 1983 ـ يىللار

1956 ـ يىلىدىكى يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، يۇقىرىدىكى بەش مىللەتنىڭ يېزىق لايىھىلىرى مەلۇم دائىرىدە سىناق قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە، 1957 ـ يىلى گوۋۇيۈەن لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسىنى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن «ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقى ھەققىدە بەش پرىنسىپ» نى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ «نۆۋەتتىكى يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن نۇتقى

ئېلان قىلىندى. 1958 - يىلى 5 - ئايدا، بېيجىڭدا مەملىكەتلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا «مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ياراتماقچى بولسا، ياكى يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، پرىنسىپ جەھەتتىن لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك»① دېگەن پرىنسىپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن سىلاۋيان يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىق لايىھىلىرىنى سىناق قىلىش خىزمىتى ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالدى.

1957 - يىلى ئېلان قىلىنغان بەش پرىنسىپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ:②

1) ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ياراتماقچى ياكى يېزىقىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا چوقۇم لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلىشى كېرەك.

2) خەنزۇچە تاۋۇشلارغا يېقىن تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشتە، ئىمكان قەدەر خەنزۇ تىلى فونېتىكىسىدىكى ھەرپلەرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

3) خەنزۇ تىلى فونېتىكىسىدا يوق بولغان تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشتە تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردىن بىرىنى تاللاش كېرەك: (1) بىر تاۋۇش ئۈچۈن ئىككى ھەرپ قوشۇپ يېزىلىشى كېرەك؛ (2) يېڭى ھەرپ ياكى شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھەرپ ئىشلىتىش كېرەك؛ (3) ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا بەزى بەلگىلەرنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

---

① ئابدۇرېشىت سابىت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانى» «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 - يىل 3 - سان

② جۇيۇڭگالى: «خەنزۇ يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش تەزەربىيىسى» «يېزىق ئىسلاھاتى» 1961 - يىل 49 - 50 - بەت.



4) تىلنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا تۆۋەندىكىلەردىن بىرنى تاللاش كېرەك: (1) تاۋۇش ئاخىرىغا ھەرپ قوشۇش؛ (2) باشقا بەلگە تاللاش؛ (3) ئۇنى ئىپادىلىمەسلىك.

5) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىقى، بولۇپمۇ ئۆز ئارا يېقىن بولغان تىللار ھەرپ ۋە ئىملا قائىدىسى جەھەتتىن ئىمكان بار پەرقلىق بولۇشى كېرەك.

1958 - يىلى ئېچىلغان يىغىن 20 كۈن داۋاملىشىپ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىسلاھاتى، ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى ۋە «بەش پرىنسىپ» نى تەكىتلىدى. يىغىنغا قاتناشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى تېخى ئالتە ئاينىڭ ئالدىدا سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى قوللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن بولسا، ئەمدىلىكتە لاتىن ئېلىپبەسىنى يولغا قويۇشقا يۈزلەندى. تېخى يېقىندىلا سىلاۋيان ئېلىپبەسىنىڭ سان - ساناقسىز پايدىلىق تەرەپلىرىنى مەدھىيىلىگەن يەرلىك ئەمەلدارلار تىل ئېھتىياجىدىن كۆرە سىياسىي ئېھتىياج بولغان بۇ يېزىق ئۆزگەرتىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشتە بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئىنتايىن زور مۇشكىلات ئىچىدە سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا يۈزلەنگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىككى خىل تاللاشقا دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىرى، ھەممە يېزىق ئىسلاھاتىنى چەتكە قېقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى ئېلىپبەسىگە قايتىش، يەنە بىرى، يېڭى سىياسەتكە يېقىندىن ئەگىشىش ئۈچۈن لاتىن ئېلىپبەسىنى قوللىنىش.

نەتىجىدە، شىنجاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇلدىكى موڭغۇل ۋە

شىبەلەر ئالدىنقى ئۇسۇلنى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر كېيىنكى ئۇسۇلنى تاللىدى.

بۇ ئىشقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلدى. چۈنكى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى ھەممە كىشىنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە قىزىقىشىنى يەپ كەتكەنىدى. ئەمەلدارلار پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭى خەلق كوممۇناسى قۇرۇش ئىشلىرىغا بەند بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ ۋاقىتتا زىيالىيلار ئارىسىدا، يېزىق ئىسلاھاتى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار ناھايىتى يىراق بولغان تاغلىق رايونلاردا، كۆمۈر كانلاردا، تۆمۈر رودىسى قېزىش ئورنىدا جاپالىق ئىشلەۋاتاتتى. نەتىجىدە، 1958 ـ يىلىنىڭ كۈز ۋە قىش پەسلىدە شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت سىنىپلىرى تاقىلىپ قالدى. 1959 ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە، «ھوقۇقدارلارغا قارشى كۆرەش» نىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار لاتىنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە مەجبۇر بولدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، لاتىن ئېلىپبەسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭدا سوۋېتنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش مەقسەت قىلىندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى «خەنزۇ تىلى سۆز ـ ئاتالغۇلىرىنى قوبۇل قىلىش — جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۆز ئارا قوشۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن پايدىلىق، چەتنىڭ ئېلىپبەسى (سىلاۋيانچە) گىلا ئېسىلىۋېلىپ، خەنزۇچە ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇرۇش يەرلىك



مىللەتچىلىك » ① دەپ كۆرسەتتى. ئەينى دەۋردە، سىلاۋيان ئېلىپبەسىنى تەكىتلەش مىللىي مەسىلە، سىياسىي خاتالىق بولۇپ ئىپادىلەندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زاكىروپ خەلقنى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش داۋامىدا يېزىق ئىسلاھاتى پىلانلىرىنى غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇش» قا چاقىردى. 1959 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق تىل ـ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ لايىھىسى بىلەن قازاق يېڭى يېزىقىنىڭ لايىھىسى ھەم ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشنىڭ پرىنسىپلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ يېزىق لايىھىسىنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈش ماقۇللاندى. شۇنداقلا لاتىن يېزىقىنى قوللىنىش ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تەكىتلەندى ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى «ئوخشاشلىق» نى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەنزۇچە ئاتالغۇلار كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن لاتىن ئېلىپبەسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرىدا ئىشلىتىلدى. شۇنداق قىلىپ 1960 ـ يىلىدىن كېيىن قەدەممۇقەدەم باشلانغۇچنىڭ 1 ـ يىللىقىدىن باشلاپ ئىشلىتىلدى.②

1959 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ۋە قازاق يېڭى يېزىقىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى

① «شىنجاڭ گېزىتى» 1959 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

② ئىمىنوپ: «ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقىنى ئىنقىلابىي روھ بىلەن ئومۇملاشتۇرايلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1965 ـ يىل 72 ـ بەت.

ئېلان قىلدى.① شۇنداقلا 1960 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە سانىغا يېڭى يېزىقنى ھىمايە قىلىش ھەققىدە بىر يۈرۈش مۇھاكىمىلەرنى باستى. بۇ مۇھاكىمىلەردە ئاساسلىقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، خەنزۇ تىلىدىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش جەھەتلەردە يېڭى يېزىقنىڭ ئەھمىيىتى تەكىتلەندى. بۇ مۇھاكىمىلەردە چەكتىن ئاشقان سولچىل ئىدىيىلەر بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ رولى كۆپتۈرۈلدى. خەنزۇ تىلىدىن كۆپلەپ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ۋە خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆز - ئاتالغۇلارنى ئەينەن ( c, zh, ch, sh ) بىلەن خاتىرىلەشنىڭ ئەھمىيىتى تەكىتلەندى.②

1960 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە شىنجاڭ تىل - يېزىق ئىسلاھ قىلىش كومىتېتى يېڭى يېزىقنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە نۇرغۇن ئەمگەكلەرنى ئىشلىدى. بېيجىڭدىكى تىلشۇناسلارمۇ ئۇيغۇر، قازاق خەلقىنىڭ يېڭى يېزىقنى قوللىنىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق، دەپ كۆرسەتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوپ قازاقىستاننىڭ «خەنزۇ يېزىق سىستېمىسىنىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقلىرىگە زورلاپ تېڭىلىشى چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ ئىسپاتى» دېگەن سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ: «ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇشتا جاھىل يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇرلار ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلار

① «يېزىق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا سوئال - جاۋابلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1962 - يىل 20 - بەت.
② «شىنجاڭ گېزىتى» 1960 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى



بىزگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى» دەپ كۆرسەتتى.①

قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ تىل - يېزىق ئىسلاھ قىلىش كومىتېتى ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. شەھەر - يېزىلاردىكى زاۋۇت، كان، كارخانا، ئىشچى، دېھقانلار ئارىسىدا يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كۇرسلار ئېچىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چوڭلار ئۈچۈن ئاكتىپ ئوقۇتقۇچى بولدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرىغا قاتناشقان ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ كەشتىلىرىگە يېڭى يېزىق ئىشلەتتى. قەشقەردىكى ناۋايلار ناننىڭ ئۈستىگە يېڭى يېزىق ھەرپلىرىنى چىقاردى. بالىلارنىڭ كۆڭلىكى، ئاياللارنىڭ سومكىسى ۋە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان قورال - سايمانلارنىڭ ئۈستى يېڭى يېزىق بىلەن زىننەتلەندى......

1963 - يىلى شىنجاڭ تىل - يېزىق ئىسلاھ قىلىش كومىتېتى تەييارلىغان ئۇيغۇر لاتىن ئېلىپبەسى بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدىكى تىلشۇناسلارنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنۇلدى. يىغىندا ئاساسلىقى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان sh, zh, ch قوشما ھەرپلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە بولدى. يىغىندا تۆۋەندىكىلەر قارارلاشتۇرۇلدى:

1) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي تىل بولۇش ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىش.

2) مىللىي تىللارنىڭ ئورتاقلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

3) گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «بەش پرىنسىپ» نى ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش.

① ئەسئەت ئىسھاقوپ: «ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1965 - يىل 58 - بەت.

1964 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - قېتىملىق يىغىنىدا لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى رەسمىي يېزىق سۈپىتىدە قوللىنىش ھەققىدىكى قارار ماقۇللاندى ۋە 10 - ئايدا گوۋۇيۈەنگە سۇنۇلدى. بۇ لايىھىنى گوۋۇيۈەن 1964 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تەستىقلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1965 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش ھەققىدە بۇيرۇق ئېلان قىلدى.①

جەدۋەل IX 1965 - يىل 1 - يانۋار ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باسمىسى | Aa | Bb | Cc | Dd | Ee | Ff | Gg |
| يازمىسى | *Aa* | *Bb* | *Cc* | *Dd* | *Ee* | *Ff* | *Gg* |
| نامى | a | be | ce | de | e | ef | ge |
| كونا ھەرپلەر | ئا | ب | (تس) | د | ئې | ف | گ |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باسمىسى | Hh | Ii | Jj | Ll | Mm | Nn | |
| يازمىسى | *Hh* | *Ii* | *Jj* | *Ll* | *Mm* | *Nn* | |
| نامى | Ha | i | je | ke | el | em | en |
| كونا ھەرپلەر | خ | ئى | ج | ك | ل | م | ن |

① «شىنجاڭ گېزىتى» 1965 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى



| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| باسمىسى | Oo | Pp | Qq | Rr | Ss | Tt |
| يازمىسى | *Oo* | *Pp* | *Rr* | *Ss* | *Tt* | |
| نامى | o | pe | qiu | ar | es | te |
| كونا ھەرپلەر | ئو | پ | چ | ر | س | ت |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| باسمىسى | Uu | Vv | Ww | Xx | Yy | Zz |
| يازمىسى | *Uu* | *Vv* | *Xx* | *Yy* | *Zz* | |
| نامى | u | ve | wa | xi | ya | ze |
| كونا ھەرپلەر | ئۇ | (ۋ) | ۋ | ش | ي | ز |

ئەسلەتمە: ئېلىپبەدىكى يەككە ھەرپلەردىن باشقا يەنە sh، ch، zh، ng قوشما ھەرپلىرى قوللىنىلىدۇ.①

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سابىق ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تۈزگەن «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىسى» ئېلان قىلىندى. بۇ ئىملا قائىدىسىدە مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ ئالغا سۈرۈلگەن. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى مەسىلىسى ئىلمىي ئاساستا قائىدىلىك ھەل قىلىنغان. قوشۇمچىلاردىن ئىخچاملاشقا بولىدىغانلىرى ئىخچاملانغان. لېكىن «سول» چىللىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلارنىڭ ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە، بوغۇم تۈزۈلۈش قانۇنىيىتىگە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى ھەرپلەر (sh، ch، zh، c) ۋە قائىدىلەر زورلاپ كىرگۈزۈلگەن.

① «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئاددىي ئىملا قائىدىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1965 - يىل 1 - بەت.

شۇنىڭ بىلەن يېڭى يېزىقنى ئامما ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش باشلاندى ۋە ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى:

1) مائارىپ ساھەسىدە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلدى. كادىر، ئىشچى، ھەربىيلەر بۇ يېڭى يېزىقنى سىستېمىلىق ئۆگەندى. ساۋاتسىزلىققا قارشى كۆرەش كۈچەيتىلدى.

2) ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە ھەربىي ئورۇنلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى.

3) ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلىتىلىشى كېڭەيتىلىپ، بۇ يېزىقنىڭ ئەسلىدىكى يېزىقنىڭ ئورنىنى ئېلىشى تېزلىتىلدى.

بۇ خىزمەتنى 1970 - يىلىدىن بۇرۇن تاماملاش ئۈمىد قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن 1966 - يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى بىلەن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سىياسىيغا بۇرۇلدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى توسالغۇغا دۇچ كەلدى. لېكىن، بۇ يېزىق باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قەدەممۇقەدەم ئۆگىتىلدى. ئون يىل داۋاملاشقان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە شىنجاڭمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاشلا زور بالا - قازانى بېشىدىن كەچۈردى. بارلىق كەسپىي، تېخنىكا مەكتەپلىرى، ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى تاقىلىپ، بارلىق زىيالىيلار ئاتالمىش «كادىرلار مەكتىپى»گە ئەۋەتىلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا يېڭى ئېلىپبەدىن سۆز ئېچىش پۇرسىتى يوق ئىدى. ئۇيغۇر ئەرەب ئېلىپبەسى زىيالىيلار ۋە پۇقرالار ئارىسىدا گېزىت ۋە ئېلانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. بۇ ۋاقىتتا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى



ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالغانىدى. مۇنداق ئەھۋالدا سوۋېتكە قارشى تۇرۇش شىنجاڭدىكى مۇھىم ئىش بولۇپ قالغانىدى. بۇ مەزگىلدە سوۋېت مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى رادىئو ۋە نەشرىيات ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا قاراتقان سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلدى. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى 1970 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن نەشر قىلىندى. بۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، سەيپىدىن ئەزىزى 1970 - يىلى قىشتا ھەرقايسى جايلاردىكى «كادىرلار مەكتىپى»دە جىسمانىي ئەمگەك قىلىۋاتقان تىلشۇناسلارنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ، ئۇلارغا يېڭى يېزىقنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇش كۆرسەتمىسى بەردى. لېكىن، بۇ تىلشۇناسلار ئۇزاق ئۆتمەي «قايتا تەربىيە»گە ئەۋەتىلگەچكە، بۇ ئىش ئېغىزدىلا قالدى. گەرچە 1970 - يىللاردا مۇشۇنداق يىغىنلار ئېچىلىپ تۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن لاتىن يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا ئۈنۈملۈك قەدەم بېسىلمىدى. لېكىن قىزىق يېرى شۇكى، يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بوشىشىپ قالغان شۇ كۈنلەردە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بۇ يېزىق شۇنچىلىك ئىجتىھات بىلەن ئۆگىتىلدىكى، نەتىجىدە پۈتۈن بىر ئەۋلاد باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى سىستېمىلىق ھالدا يېڭى يېزىق بىلەن ساۋاتلىق بولدى. 1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇ يېزىقنى قوللىنىش دائىرىسى ئالىي مەكتەپلەرگە كىردى. لېكىن كونا ئەرەب يېزىقنى ئۆگەنگەنلەر يەنىلا شۇ يېزىقنى ئىشلىتىۋەردى. كونا يېزىق داۋاملىق قوللىنىلغاچقا، يېڭى يېزىق

ئۆگەنگەنلەر مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، كونا يېزىقنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدەك ئەينى ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار كونا يېزىقنى ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، مەكتەپكە كىرگەن ياشلار يېڭى يېزىق ئۆگەنگەن بولغانلىقتىن، نەتىجىدە جەمئىيەت ۋە مەكتەپتە ئالاقىلىشىشتا زور مەسىلە كېلىپ چىقتى.

1973 - يىلى سابىق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ ئىملا قائىدىسىدە 1965 - يىلى تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىسىگە قارىغاندا سەل - پەل ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى يېزىش ئۈچۈن بېرىلگەن قائىدىلەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئەمەلىي قوللىنىشتا بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلغانىدى. چەت تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ھەققىدىمۇ قائىدە بېرىلمىگەن. تىنىش بەلگىلىرىمۇ خەنزۇ تىلىدىكىگە ئوخشاش بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، سانى 16 گەيېتىپ بەزى ھاجەتسىز بەلگىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەنىدى.① ئەسلىدىنلا ئومۇملاشماي تۇرغان بۇ يېزىق ھەققىدە يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپ قائىدىلەر، ئارتۇقچە بەلگىلەر بولغاچقا، مەسىلە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. لېكىن بۇ يېزىققا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەت بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت 1976 - يىلى 15 - ئىيۇل كۈنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شۇ يىلى 1 - ئاۋغۇستتىن باشلاپ كونا يېزىقنى ئىشلەتمەسلىكنى جاكارلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «قىزىل بايراق» ژۇرنىلى پەقەت ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى بىلەن چىقىدىغان

① «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1973 - يىل 19 - بەت.



بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولۇپ خۇا گوفېڭ رەئىس بولدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تەنقىد قىلىدىغان كۈرەش قانات يېيىپ كەتتى. گوۋۇيۈەن بۇ سىياسىي ۋەزىيەتتە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاممىسىغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، مەتبۇئاتتا كونا ۋە يېڭى يېزىقنى تەڭ ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئېلىمىزدە يېڭى بىر دەۋر باشلانغاندىن كېيىن، تىلغا ئائىت مۇنازىرە قايتا باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا دۇچ كەلگەن مۇھىم مەسىلە قانداق قىلىپ يېڭى يېزىقنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ئىدى. شىنجاڭ تىل - يېزىقنى ئىسلاھ قىلىش كومىتېتى 1979 - يىلى 12 - ئايدا ئۈرۈمچىدە يىغىن ئېچىپ، ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا ئاخىرقى تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتتى. گەرچە يىغىنغا نەشرىيات خادىملىرى، تەتقىقاتچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىيلار قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن لاتىن يېزىقىنى قوللىنىش قىزغىنلىقى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە لاتىن ئېلىپبەسىنىڭ ئىملا قائىدىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى ھەققىدە ئوچۇق شىكايەتلەر بولدى. يىغىن يېڭى ئاتالغۇلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. نەتىجىدە خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان نۇرغۇن ئاتالغۇلار ئۇيغۇرچە ياكى رۇسچىگە ئالماشتۇرۇلدى. يىغىن نەتىجىسىدە يېڭى ئاتالغۇلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ، يېڭى ئۆلچەملىك ئاتالغۇلارنى ئېلان قىلدى.

بۇ خىزمەت باشلىنىپلا بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا شىنجاڭ تىل - يېزىق ئىسلاھ قىلىش كومىتېتى لاتىن ئېلىپبە سىستېمىسى ھەققىدە نۇرغۇن شىكايەتنامىلەرنى تاپشۇرۇۋالدى.

بۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىن كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىقى يەنىلا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن كەلگەنىدى. ئۇلار لاتىن يېزىقىنىڭ ئۇيغۇر ئەرەب ئېلىپبەسىگە قارىغاندا تەس ئىكەنلىكىنى شىكايەت قىلىپ، ئۇنى ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش ئۇلغىيىپ ئاخىرى 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېڭى يېزىقنى ئىشلەتمەسلىك رەسمىي قارار قىلىندى. ھۆكۈمەت ھۆججىتىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقى يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىپ باقمىدى ھەم ھازىر تېخى شارائىت پىشىپ يېتىلمىدى»①. بۇنداق ئىككى خىل يېزىقنى تەڭ ئىشلىتىش ئەمەلىيەتتە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى.

ساپ تېخنىكا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېڭى يېزىق كونا يېزىققا قارىغاندا يېزىشقا، ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە ئاسان ئىدى. تۆت يىللىق تەجرىبىدىن قارىغاندىمۇ بىرىنچى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار كونا يېزىق ئارقىلىق بىر يىل ئۆگەنگەن نەرسىنى يېڭى يېزىق بىلەن ئالتە ئايدا ئۆگىنىپ بولغان. بۇ ھەقتە ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوپ مۇنداق دېگەن: «ئوقۇغۇچىلار يېڭى يېزىق بىلەن تېز ئىلگىرىلەيدىكەن، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىملاسى ناچار بولسىمۇ، كونا يېزىق ئارقىلىق بىر يىل ئۆگىنىدىغان نەرسىنى يېڭى يېزىق بىلەن تېز ئۆگىنىپ قالماستىن، بىر قىسىم ئاددى جۈملىلەرنى ئوقۇيالايدىغان ۋە يازالايدىغان بولىدىكەن»②.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە لاتىن ئېلىپبەسى ئۇيغۇر تىلىنى

① ۋېي مۇيىي: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 ـ يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 3 ـ 4 ـ سان. ئېنگلىزچە نەشرى.

② ئەسئەت ئىسھاقوپ: «ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1965 ـ يىل 58 ـ سان.



فونېتىكا سىستېمىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يېتەرلىك بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالاھىدە تاۋۇشلار ئۈچۈن ئالاھىدە بولغان ئۈزۈك ۋە سوزۇق تاۋۇشلار ئىجاد قىلىنغانىدى. شۇنىڭدەك ئېلىپبە تەرتىپىمۇ ئىنگلىز تىلىدىكى 26 ھەرپ تەرتىپىگە ئوخشاش ئىدى. يېڭى يېزىقنىڭ نۇرغۇن ئەۋزەللىكلىرى تۇرۇقلۇق نېمىشقا يەنە كونا يېزىققا قايتىش بولدى؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ:

1) لاتىن ئېلىپبەسىنى قوبۇل قىلغاندا، تىلشۇناسلىق قائىدىلىرىگە خىلاپ ھالدا ئۇيغۇر تىلىدا يوق تاۋۇشلار ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالدا ئارتۇقچە بەلگىلەر زورلاپ تېڭىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى يېزىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. ئىملا قائىدىسى مۇرەككەپلەشتى. خەلقنىڭ قوبۇل قىلىشىغا پايدىسىز بولدى. چۈنكى ئىملا قائىدىسىدە خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئومۇمەن خەنزۇ تىلىنىڭ تراسكرىپسىيە قائىدىسى بويىچە ئورتاق تەلەپپۇزغا مۇۋاپىق يېزىلىدۇ①، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. شۇنداق بولغاندا، خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان iu، ou، iao، sh، zh، ch، c تاۋۇشلىرى ئۇيغۇر تىلىغا ماسلاشمايتتى. نەتىجىدە ئاپتور ۋە مۇھەررىرلەر خەنزۇچە ناملارنى قوللانغاندا، ئىسمىنى توغرا يېزىش ئۈچۈن بىر بولسا لۇغەتكە قارايتتى، بىر بولسا خەنزۇلاردىن سورايتتى. ئۇيغۇر، قازاق نەشرىيات ئورۇنلىرى «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ ئىچىدىكى خەنزۇچە ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇر ياكى قازاق يېزىقىدا يازغاندا، توغرا بولۇشى ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم تەكلىپ قىلىپ تۈزىتەتتى. بۇ پرىنسىپ باشقا كىتابلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئىدى.

① «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1973 ـ يىل 19 ـ بەت.

بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر، قازاق زىيالىيلىرى نەشرىيات ساھەسىدە مۇستەقىل ئىشلەشكە ئامالسىز قالغانىدى. كونا يېزىق تەس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى يازغىلى بولاتتى.

ئاتالغۇلار مەسىلىسىدىمۇ «سول» چىللىق چېكىدىن ئاشقانىدى. تىل پاكىتلىرىغا، تىل تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئېتىبارسىز قاراش سەۋەبىدىن، خەنزۇ تىلىدىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش قارىغۇلارچە تەكىتلەندى. ھەتتا ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىمۇ «ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇش ئۇسۇللىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋە ئەڭ مۇھىمى خەنزۇ تىلىنىڭ ئورتاق تىل (پۇتۇڭخۇا) ئاھاڭى بويىچە بىۋاستە قوبۇل قىلىش، ئاندىن قالسا يېرىمى ئاھاڭ بويىچە، يېرىمى تەرجىمە قىلىش، ياكى يېرىمى سۆز ياساش ئارقىلىق قوبۇل قىلىش» دەپ كۆرسىتىلدى.①

بۇ خىل ئەھۋاللار يېغىلىپ تىل - يېزىق ساھەسىدە بىرمۇنچە قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش پەقەت يېڭى يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس ئىدى. خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۇچۇن بېرىلگەن قائىدىلەرنى ئۆزگەرتىپ، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇنى ئاسان ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان قىلىپ تۈزىتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى.

2) كونا يېزىققا قايتىش ھەققىدە ئەڭ قاتتىق كۈچىگەنلەر، يېڭى يېزىق ھەققىدە ئەڭ كۆپ شىكايەت قىلغانلار ئەينى

① شىنجاڭ رادىئو سىنەن داشۆسى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 1978 - يىلى 83 - 84 - بەت.



ۋاقىتتىكى چوڭ زىيالىيلار، رەھبەرلەر ئىدى. ئۇلار ئەينى دەۋردە كونا يېزىقتا ساۋاتلىق بولغانلار بولغاچقا، يېڭى يېزىق ئومۇملاشتۇرۇلغاندا يېڭى يېزىقنى ئۆگىنىش ئۇلارغا ئېغىر كەلگەن، لېكىن سىياسىي ئېھتىياج ئۇلارنى بىرنەرسە دېگىلى قويمىغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا يېزىققا قايتىش شامىلى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى.

3) يېڭى يېزىق يولغا قويۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ۋە مىللىي غۇرۇرىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلدى. بارلىق مىللىي ئەنئەنىلەر تەقىپلەندى، مىللىي بايرام، ئۆرپ - ئادەتلەر چەكلەندى. مىللىي ئەدەبىياتنى، تارىخنى ئۆگىنىش ۋە بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولمىدى. ئون نەچچە يىل تەقىپ ئاستىدا قالغان مىللىي مەدەنىيەت «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ بوشىدى. كەڭ خەلق ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدى. مانا مۇشۇ چاغدىكى مىللىي ھېسسىيات ئۇزۇن يىل تاشلىۋېتىلگەن يېزىقنى تېپىۋېلىشتىن خۇشاللىق ۋە قانائەت ھاسىل قىلىش بىلەن ئىپادىلەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تەقىپكە ئېلىنغان بارلىق نەرسىلەر يورۇقلۇققا چىقىرىلدى. شۇ جۈملىدىن يېڭى يېزىقنى ئىسلاھ قىلىپ داۋاملىق قوللىنىشقا ھېچكىمنىڭ رايى بارمىدى. مانا بۇ كونا يېزىققا قايتىشنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش نۇقتىسىدىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بارلىق جىنايەتلىرىدىن ھېساب ئېلىش نۇقتىسىدىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

## 1984 - يىلىدىكى كونا يېزىققا قايتىش

يولداش دېڭ شياۋپىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەزمۇن

قىلىنغان يېڭى دەۋر باشلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، 1957 - يىلىدىن كېيىنكى كۆپلىگەن خاتالىقلار «سول» چىلىق دەپ قارالدى. 1978 - يىلى بىكار قىلىنغىنىغا ئون يىل بولغان دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشقا تەييارلاندى. 1980 - يىللارنىڭ بېشىدا، يېڭى يېزىق بىلەن كونا يېزىقتا نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئۇسلۇبىدا پەرق شەكىللەندى. بۇ مەزگىلدە پەقەت باشلانغۇچ 1 - يىللىقلار ئۈچۈن ۋە بىر قىسىم بالىلار كىتابلىرى يېڭى يېزىقتا نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر كونا يېزىقتا نەشر قىلىندى.

1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق يىغىنىدا 1958 - يىلىدىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىغا ئائىت يۈرگۈزۈلگەن خاتا سىياسەتلەر تەكىتلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىقىغا دائىر سىياسەتلەرنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغانلىقىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلاشمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى①. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بېيجىڭدا جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كونا يېزىقى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ ھەر ئىككى جەمئىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىق تەتقىقاتىغا ئىلھام بەردى.

ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ سىناق قىلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، بۇ يېزىق لايىھىسى 20 يىلدىن ئارتۇق قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، يېزىق

① ۋېي يۇيىي: «ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 1950 - يىلىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» مەركىزىي ئاسىيا ژۇرنىلى 1993 - يىلى 3 - 4 - سان. ئېنگلىزچە نەشرى.



ئۆزگەرتىشنىڭ شەرت - شارائىتلىرىنى مۆلچەرلەشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، «سول» چىل خاتا لۇشيەننىڭ تەسىرى، يېزىق لايىھىلەشنىڭ ئۆزىدە بىرمۇنچە مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى، شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىنغان بولسىمۇ، خەلق ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. جەمئىيەتتە ئومۇملاشمىدى. ھەر ساھەدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ يېزىققا نىسبەتەن پىكىر - تەلەپلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ خىزمەتلىرىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتتى. نەتىجىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، خەلق ئاممىسىدىن پىكىر ئېلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1982 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى 17 - سانلىق يىغىنىنىڭ قارارى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1982 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى «‹ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى›نى تارقاتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»غا ئاساسەن، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى قوللىنىش توختىتىلىپ، ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى فونېتىكىلىق بەلگىلەر قاتارىدا ساقلاپ قېلىنىپ، زۆرۈر تېپىلغان سورۇنلاردا ئىشلىتىش قارار قىلىندى①. بۇنىڭ بىلەن لاتىن يېزىقى پەقەت بىر قىسىم ماتېرىياللارنى نەشر قىلىش

① جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى (تىل - يېزىق قىسمى) 399 - بەت.

بىلەن چەكلىنىپ قالدى ۋە ئاستا - ئاستا ئىشلىتىشتىن قالدى.

ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا قايتىش ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا قانات يايدۇرۇلدى. 20 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرى قانچىلىك كۆچەپ كۆرسىتىلگەن، سىلاۋيان، لاتىن ئېلىپبەسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى قانچىلىك كۆككە كۆتۈرۈلگەن بولسا، 80 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە كونا يېزىقنىڭ ئەھمىيىتى، يېڭى يېزىقنىڭ كەمچىلىكلىرى كۆچەپ كۆرسىتىلدى. بۇ ھەقتە غايىپار مۇھەممەدى، سالى خۇدابەردى قاتارلىق زىيالىيلار «يېڭى يېزىقنى قوللانغان ياخشىمۇ، كونا يېزىقنى قوللانغان ياخشىمۇ؟»، «يېزىق توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمىز» دېگەن تېمىلاردا ماقالە ئېلان قىلىپ، كونا يېزىق ھەققىدە توقۇلغان «ناھەق ئەنزە»لەرنى پاش قىلدى. كونا يېزىقنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى تەكىتلەپ، يېڭى يېزىقنىڭ نۇقسانلىرىنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ ئۆتتى[1].

20 يىلغا يېقىن قوللىنىشتىن توختاپ قالغان ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەسلىگە كېلىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش، مەتبۇئات، نەشرىيات، خەت - ئالاقە ۋە ھۆججەتلەردە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىملادا بۇ يېزىقنىڭ بۇرۇن ھەل قىلىنمىغان ئېلىپبە جەدۋىلىگە ۋە ئىملا قائىدىسىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى يېتەرسىزلىكلىرى گەۋدىلىك كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1983 - يىلى 4 - ئايدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە يېزىق ئەنئەنىسىگە ئاساسەن كەڭ كۆلەمدە

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 - يىل 1 - سان.



مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسىنى ئىشلەپ چىقتى ۋە بۇ ئېلىپبە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى تەستىقى ۋە 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى بىلەن رەسمىي ئېلان قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئېلىپبە قىسمىدا ھەرپلەرنىڭ شەكلى، تەرتىپى، نامى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە يېزىق ئەنئەنىسىگە ئاساسەن قايتىدىن بېكىتىلدى. بۇ قېتىمقى ئېلىپبەدە ئۇزۇندىن بېرى ھەل بولماي كەلگەن تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشنى ئىككى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنىپ، بۇرۇنقى ئىككى بەلگىنى o، u تاۋۇشلىرى ئۈچۈن قالدۇرۇپ ө، ü فونېمىلىرى ئۈچۈن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاساسىي ھەرپ شەكلى بولغان «ئو»نىڭ ئۈستىگە «v»، «ا» بەلگىلىرىنى قويۇش ئارقىلىق ө، ü ھەرپلىرى ئىپادە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى 32 تاۋۇشنىڭ ھەربىرىگە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان 32 ھەرپ بەلگىلىنىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.

جەدۋەل X 1983 - يىلى 9 - ئايدا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا، ا | | | ـا | ئا |
| 2 | ئە، ە | | | ـە | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 9 | د | | | ـد | دې |
| 10 | ر | | | ـر | رې |
| 11 | ز | | | ـز | زې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 24 | ھ | ھـ | ـھـ | ـھ | ھې |
| 25 | ئو، و | | | ـو | و(o) |
| 26 | ئۇ، ۇ | | | ـۇ | ئۇ(u) |
| 27 | ئۆ، ۆ | | | ـۆ | ئۆ(ө) |
| 28 | ئۈ، ۈ | | | ـۈ | ئۈ(ü) |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې |
| 30 | ئې، ې | ئېـ، ېـ | ـېـ | ـې | ئې |
| 31 | ئى، ى | ئىـ، ىـ | ـىـ | ـى | ئى |
| 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |



بۇ قېتىمقى ئېلىپبە 1954 - يىلىدىكى ئېلىپبەدىن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا پەرقلىنەتتى:

1) تۆت لەۋلەشكەن تاۋۇش ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھەرپ بەلگىلەندى. 1954 - يىلىدىكى ئېلىپبەدە ئىككى بەلگە ئارقىلىق تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ئىپادىلەنگەنىدى، شۇڭلاقلا بۇ ئېلىپبە 30 ھەرپتىن تەركىب تاپقانىدى.

2) ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى پەرقلەندۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى يېڭى ئېلىپبەدە سوزۇق تاۋۇشلار ئۆز نامى بىلەن، ئۈزۈك تاۋۇشلار ھەرپ ئاخىرىغا بىر «e» تاۋۇشىنى قوشۇش بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولدى.

3) بۇ قېتىمقى ئېلىپبەنىڭ تەرتىپىدە ئۆزگىرىش بولدى. 1954 - يىلىدىكى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە كېيىنكى سلاۋيان، لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەلىرىدىن پەرقلەندۈرۈلدى.

جەدۋەل XI ئۇيغۇر تىلىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ 1954 - ۋە 1983 - يىلى تۈزۈلگەن ئېلىپبەدىكى سېلىشتۇرمىسى

| تاۋۇشلار | o | ө | u | ü |
|---|---|---|---|---|
| 1954 | ئو | ئو | ئۇ | ئۇ |
| 1983 | ئو | ئۆ | ئۇ | ئۈ |

1983 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئېلىپبەسىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرساق تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا پەرقلىنىدۇ:

1) ئېلىپبە تەرتىپىدە پەرق مەۋجۇت.

2) ئوخشاش تاۋۇشلار ئوخشىمىغان ھەرپ بىلەن ئىپادىلەندى. مەسىلەن، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ө، ü لەر پەرقلىق ھەرپ بىلەن ئىپادە قىلىندى.

جەدۋەل XII ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئېلىپبەسىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ө، ü نىڭ ئىپادە قىلىنىشى

| تىل ئايرىمىسى | ئۇيغۇر | قازاق | قىرغىز |
|---|---|---|---|
| ө | ئۆ | ٴو | و |
| ü | ئۈ | ٴۇ | ۇ |

بۇ يېزىق سىستېمىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەسلەر 1957 - يىلى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقى ھەققىدە بەش پرىنسىپ» بىلەن كارى بولمىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر بىر - بىرىنىڭ تىللىرىدىكى پايدىلىق تەرەپلەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئانچە كارى بولمىدى. ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆز يېزىقىدا گېزىت - ژۇرنال چىقىرىش ۋە نەشىر ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز يېزىقىنى ئىشلىتىشى بىر خىل مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ھوقۇق بولۇپ ئىپادىلەندى. ئۈرۈمچىدە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ۋە خەنزۇ تىللىرىدا نەشىر قىلىنىشقا باشلىدى.

بۇ قېتىمقى ئېلىپبە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ساھەنىڭ كەڭ قوللىشىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمەلىي قوللىنىش جەريانىدا ئىملاغا مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلار ۋە بەزى كونكرېت قائىدىلەرنى



تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئامىمىۋىلاشتۇرۇش، تىل - يېزىقىمىزنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ جۈملىدىن ئېلېكترونلۇق مەتبەئە تېخنىكىلىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تىل - يېزىق خادىملىرى، مەتبۇئات - نەشرىيات خادىملىرى، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل ئوقۇتقۇچىلىرى بىر قىسىم ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ پىكىر - تەكلىپلەرگە ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىق شەكلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىملادا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ، مەۋجۇت مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىلمىيلىك بىلەن ئامىمىۋىلىقنى تولۇق ئېتىبارغا ئالغان ھالدا سىستېمىلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر - تەكلىپلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ داشۆسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن مىرسۇلتان ئوسمانوپ، ئابدۇرېشىت سابىت، غەنىزات غەييۇرانى، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، ئەنۋەر جاپپار قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ، ئىملا قائىدىسىنى تۈزىتىش - تولۇقلاش ئىشى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈش ئىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەندى. بۇ گۇرۇپپا بىر يىلغا يېقىن جاپالىق

ئىشلەپ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»نى ئىشلەپ چىقتى. بۇ قېتىمقى ئىملا لۇغىتى 1957 ـ يىلى (1000 سۆزلۈك)، 1965 ـ، 1966 ـ يىللىرى (3000 سۆزلۈك)، 1976 ـ يىلى (8000 سۆزلۈك) تۈزۈلگەن ئىملا لۇغەتلىرىگە قارىغاندا، سۆزلۈك سانى كۆپ ۋە ساپاسى يۇقىرى بولغان لۇغەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ لۇغەتكە 30 مىڭغا يېقىن سۆز كىرگۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسى ۋە ئىملا لۇغىتىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ، ماقۇللاندى ۋە 1985 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىش قارار قىلىندى.

بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسىنى تۈزۈشتە، مەلۇم يەرلىك شېۋىنىڭ تىل ئادىتى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەركىزىي دىئالېكت، يېتەكچى تەلەپپۇز ئۆلچىمى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە بولغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانى تولۇق نەزەرگە ئېلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەتلەردىن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن، ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن، ئالىي مەكتەپلەردىن مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى قاتناشتۇرۇپ، 15 كۈن پۈتۈن كۈنلۈك كۇرس ئېچىپ، جايلاردا يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ تايانچلىرىنى تەربىيىلىدى. بۇ كۇرس



جەدۋەل XIII 1985 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا، ا | | | ـا(ـئا) | ئا |
| 2 | ئە، ە | | | ـە(ـئە) | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 9 | د | | | ـد | دې |
| 10 | ر | | | ـر | رې |
| 11 | ز | | | ـز | زې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 24 | ھ | ھـ | ـھـ | ـھ | ھې |
| 25 | ئو، و | | | ـو | و(o) |
| 26 | ئۇ، ۇ | | | ـۇ | ئۇ(u) |
| 27 | ئۆ، ۆ | | | ـۆ | ئۆ(ö) |
| 28 | ئۈ، ۈ | | | ـۈ | ئۈ(ü) |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې |
| 30 | ئې، ې | ئېـ، ېـ | ـېـ | ـې | ئې |
| 31 | ئى، ى | ئىـ، ىـ | ـىـ | ـى | ئى |
| 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |

ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەت، چوڭ سىستېمىلار ئۆز تەۋەسىدە ناھىيە، شەھەر، ئىدارە، جەمئىيەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن ئادەم قاتناشتۇرۇپ، دەرىجىمۇدەرىجە كۇرس ئېچىپ، ئىملا قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچلىرىنى تەربىيىلىدى. بۇ خىل كۇرسلارغا قاتناشقانلار قايتىپ بېرىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا پۈتۈن كۈنلۈك، يېرىم كۈنلۈك سىستېمىدىكى كۇرسلارنى، ئۆگىنىش سىنىپلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى. 1986 -، 1987 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاچقان ھەم ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، چوڭ سىستېمىلار ئاچقان كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ سانى 2000 دىن، ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن ئىدارە، جەمئىيەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھەم مائارىپ ئورۇنلىرى ئاچقان كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 10 مىڭدىن ئاشتى.①

يۇقىرىقى كۇرستا تەربىيىلەنگەن كۇرسانتلار ئۈچۈن تەييارلانغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەققىدە ساۋات» ناملىق كىتابچىدىن② باشقا، 1991 - يىلى 11 - ئايدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى» ناملىق كىتابچە نەشر قىلىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى چېكىت، سوئال بەلگىسى، پەش، ئۈندەش بەلگىسى، چېكىتلىك پەش، يالاڭ تىرناق، قوش تىرناق، تىرناقچە، سىزىق، قوش

① ئابدۇرېشىت سابىت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىيات جەريانى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 - يىل 3 - سان.

② مىرسۇلتان ئوسمانوپ، ئابدۇرېشىت سابىت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەققىدە ساۋات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىل. ئورۇمچى، 20 - بەت.



چېكىت، كۆپ چېكىت قاتارلىق 12 بەلگىنىڭ قوللىنىش پرىنسىپلىرى ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىنىپ، ئىملا قائىدىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىنىڭ قېلىپلىشىشى، ئومۇملىشىشى ئۈچۈن شارائىت ياراتتى.①

بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تىل - يېزىق سىياسىتى جەھەتتە قەرەللىك مۇھاكىمە ۋە تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوبدان زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بۇ جەرياندا ئىملا ۋە يېزىق جەھەتلەردىكى ئامىلدىن كەلگەن نۇرغۇن تەكلىپ - پىكىرلەرگە ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۇدۇللۇق ئېلان قىلىپ، پىكىر جەھەتتىكى بىردەكلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، تىل تەتقىقاتى جەھەتتىلا ئەمەس تىل - يېزىق سىياسىتى ۋە يېزىق ئىملاجەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەر تىل - يېزىق سىياسىتىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە يېزىق ئىملا جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىقلاشقان، تېخىمۇ پىششىق ئىنچىل ۋە سىستېمىلىق يېزىق لايىھىسى ۋە ئىملا قائىدىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. بۇ ماقالىلەرنى مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

① مىرسۇلتان ئوسمانوپ، ئامىنە غاپپار، راخىلە خانىم: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل.

1) تىل - يېزىق سىياسىتى جەھەتتە

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى ھەربىر ساندا تىل - يېزىق خىزمىتى توغرىسىدا ئەڭ يېڭى نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھازىرقى ھالىتى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ جەھەتتىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن 1989 - يىلى ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» بىلەن 1994 - يىلى ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى»نى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ئىككى ھۆججەت ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ جەمئىيەتتىكى قانۇنىي ئورنى ۋە ئابرويىنى ئۆستۈرۈپ، بۇ جەھەتتىكى سىياسىي نىشاننى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ھەر ئىككى ھۆججەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلاردىن غوپۇر ئابدۇللا، ئامىنە غاپپار، ئېلى ئابىت، ياڭ بىڭيى، توختاس باتىرقان، خۇاڭ شاڭرۇڭ قاتارلىقلار ماقالە ئېلان قىلىپ، ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى ۋە بۇ ھەقتىكى ۋەزىپىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ ماقالىلەردىن باشقا، ئامىنە غاپپارنىڭ «ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر نامايەندە»، [1] «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى

① «تىل ۋە تەرجىمە» 1994 - يىل 2 - سان.



ئۇستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ھەققىدە»[1] ناملىق ماقالىلىرىنى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىقى خىزمىتى كومىتېتى مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ تۆت يىللىق ئومۇمىي پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى»[2] قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ماقالىلەردە مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي نىشانى، مەيدان ۋە مۇھىم ستراتېگىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2) ئىملا ۋە يېزىق جەھەتتە

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى ئىزچىل ھالدا «يېزىق ۋە ئىملا» سەھىپىسى ئېچىپ، يېزىق ۋە ئىملا جەھەتتىكى تەكلىپ - پىكىرلەر، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۇدۇللۇق ئېلان قىلىپ تۇردى. بۇ ھەقتە ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن تەتقىقاتلار ۋە ئىجابىي پىكىر - تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ماقالىلەر خەنزۇ ۋە چەت ئەل تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى، ھۆسن خەتلەرنىڭ ئىملاسى، ئىملادا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكىللىرىنى ئىخچاملاش، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى قاتارلىقلارغىچە بېرىپ چېتىلدى. بۇلارنىڭ مۇھىملىرىدىن مۇھەممەت رېھىمنىڭ «رىيازەت چەككەن سەككىز ھەرپ»، [3] ئابدۇرەئوپ پولاتنىڭ «ھەمزە ھەققىدە»، [4] نىياز كېرەم شەرقىنىڭ «ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، [5] يۇنۇس قۇربانىنىڭ «ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ ھەرپ شەكىللىرىنى ئىخچاملاش

① «تىل ۋە تەرجىمە» 1992 - يىل 1 - سان.
② «تىل ۋە تەرجىمە» 1992 - يىل 2 - سان.
③ «تىل ۋە تەرجىمە» 19986 - يىل 11 - سان.
④ ئابدۇرەئوپ پولات: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» مىللەتلەر نەشرىياتى 1993 - يىل 193 - سان.
⑤ «تىل ۋە تەرجىمە» 1994 - يىل 2 - سان.

ھەققىدە پىكىر»①ناملىق ماقالىلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئابدۇرەئۇپ پولات «ھەمزە ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە مۇھەممەت رىھىمنىڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەرپ شەكىللىرىدىكى مالىمانچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتقان پىكىرلىرىگە قارىتا بۇ خىل مالىمانچىلىقنىڭ سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ھەمزە «ئـ، ئـ» ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى، شۇنداقلا «سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ تۇمشۇقىدىكى ھەمزىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئېلىپ تاشلاش» كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چاغدا تىلىمىزدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادە قىلغۇچى ھەرپلەرنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى مۇنداق بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى:

جەدۋەل XIV

| تەرتىپى | يەككە شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى | مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ا | | | ـا | A | ات، نان، رام |
| 2 | ە | | | ـە | ə | ەمەت رەم |
| 3 | و | | | ـو | o | ون، تون، رومبا |
| 4 | ۇ | | | ـۇ | u | ۇن، قۇم، رۇم |
| 5 | ۆ | | | ـۆ | ö | ۆز، كۆز |
| 6 | ۈ | | | ـۈ | ü | ۈن، كۈن، كۈرۈن |
| 7 | ې | ې | ـې | ـې | E | ېيىق، لېرى، بې (ھەرپ نامى) دې (ھەرپ نامى) |
| 8 | ى | ى | ـى | ـى | I | ىز، بىز ۋىلى، قىزى |

① «تىل ۋە تەرجىمە» 1994 - يىل 5 - سان.



يۇنۇس قۇربان ئەپەندىمۇ شۇ ناملىق ماقالىسىدە، يېزىقىمىزنىڭ ھەرپ شەكلىدىكى كېلەڭسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ 40 خىل ھەرپ شەكلى ئىچىدىكى «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئى» دىن ئىبارەت يەككە شەكلىنى، «ـئا، ـئە، ـئو، ـئۇ، ـئۆ، ـئۈ، ـئې، ـئى» دىن ئىبارەت ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلىنى، «ـئېـ، ـئىـ» دىن ئىبارەت ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەركىبىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئېلىپبە جەدۋىلىدە قالغان ۋارىيانتلىرىنىلا ئىشلىتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. شۇنداقلا «ء» (ھەمزە) نى يېزىق سىستېمىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، پەقەت بوغۇم ئايرىش بەلگىسى ئورنىدا ئىشلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتورنىڭ سوزۇق تاۋۇش توغرىسىدىكى لايىھىسى مۇنداق بولدى:

جەدۋەل XV

| تەرتىپى | يەككە شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ا | | | ـا | ا |
| 2 | ە | | | ـە | ە |
| 25 | و | | | ـو | و |
| 26 | ۇ | | | ـۇ | ۇ |
| 27 | ۆ | | | ـۆ | ۆ |
| 28 | ۈ | | | ـۈ | ۈ |
| 30 | ې | ې | ـې | ـې | ې |
| 31 | ى | ى | ـى | ـى | ى |

خەتتات نىياز كېرەم شەرقى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىزدىنىپ توپلىغان خەتتاتلىق جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ھەققىدە 32 ئىز دەندى. ئۇ شۇ ناملىق ماقالىسىدە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى 124 ھەرپىنىڭ 124 خىل ھەرپ شەكلىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ 124 خىل ھەرپ شەكلىنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيەتلىرى بويىچە پارچىلىغاندا 24 قۇرۇلما سىزىقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، ھەربىر قۇرۇلما سىزىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بۇ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەن، خېلى مۇكەممەل ئەمگەك بولۇپ، كىشىلىرىمىزنىڭ يېزىقىمىز ھەققىدە مۇكەممەل تونۇشقا ئىگە بولۇشى ۋە يېزىق ئىسلاھاتلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

## خۇلاسە

21 ـ ئەسىرنىڭ هارپىسىدا تۇرۇپ ئۆتكەن 100 يىلغا يېقىن جەرياندىكى يېزىق تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. س. ئې. مالوپ، س. شاكىرجانوپ، ئابدۇللا روزىباقىيوپتىن تارتىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدىكى ئەپەندىلەر ـ خانىملارغىچە، رەھبىرىي كادىرلاردىن كەسپىي، ئىلمىي خادىملارغىچە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى جەھەتتە، ئىملا قائىدىلىرى جەھەتتە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەرنى ئىشلىدى. ئۇلار ئېغىر ۋە جاپالىق كۈنلەردە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلاندى. هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ۋە يېزىق سىستېمىسىنى يارىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.



بىز 1949 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى يېزىق ئىسلاھاتلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمىز بىلەن كۇپايىلىنىپ، 1949 ـ يىلىدىن هازىرغىچە بولغان 45 يىللىق بوران ـ چاپقۇندا يېزىقىمىزنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسە قىلىمىز:

1) 1949 ـ يىلىدىن هازىرغىچە ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بەش قېتىم (1949 ـ، 1951 ـ، 1954 ـ، 1983 ـ، 1985 ـ يىللاردا) ئىسلاھ قىلىندى. بۇ بەش خىل ئېلىپبە بىر ـ بىرىدىن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا پەرقلەندى: (1) ئېلىپبە سىستېمىسى؛ (2) سوزۇق ۋە يېرىم سوزۇق تاۋۇشلار؛ (3) بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىشلىتىلىشى؛ (4) بەزى بەلگىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى؛ (5) ھەرپلەرنىڭ نامىلىرى؛ (6) ئېلىپبە تەرتىپى. ھەر قېتىملىق يېزىق ئىسلاھاتىدا يېڭى ئىملا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

2) بۇ 40 نەچچە يىلدا بىز يېزىق سىستېمىسى جەھەتتە ناهايىتى زور دەرىجىدە مۇقىمسىزلىقنى باشتىن كەچۈردۇق. يېزىق جەھەتتە بۇنداق دائىم ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ بىزگە بەرگەن تەجرىبە ـ ساۋىقى شۇ بولدىكى، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇقىم بولغان يېزىق سىستېمىسىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. يېزىق سىستېمىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ زىيالىيلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان پايدا ـ زىيىنىنى دەڭسەپ بېقىش، ئېلىپبە سىستېمىسىنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. چۈنكى يېزىق ئىسلاھاتى نۇقۇل ھالدىكى تېخنىكىلىق ئۆزگىرىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى، يەنە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش ئۇزاق تارىخىي ۋە مەدەنىي مىراسلىرى بار مىللەت

ئۇچۇن بۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇنداق قارىغۇلارچە يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ نەتىجىسى مەدەنىيەت جەھەتتىكى زور يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئۆزگەرتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ۋە كەلگۈسى ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر مەغلۇپ بولسا (خۇددى بىزنىڭ سىلاۋيان ۋە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشاش) ئەڭ ئاز دېگەندە بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ۋە تارىخىي مىراسلىرىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈستىگە، جەمئىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئىملا قائىدىسىدىكى بىر ئۆزگىرىش يېزىقتىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى تاۋۇشلار ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ھالدا بەزى ھەرپلەرنىڭ ياسالغانلىقى مۇھىم ۋە پايدىلىق ئۆزگەرتىش بولغانىدى. لېكىن ھەر قېتىمقى ئىملا قائىدىسىدا ئېلىپبە تەرتىپىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپبە ئۆگىنىش ۋە يادلاشتا قىيىنچىلىققا دۇچار قىلدى.

1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىغا كونا يېزىق ئىملا قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە پروگرامما تەسىس قىلغان (چۈنكى ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتە لاتىن يېزىقى بىلەن ساۋاتلىق بولغان) ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئىگىلىۋېلىشىنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەگەر يېزىق جەھەتتە شۇنداق قالايمىقانچىلىقلار بولمىغان بولسا، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بۇنداق پروگراممىلارنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولاتتى. شىنجاڭدىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى لاتىن يېزىقى بىلەن ئوقۇغان ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. چۈنكى، ئۇلار ئادەتتىكى بىر ئىش تېپىش ئۈچۈنمۇ كۇرسلاردا كونا يېزىق بىلەن ساۋاتلىق بولۇشى كېرەك ئىدى.



بولمىسا ئۇلار ئۆز جەمئىيىتىدە «ساۋاتسىزلار»دىن بولۇپ قالاتتى.

تىل - يېزىق سىياسەتلىرى كۆچەپ تەشۋىق قىلىنىپ، ئىملا قائىدىسى قاتتىق تەكىتلىنىپ تۇرۇلغان بولسىمۇ، يېزىق ساھەسىدە ھازىرمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ۋىۋىسكىلاردىن تارتىپ تورلۇق ئېلان، ماركا، كوچا ناملىرى، قاتناش بەلگىلىرىدە ئىملا جەھەتتە نۇرغۇن خاتالىقلار ساقلانماقتا.

3) بۇنداق ئۆزگەرتىشلەر يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەينى ۋاقىتتىكى «سول»چىل خاتا سىياسەتلەرنى ئەكس ئەتتۈردى.

4) ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ قانۇنىي ئورنى 1984 - يىلى ئېلان قىلىنغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئېنىق كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭدا، ئاپتونومىيە رايونلىرىدا ئاپتونومىيە يۈرگۈزگۈچى مىللەتنىڭ تىلى بىرىنچى تىل بولۇش ئاساسىدا، خەنزۇ تىلىنىمۇ ئىشلىتىش لازىملىقى كۆرسىتىلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئىستىقبالىغا كەڭ يول ئېچىلدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان چوڭ يېزىقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ خەلق پۇلىدىن تارتىپ مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتلىرىغىچە كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئۇ يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاتارلىق چوڭ يىغىنلاردا تەرجىمە قىلىنىدىغان يەتتە خىل تىل - يېزىقنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر يېزىقى يەنە ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان قانۇنىي يېزىقى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىن

تارتىپ، يېزا ـ كەنت ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغىچە ئۆزلىرىنىڭ قانۇن، نىزام، ئەمر ـ پەرمانلىرى، تامغا، ۋېۋىسكا، ماللارنىڭ ماركىلىرى، ئىش قەغەزلىرى، ھەرخىل ھۆججەت، ئۇقتۇرۇش، خەت ـ ئالاقىلىرىدە؛ ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى، ئەدلىيە، تەپتىش مەھكىمىلىرى سوت قىلىش، ئەرز قوبۇل قىلىش، ئېلان چىقىرىش، ھۆكۈم ئېلان قىلىش، كېسىم قىلىش ئىشلىرىدا، جىنايى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەشتە؛ ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە، پوچتا ـ تېلېگراف، تەشۋىقات، تەلىم ـ تەربىيە، مائارىپ ئىشلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلمەكتە.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا ھەرقايسى ساھەگە ئائىت كىتاب ـ ژۇرنال، دەرسلىك قوللانمىلىرىنى نەشر قىلىدىغان نەشرىيات ئورنى توققۇز، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنىپ ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىت 21 خىل، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان گېزىت 25 خىل، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال 44 خىل، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال 64 خىل.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش ئىشلىرىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1 ـ يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسلىكى ئۆتۈشنى قارار قىلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتلىرىدا خەنزۇ (ياكى باشقا مىللەت) ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى كەسپى تەسىس قىلىنىپ، بىر ـ بىرىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. مەلۇم دائىرىدە قوش تىل ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ، مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ھازىر يەنە، 1985 ـ يىلىدىكى ئىملا قائىدىسى تۈزۈلگەندىن



بۇيانقى ئون يىل ئىچىدە ئوتتۇرىغا چۈشكەن ۋە ئاممىدىن ئېلىنغان پىكىر ـ تەكلىپلەرگە ئاساسەن، ئىملا قائىدىسى ۋە ئىملا لۇغىتىنى تۈزىتىش، تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلەنمەكتە.

(ئاپتورلىرى: شىنجاڭ داشۆدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **جۇرئەت ئابلىمىت**

# شىنجاڭدا تۇنجى ئېچىلغان ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى

(1905 - يىلى ئىلىدا قۇرۇلغان ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپىنىڭ 90 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

شېرىپ خۇشتار

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ياۋروپا ئويغىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭلىق مىللىي بۇرژۇئازلار ئويغىنىپ، جاھان سودىسىغا رىقابەت ئېلان قىلىپ ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق سودا سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانىدى. بۇ مەزگىلدە ياۋروپا - ئوتتۇرا شەرق بازارلىرىدا سودا بىلەن شۇغۇللانغان مۇساھاجىم (مۇسابايوپ) بىر تەرەپتىن سودا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تېخنىكىلىق يېڭىلىقلىرى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە ياۋروپالىقلار يولغا قويغان مانىپاكتورلۇق ھېسابات تۈزۈمى، تېخنىك ئىشچىلار، ئىشچىلارنىڭ تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلىرى ۋە تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن كۆپ تەسىرلىنىدۇ. مۇساھاجىم ئەينى ۋاقىتتىلا يېڭى مائارىپ، يېڭى تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغىلى، ۋەتەن، مىللەتنى قۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، ياۋروپا يېڭى تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش قارارىغا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ



مەزگىل دۇنيا كاپىتالىزمى تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كۆچكەن، جۇملىدىن ھەممىلا يەردە بازار ئىزدەپ سودا كېڭەيمىچىلىكى بىلەن مۇستەملىكىچىلىككە قەدەم قويغان بولغاچقا، تېخنىك ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئەلۋەتتە قوشۇلمايتتى.

تەدبىرلىك مۇساھاجىم ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ 300 نەپەر كاسىپ ۋە نىمكارى (ئىشچىسى) بار قول بىلەن تېرە پىششىقلاش كارخانىسىنى سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. بۇ يەنىلا ياۋروپانىڭ تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن كۆپ ئارقىدا ئىدى. مۇساھاجىم قانداق قىلىپ ياۋروپالىقلارغا يېتىشىشنى ئويلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىختىساسلىق تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مائارىپقا قەدەم قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ ۋە 1885 - يىلى ئۆزلىرى ئىكساقتا قۇرغان يېڭى مەكتەپنى كېڭەيتىش، جۇملىدىن چەت ئەللىكلەردىن ئۆگىنىپ تېخنىكىلىق مەكتەپ قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بىراق، مۇساھاجىم بۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەلمەي، كېسەل ۋە قېرىلىق سەۋەبىدىن 1895 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولىدۇ.

مۇساھاجىم ۋاپات بولۇش ئالدىدا چوڭ ئوغۇللىرى ھۈسەنباي، باۋۇدۇنبايغا «مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇڭلار، خىراجىتىنى زاكاتتىن چىقىرىڭلار، يەتمىسە ئۇمۇمىي ئىقتىسادتىن ئاجرىتىڭلار . . . » دەپ ۋەسىيەت قىلىدۇ ھەم «بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى ۋە ئۇشرە - زاكاتىنى مەكتەپ ۋە مەدرىسكە تەسەرۇپ قىلىش زۆرۈر»لىكى توغرىسىدا بىر ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ.

مۇساھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئائىلە نىزامىغا ئاساسەن، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا چوڭ ئوغۇل ھۈسەنباي مەسئۇل

بولىدۇ. ئۇ شۇ يىلى (1895 - يىلى) «مۇسابايوپ بۇرادەرلەر شىركىتى»نى ئىلىدا قۇرۇپ، ئۇنىڭ شۆبىلىرىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا - بازارلىرىغىچە، ئىچكى ئۆلكە ۋە ياۋرۇپاغىچە كېڭەيتىدۇ. 1904 - يىلى باۋۇدۇنباي گېرمانىيىدە قىلغان بىر قېتىملىق سودىسىدا، گېرمانىيىلىك كاپىتالىست دورلاختىن مېخانىزملاشقان بىر يۈرۈش تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش (ھازىرقى ئىلى تېرە زاۋۇتى) زاۋۇتىنى سېتىۋېلىشنى كېلىشىدۇ. بۇ زاۋۇت بىلەن 76 دانە 12 - 20 كىلوۋاتلىق دىۋىگاتېل، 250 كىلوۋاتلىق پار ماشىنا، 22 دانە چوڭ - كىچىك ستانوك، گاز سۇۋاركا قاتارلىق ئەسلىھەلەر بىرگە سەپلىنىدۇ. بۇ خىل زامانىۋى ئۈسكۈنىلىك سانائەتنى شىنجاڭدا ئىشقا سېلىش ئۈچۈن تېخنىك، ئىشچى - خىزمەتچى لازىم بولىدۇ. باۋۇدۇنباي بۇنى ئالدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1905 - يىلى ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىدا «ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى» قۇرىدۇ. ئىمىرمۇللا، نىزامىدىن قاتارلىق بىر بۆلۈم چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن تۇنجى قارارغا 160 نەپەر كەمبەغەل دېھقان بالىسىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇش باشلايدۇ. مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنىدۇ. زاۋۇتنىڭ كەسپىي دەرسلىكىگە گېرمانىيىدىن تەكلىپ قىلغان ئىنژېنېر ماگىن يېتەكچىلىك قىلىپ، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسى، خام تېرە، پىششىق مەھسۇلاتلارنى پىرىيوم قىلىش قاتارلىق ساھەلەردە ۋە زاۋۇت مەشغۇلاتى ئۈستىدە دەرس ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1 - قارار 160 نەپەر ئوقۇغۇچى قۇرۇلۇۋاتقان زاۋۇتنىڭ تايانچ تېخنىك خادىملىرىغا ئايلىنىدۇ. 2 - تۈركۈمدە



300 نەپەر كەمبەغەل دېھقان بالىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتىدۇ ۋە ھۈسەنباي بىلەن باۋۇدۇنباي ئۆز بالىلىرىدىن سابىت ئەپەندى، ئابلىز ئەپەندى، ئىسمايىل ئەپەندى، ئابلىھەي ئەپەندى، مىجىت ئەپەندى، ئەبدۇقېيۇم ئەپەندى، ئابلەت ئەپەندى، تەلئەت ئەپەندى، فۇكرات ئەپەندى قاتارلىقلارنى روسىيە، تۈركىيە، گېرمانىيە قاتارلىق جايلارغا زامانىۋى تېخنىكا، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، مانۇپاكتورلۇق، ھېسابات قائىدىسىنى ئۆگىنىشكە چىقىرىدۇ. ئارقىدىنلا ئىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالتە قارار ئوقۇغۇچىنى يۇقىرىقى دۆلەتلەرگە چىقىرىپ، چەت ئەلنىڭ بىلىم، يېڭى زامان مائارىپىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆز بالىلىرىدىن چەتكە چىققان مىجىت ئەپەندى بىلەن قېيۇم ئەپەندى چەت ئەلدە ئىنژېنېر، ماستىر ياللاپ، چەت ئەل تېخنىكىسىنى تولۇق ئىگىلەيدۇ.

3 - قاراردا، 120 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. بۇلار يۇقىرىقى پەندە ئوقۇغاندىن سىرت، زاۋۇت كەسپىي، بوغالتىرلىق، ستاتىستىكا، كارخانا باشقۇرۇش كەسپلىرىنى ئۆگىنىپ، زاۋۇتنىڭ غوللۇق باشقۇرغۇچىلىرى بولۇپ قالىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر مۇسابايوپنىڭ جايلاردىكى شۆبە شىركىتىدە، بەزىلىرى ھەرقايسى جايلاردا ئىشلەيدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ توختام ۋاقتى توشۇپ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، زاۋۇتنىڭ باش تېخنىكلىرى مۇسابايوپلارنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇغان پەرزەنتلىرى، ئەمەلىي ئىشنى ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئىلى ياڭخاڭ، زۇنۇن تېيىپ (گېنېرال زۇنۇن تېيىپوپ)، ئابدۇرۇپ، ساۋۇت، شاۋۇدۇن ئاخۇن (بۇ كىشى 1949 - يىلىدىن كېيىن سانائەت نازارىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى) قاتارلىق ئالاھىدە تېخنىك خادىملار يېتىشىپ

چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ مەكتەپ ئۈچ قارارda جەمئىي 580 ئوقۇغۇچى تەربىيىلەيدۇ.

1912 - يىلىدىن كېيىن، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىرقانچە سېخ تەسىس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا، ھۈسەنباي، باۋۇدۇنبايلار ياغاچچىلىق، تامچىلىق، موزدۇز، ماشىنىچى، كىگىز، گىلەم، جۇۋىچى، تۇماقچى قاتارلىق 19 تۈردە شاگىرت يېتىشتۈرۈش مەكتىپى تەسىس قىلىدۇ. بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يوقسۇللار ئىدى. ھۈسەنباي، باۋۇدۇنبايلار مەكتەپ راسخوتىدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، ياتاق، كىيىم ۋە مۇۋاپىق ھەق قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇستىكاھلار بىلەن تېز، تولۇق ئۆگىنىش توختامى ئىمزالايدۇ (مەكتەپنىڭ خاراكتېرى بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش بولۇپ، ئۇستىكاھلارنىڭ شاگىرت تەربىيىلىشى ئاساس قىلىنغانىدى). نەتىجىدە 280 نەپەر يېڭى شاگىرت (ئوقۇغۇچى)، 42 نەپەر كەسىپ تولۇقلىغۇچىنىڭ 85 پىرسەنتى ئالدى ئالتە ئاي، ئاخىرى بىر يىلدا يېتىشىپ چىقىپ، زاۋۇت سېخلىرىدا ئىمكا (ئىشچى) بولۇپ ئىشلەيدۇ، ئائىلىسىگە قايتقۇچى ياكى شەخسىي كەسىپ قىلغۇچىلارنى بىر يۈرۈش سايمان، يول خىراجىتى ۋە كەسىپكە ئورۇنلىشىش راسخوتى بىلەن يولغا سالىدۇ. بۇ ئىش تا 1949 - يىلىغىچە داۋام قىلىدۇ.

شۇ يىللاردا ئىلىدا، چاررۇسىيىنىڭ 25 يىللىق مەجبۇرىي ئەسكەرلىك تۈزۈمى ۋە 1905 - يىلىدىكى روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى بورانلىرىدىن قېچىپ كەلگەن رۇس، تاتار، ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، تۈركمەن، كورت قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پاناھسىز، ئىشسىز ئىدى. ھۆكۈمەت ئۆز خىراجىتى بىلەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ



باشپاناھى يەرلىك خەلق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ھەرخىل قارا ئەمگەك (بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ سودا فىرمىلىرىدا بوغالتىر - پرىيومچىك ئىدى) قىلاتتى. ئاياللار يەرلىك ئاياللار بىلەن قوشۇلۇپ مويكىدا يۇڭ ئىلغاش، يۇيۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. كېيىن ئۇلار موسابايوپ ئائىلىسىدىن مەكتەپ ئېچىپ بېرىش، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش يولى بىلەن جان بېقىش تەلىپىنى قويغانىدى. نەتىجىدە ھۈسەنباي، باۋۇدۇنبايلار 1905 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئىلى ھەرەمباغدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆزلىرىنىڭ 26 مولۇق بىر قورۇ - جايىنى ئاياللار ھۈنەر - كەسىپ مەكتىپى قىلىپ ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ مەكتەپتە 400 دىن ئارتۇق ھەرمىللەت قىز - ئاياللىرى (ئون ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان) ئوقۇيدۇ. ئۇ مەكتەپتە چۈشتىن ئىلگىرى ئەدەبىيات، تىل، ئىملا، ماتېماتىكا قاتارلىق بىلىملەردىن دەرس ئۆتسە، چۈشتىن كېيىن كىيىم تىكىش، كېسىش، يۇڭ پوپايكا، شارپا، ياغلىق، پەلەي توقۇش، رېشلىيە ئىشلەش، كەشتىچىلىك قاتارلىق تۈرلەردىن ھۈنەر ئۆگىنىدۇ. مۇھىمى بۇ يەردە رۇس، قازاق، تاتار، ئۆزبېك، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ كەشتىچىلىكى بىر - بىرىدىن ئۆگىنىپ يېڭىلىنىدۇ. نەتىجىدە كۆپ قىسىم ئاياللار مەخسۇس دۇكان ئېچىپ كەشتە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئاياللار ئىشچى بولۇپ يالىنىپ ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كەشتە بۇيۇملىرى ياۋروپا بازارلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپ ھەرمىللەت ئاياللىرىنىڭ پائالىيەت راسخوتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

1918 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئاياللار مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىرلىشىپ مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئىلىدا 8 - مارت ئاياللار كۈنىنى خاتىرىلەپ نامايىش

ئۆتكۈزۈپ، ئاياللارنى ئېغىر ئەمگەكتىن ئازاد قىلىش،
ئاياللارنىڭ ئىش ئورنى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش شوئارىنى
ئوتتۇرىغا قويدۇ.
مۇسابايوپلار قۇرغان بۇ مەكتەپ «قول ھۈنەر مەكتىپى»
دېگەن نام بىلەن 1905 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە داۋام
قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئايال ھۈنەرۋەن ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈپ
بېرىدۇ.

## خاتىمە:

1905 - يىلىدىن باشلاپ ئىلىدا مائارىپپەرۋەر زات
باۋۇدۇنباي باشچىلىقىدا ئۈچ قارار «ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى»
ۋە 1905 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە داۋام قىلغان «ئاياللار
قول ھۈنەر مەكتىپى»، «ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپلەر مەكتىپى»
قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپلەر ئۆز دەۋرىدە زامانغا لايىق كۆپلىگەن
ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، مەملىكەت مىقياسىدىلا
ئەمەس، بەلكى ياۋروپا - ئوتتۇرا شەرق ئەللەر تارىخىدىمۇ ئاز
كۆرۈلىدىغان نامايەندە بولۇپ قالغان. بۇ يىل بۇ مەكتەپلەر
قۇرۇلغانلىقىغا 90 يىل توشتى.
ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى
خاتىرلىنىۋاتقان شۇ كۈنلەردە، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى
بۇ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى ئەسكە ئالىدۇ.

(ئاپتورى: ش ئۇ ئا ر كىنو - فىلىم شىركىتىدىن)
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ مائارىپى

باھارگۈل ئابلىز

## I ئاپرېل ئۆزگىرىشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى

20 يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلغان ياڭ زېڭشىن، جىن
شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ بارغانسېرى چىرىكلىشىپ،
مۇستەبىتلىك ۋە زوراۋانلىقتا ئۇچىغا چىقىشى، ئۇنىڭ قوللىشى
ئاستىدا فېئودال بەگلەر، ۋاڭ - گۇڭلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ
ئۆسۈپ، خەلقنى زار - زار قاقشىتىشى، خەلق ئۈستى-
دىكى باج ۋە ئالۋان - ياساقنىڭ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىشى،
ئەمەلدارلار ئىچىدە خىيانەت، پارىخورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىشى،
مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ
يۇقىرى پەللىگە يېتىشى نەتىجىسىدە، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ
ياڭ - جىن ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى، قارشىلىقى
يىلدىن - يىلغا كۈچەيدى. ئاخىرى 1931 - يىلى 2 - ئايدا
قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئۇنىڭ دائىرىسى تۇرپان
ۋە پىچانغا قەدەر كېڭەيدى. بۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا خوتەن،
قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىمۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى

رۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئەنسىزلىك قاپلىدى.
1932 - يىلى يازدا، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى شەرقىي يول باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى قىلىپ قۇمۇلغا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، خوجىنىياز ھاجى ۋە يولۋاسنىڭ قوشۇنلىرى شېڭ شىسەينىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ، تۇرپان بىلەن پىچانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 1933 - يىلى 1 - ئايدا ما جۇڭيىڭ قوشۇن باشلاپ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ما جۇڭيىڭ يەنە غۇلجىدىكى جاڭ پېييۈەن بىلەن بىرلىشىپ شىمالىي شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىشقا باشلىدى. جىن شۇرېن ئامالسىز قالغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئۆزۈندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشنى كۆزلەپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىۋالغان بېلوروس ئەسكەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1933 - يىلى 12 - ئاپرېل كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جىن شۇرېننى تەختتىن چۈشۈرۈش بىلەن ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. بۇ ۋەقە شىنجاڭ تارىخىدا «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى.

شېڭ شىسەي، جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ ئۈرۈمچىنى كونترول قىلغىنى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۈچى ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سوراپ ئادەم ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۇنىڭغا ھەربىي قورال - ياراق ۋە ئەسكەر كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدى. «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىشىدە مۇنداق سەۋەبلەر بار ئىدى، دەپ يازىدۇ جۇ پېيمىن ئۆزىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەينىڭ



مۇناسىۋىتى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە①: «سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭدا سوۋېتپەرەس يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا جاھانگىرلار شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بازا قىلىش غەرىزىدە بولۇۋاتاتتى. ما جۇڭيىڭنى ياپونىيە جاھانگىرلىكى قوللايتتى. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» تېخىمۇ ئەكسىيەتچىل بولۇپ، شىنجاڭ مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرىۋەرسە جۇڭگوغا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ پايدىسىز ئىدى. ناۋادا ما جۇڭيىڭ قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭنى ئىگىلىۋالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيامۇ تەھدىتكە ئۇچرايتتى... ئىككىنچى، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بىر قەدەر مۇۋاپىق نامزات ھېسابلىناتتى، چۈنكى ئۇ ياش ۋاقتىدا ياپونىيىدە ئوقۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى قوبۇل قىلغان... 4 - ماي ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئۇ ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە قاتتىق ئۆچ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن بىزار بولۇپ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى كۈچلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتى مۇشۇنداق كىشىنىڭ قولىدا بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىلىق ئىدى. ئۈچىنچىسى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن قانۇنىي ھۆكۈمەت بولغاچقا، شېڭ شىسەينى قوللىغان، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتمەيتتى. خەلقئارادا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا

① بۇ ماقالە خەلق ئىشلار نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان قەرەللىك ژۇرنال «شىنجاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار تەرجىمھالى ژۇرنىلى»نىڭ 1989 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

قاتارلىق دۆلەتلەر نارازى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئارىلىشالمايتتى». ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭدەك زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول بىر جاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ تۇرۇشى، بۇ جاينى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خام ئەشيا بازىسى ۋە ئۆز تاۋارلىرىنى ساتىدىغان بازارغا ئايلاندۇرۇپ ھەسسىلەپ پايدا ئېلىشىغا پايدىلىق ئىدى.

شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى 1933 - يىل باھاردا، ئەسلىدە ياپونلار شەرقىي شىمالغا بېسىپ كىرگەندە، سوۋېت چېگرىسى ئىچىگە چېكىنىپ پاناھلانغان شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى چۆچەك چېگرىسىغا ئېلىپ كېلىپ قوراللاندۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە كىرگۈزدى. شېڭ شىسەيگە ئايروپىلان، برونېۋىك، پىلىموت، ئوق - دورا قاتارلىق ھەربىي قورال - ياراقلارنى ياردەم قىلغاندىن باشقا، 1933 - يىلى 12 - ئايدا ۋە 1934 - يىلى 1 - ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تارباغاتاي چازىسىدىكى قومۇشلۇق ئارقىلىق شىخوغا قاراپ ئىلگىرىلىدى؛ يەنە بىر قىسمى قورغاس ئارقىلىق غۇلجىغا كىردى. ئۇلار سىرتقا نىسبەتەن «ئالتايدىن قايتقان قوشۇن» دەپ ئاتالدى. شېڭ شىسەي قوشۇنىغا شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىسىدا، جاڭ پېيۈەن قوشۇنى تارمار قىلىندى. ما جۇڭيىڭ نائىلاج جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ، قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن شېڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا، ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ ما جۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئون ماددىلىق «فۇكاڭ مۇئاھىدىسى» تۈزۈلدى. مۇئاھىدىدە، قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلارنى قوشقان ھالدا، جەنۇبىي شىنجاڭنى



خوجىنىياز ھاجى ئىدارە قىلىش، باركۆل، مورى ناھىيىسىنى قوشۇپ شىمالىي شىنجاڭنى شېڭ شىسەي ئىدارە قىلىش بەلگىلەندى؛ جۈملىدىن خوجىنىياز ھاجى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەيىنلەندى. ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى كورلىدىن باشلاپ سۇر - توقاي قىلىنغىنىچە خوتەنگە بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان مەھمۇت سىجاڭ دىۋىزىيىسى قەشقەرگە ئورۇنلاشتى. شۇنداق قىلىپ شېڭ شىسەي شىمالىي شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تىنچلىق ئورناتتى. 1937 - يىلى 4 - ئايدا مەھمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئابدۇنىياز خوتەننى بېسىپ ياتقان ما خۇسەن قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈردى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، شۇ يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئۈچ پولكنى، ماتورلاشقان رۇس پولكىنى ئاتۇش چېگرىسى ئارقىلىق مارالبېشىغا كىرگۈزۈپ، شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى؛ ئۇلارغا 40 ئايروپىلان، 20 تانكا ماسلاشقاندى. ما خۇسەن بىر قىسىم مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھىندىستانغا قېچىپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇ يىلى يەنە، يولۋاسنىڭ قالدۇق قىسىملىرى قومۇلدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئىچكىرىگە قاچتى. ئارقىدىنلا خوجىنىياز ھاجىنى نەزەربەند قىلىپ، ئۇنىڭ مۇھىم كىشىلىرىنى تەرەپ - تەرەپتىن قولغا ئېلىشقا باشلىدى. 1938 - يىلى 1 - ئايدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - پولكى (ئەمەلىيەتتە بىر بىرىگادا ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بىر تارماق ئەترىتى) ئارايۆلتۈز (شىڭشىڭشيا) غا ئورۇنلاشتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئىچكىرىدىن كېلىدىغان خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، شېڭ شىسەي ھەربىي جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىدا تىنچلىق ئورنىتىپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پادىشاھلىقىنى تىكلىدى. شېڭ شىسەي يەنە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇزۇن مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار سىياسىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن 1943 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما) نى قۇردى ۋە بۇ كۈننى «تىنچلىق، بىرلىك خاتىرە كۈنى» دەپ ئېلان قىلدى. 1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى «ئىنتېرناتسىئونال» نامىدا ئەۋەتكەن بولشېۋىكلارنىڭ ياردىمىدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئېلان قىلدى. بۇ سىياسەتلەر شۇ چاغدا ھەقىقەتەن ئىلغار مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئوبيېكتىپ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ، شېڭ شىسەي بىلەن يايپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈپ، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ھەر ساھەدىكى ئىشلارغا ياردەملەشتۈردى. 1937 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ تارماق ئەترىتى شىنجاڭغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قىزغىن



قارشى ئېلىندى. شۇ يىلى 10 - ئايدا 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى. شېڭ شىسەي يەنە «شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ ئايرىلماس ئۆلكىسى قىلىپ ساقلاپ قېلىش» نى ئېلان قىلىپ، گومىنداڭنىمۇ خاتىرجەم قىلدى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ۋەيران بولغان ئىگىلىكىنى تىكلەش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1934 - يىلى 5 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 5 مىليون ئالتۇن روبلى، 1937 - يىلى 1 - ئايدا 2 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن روبلى قەرز ئېلىپ، بۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى ھەربىي خىراجەتكە ئىشلەتكەن بولسا، يەنە بىر قىسمىنى شىنجاڭدا سانائەت ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ساھەلىرىگە ئىشلەتتى. ئۇ يەنە، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، «شەكلى مىللىي، مەزمۇنى ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئاساسىدىكى مەدەنىيەت - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش»، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى كۈتكەن پەن - مەدەنىيەت تەشنالىقىنى قاندۇرۇش يولىدا بىر قاتار ئىشلارنى قىلدى.

شۇنداقلا، ئۇ ئېلان قىلغان مۇھىم سىياسەتلەرنىڭ بىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش، ۋاڭ، گۇڭ، لاما، ئاخۇنلارنىڭ ئورۇن ۋە ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش بولۇپ، بۇ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

## II مائارىپ خىزمىتىدىكى ئىسلاھات ۋە يېڭى تەرەققىيات

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، شىڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى دەسلەپكى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىمۇ سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كونكرېت ياردىمى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىكى ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان مائارىپپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، پەننىي مائارىپنىڭ يېڭى دەۋرى باشلىنىپ، مائارىپ ئىشلىرىدا يېڭى دولقۇن كۆتۈرۈلدى. بۇنى شىڭ شىسەي دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1) ئىككى خىل مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، ھەممە جايىنى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى قاپلاپ، مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىق يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. مائارىپ ئىشلىرىنى يالغۇز ھۆكۈمەت مالىيىسىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى، ياڭ - جىن دەۋرىدە قۇرۇلغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئېتىراپ قىلىپ راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، خەلق ئىچىدە قوزغالغان ئاممىغا تايىنىپ مائارىپ باشقۇرۇشنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇشنى ۋە بۇ ئۇيۇشمىلار ئارقىلىق خەلق



باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى قوللىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مائارىپىدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى «ھۆكۈمەت مەكتىپى» (شەنلى مەكتەپ) بىلەن خەلق باشقۇرۇشىدىكى «ئۇيۇشما مەكتىپى» (خۇيلى مەكتەپ) دىن ئىبارەت ئىككى خىل مائارىپ تۈزۈمى بارلىققا كەلدى (بۇ ھەقتە كېيىنكى ماۋزۇلاردا كونكرېت سۆزلەيمىز).

2) ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي مائارىپىغا ئىگە بولدى. ياڭ - جىن دەۋرىدە بىر قىسىم ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلغان بولسىمۇ، ھەممىسىدە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغاچقا، شىنجاڭدىكى خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللانمايدىغان مىللەتلەر ئۆزىنىڭ مىللىي مائارىپىدىن مەھرۇم ئىدى. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەر بۇ خىل مەكتەپلەرگە ئۆز پەرزەنتلىرىنى بېرىشنى خالىمايتتى. شىڭ شىسەي دەۋرىدە ئىلگىرىكى «شۆتاڭ» مەكتەپلىرى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ساقلىنىپ قالغاندىن سىرت، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى «شۆتاڭ»لار شۇ جايدىكى يەرلىك مىللەتلەر تىلىدا ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. كېيىن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەكتەپلىرى ۋە ئۇيۇشما مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆز تىل - يېزىقىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ باردى. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ رايونىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز تىل - يېزىقىدا ئوقۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، مىللىي مائارىپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.

3) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن يېزىق ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز مىللىي يېزىقىغا ئىگە بولدى.

ئىلگىرى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقىنى قوللىناتتى. بۇ يېزىقتا ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ئىشلىتىلمەيدىغان ث (سە)، ح (ھە)، ذ (زال)، ص (ساد)، ض (زاد)، ظا (ئىتقى)، ظا (ئىزغى)، غ (ئەيىن) قاتارلىق سەككىز تاۋۇش (ھەرپ) ئارتۇق بولۇپ، سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان (ۋاۋ)، ى (يا) ھەرپلا بار ئىدى. سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسەن زىر، زىۋەر، پەش بەلگىلىرى[①] ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى. يېزىق ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ھاجەتسىز بولغان سەككىز ھەرپ چىقىرىپ تاشلىنىپ، سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن سەككىز ھەرپ قوشۇلۇش بىلەن 32 ھەرپتىن ئىبارەت بولغان ئۇيغۇر، قازاق ئېلىپبەسى تۈزۈلدى. بۇ ئارقىلىق ئېلىپبە ئوقۇتۇشىدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سىستېما بارلىققا كېلىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلەشتى. ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ چاغدا تىكلەنگەنىدى.

4) مەكتەپ مائارىپىدا پەننىي تەربىيە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. ياڭ - جىن دەۋرىدە خاس دىنىي مەكتەپلەر بولغاندىن تاشقىرى، پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەردىمۇ دىن دەرسى مەلۇم سالماقتا ئىگە ئىدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، ئاخۇنلارنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىشى چەكلەنمىگەن بولسىمۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ

① زىر، زىۋەر، پەش — ھەر قانداق سۆزنىڭ ئۈستىگە سىزىقچە بىلەن ئىپادىلەنگەن زىۋەر (—) بەلگىسى قويۇلسا «ئا»، «ئە» قوشۇپ؛ زىر (—) بەلگىسى قوشۇلسا «ئى» «ئى» قوشۇپ؛ پەش ( ٗ — ) بەلگىسى قويۇلسا ئۇ، ئو، ئۆ، ئۈ قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.



خاراكتېردىكى دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىش چەكلىنىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار پەننىي مەكتەپ قوينىغا ئېلىندى.

5) مەكتەپلەر ئورتاق ئوقۇش پروگراممىسى ۋە بىرلىككە كەلگەن دەرسلىك ماتېرىيالىغا ئىگە بولدى. خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپلەر ئاساسەن ئازاد رايونلارنىڭ ياكى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، مىللىي مەكتەپلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر - قازاق مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى قوللاندى. ئۇيغۇر - قازاق تىلىدا ئوقۇيدىغان مىللىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا زاكاز قىلىنىپ بېسىلىپ كېلەتتى. بىراق، ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا لاتىن يېزىقى (كېيىنكى يىللاردا سلاۋيان يېزىقى) بىلەن بېسىلغان دەرسلىكلەرنى ئوقۇيتتى، ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان دەرسلىكلەر يوق ئىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى لاتىن ۋە رۇس يېزىقلىرىنىمۇ بىلەتتى. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرى، پەننىي، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىشىغا ئوڭايلىق ياراتقانىدى.

6) بۇ مەزگىلدە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى «مەجبۇرىي تەلىم - تەربىيىنى يۈرگۈزۈش چارىسى»نى ئېلان قىلىپ، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. ھەرقايسى ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلاردا «مەجبۇرىي تەلىم - تەربىيە يۈرگۈزۈش ھەيئىتى» تەشكىل قىلىنىپ، ناھىيىلىك ھەيئەتنىڭ باشلىقلىقىنى ناھىيىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى ۋە مائارىپ بۆلۈم باشلىقلىرى ئۈستىگە ئالدى. يېزا - قىشلاقلاردا، مەجبۇرىي تەلىم - تەربىيە يۈرگۈزۈش شۆبە

ھەيئەتلىرى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭ مەسئۇللۇقىنى رايون، يېزا باشلىقلىرى ۋە شۇ يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۈستىگە ئالدى.

«مەجبۇرىي تەلىم - تەربىيە يۈرگۈزۈش چارىسى» دە، ھەر دەرىجىلىك ھەيئەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى: مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش؛ ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە سانىنى ئېلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىغا ئاساس تۇغدۇرۇپ بېرىش؛ ئاساس قاتلامدىكى بەگ، يۈزبېشىلار ئۆز دائىرىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە تولۇق كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۆز دائىرىسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىسادى جەھەتتىكى مەسىلىلىرى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش؛ مائارىپ تەشۋىقاتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش؛ شۇ جاينىڭ ساۋات چىقىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش قاتارلىق كونكرېت تەلەپلەر بەلگىلەنگەنىدى.

«مەجبۇرىي تەلىم - تەربىيە يۈرگۈزۈش چارىسى» دە، ئاتا - ئانىلارغىمۇ كونكرېت تەلەپلەر قويۇلۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن مەكتەپكە بېرىش، ھەر كۈنى مەكتەپكە تولۇق بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش، زۆرۈر ئىش چىقىپ قالسا رۇخسەت سوراش قاتارلىق تۈزۈملەر ئورنىتىلغان. مەجبۇرىي تەلىم - تەربىيە يۈرگۈزۈشكە قەستەن قارشى تۇرغان، بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا تېگىشلىك چارە كۆرۈلىدىغانلىقى ئىزاھلانغان. بۇ «چارە» نىڭ ئىجرا قىلىنىشى نەتىجىسىدە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى يىلمۇيىل ئاشتى، تۇراقسىزلىق ئازايدى، ساۋات چىقىرىش ئىشلىرىدىمۇ بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش



جەھەتتە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرمۇ بار ئىدى:

1) ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز ئوقۇتۇش ۋە ھەقسىز داۋالاش. ياڭ - جىن دەۋرىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان - باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز ئوقۇتۇش، ئۇلارنى تاماق، كىيىم - كېچەك، قىشلىق ئىسسىنىش جەھەتتە ھۆكۈمەت تەمىنلەش تۈزۈمى بار ئىدى. بۇ خىل تەمىنات تۈزۈمى شېڭ شىسەي دەۋرىدىمۇ ساقلىنىپ قالدى. 1943 - يىلغىچە نۇرغۇنلىغان جايلاردا ئىلگىرىكى ياتاقلىق مەكتەپلەر تارقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ئايدا 40 جىڭ تاۋار ئۇن تارقىتىپ بېرىلەتتى. شىنجاڭ دارىلفۇنونى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، مەدەنىيەت كادىرلىرى مەكتىپى، ساقچى مەكتەپ، ھەربىي مەكتەپ قاتارلىق ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە، ۋىلايەتلەردىكى ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن، ھۈنەر - سانائەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى كۈندىلىك تاماق، قىشلىق، يازلىق كىيىم، قىشلىق ئىسسىنىش راسخودى، دەرسلىك كىتاب ۋە دەپتەر - قەلەم قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرىنىڭ ھەممىسى مەكتەپ تەرىپىدىن بېرىلەتتى. يۇقىرى ئورۇنلار بۇ خىل خىراجەتلەرگە مەخسۇس پۇل ئاجرىتاتتى. مەيلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بولسۇن، مەيلى پۇقرالارنىڭ بولسۇن بالىنىستا يېتىپ داۋالىنىشى (ياتاق ۋە دورا پۇللىرىنىڭ ھەممىسى) ھەقسىز ئىدى.

2) ئوغۇل - قىزلار ئايرىم ئوقۇش: شەھەرلەردە، چوڭراق يېزا - بازارلاردا، ئوغۇللار مەكتىپى بىلەن قىزلار مەكتىپى (مەيلى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ بولسۇن) ئايرىم ئىدى. ئوغۇل - قىزلار ئۈچۈن ئايرىم مەكتەپ قۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان جايلاردا ئوغۇللار سىنىپى، قىزلار سىنىپى

ئايرىم تەسىس قىلىناتتى، ساۋات چىقىرىش ئۆگىنىشلىرىدىمۇ ئەر - ئاياللارنىڭ سىنىپى ئايرىم ئىدى.

3) ئىسلام دىنىدىكىلەر ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەپتىدە بىر سائەتتىن ئىككى سائەتكىچە دىن دەرسى بار ئىدى. دىن دەرسىنى مەخسۇس ئاخۇنۇملار ئۆتەتتى. بۇنىڭدا ئاساسەن، ئەرەب يېزىقىنى ئوقۇش ۋە قۇرئاننى يادلاش ئاساس قىلىناتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالدا، ئامىمىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بەك چىڭ، خۇراپاتلىقى ئېغىر بولغاچقا، مۇنداق قىلمىسا مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرايتتى.

## Ⅲ شىنجاڭدا ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى

ئەسلىدە، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن ئىلگىرىلا قەشقەردىكى مەشھۇر ئالىم ۋە مۇدەررىس ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زاتلار، دىنىي ئورۇنلار باشقۇرۇپ كەلگەن «ۋەخپە» يەرلەرنى، ئۆشرە - زاكات قاتارلىقلارنى كەڭ جەمئىيەت مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىتىش (مەسىلەن، مەكتەپ سېلىش، دارىلئېتام ئېچىپ دارىلئاجىزىنلارنى قۇرۇش قاتارلىق) تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەخپە يەرلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. لېكىن بۇ تەشەببۇس مۇتەئەسسىپ دىندارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئەمەلگە ئاشمىغان.



ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنلا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشلىق قەشقەرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە 1933 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەردە تۇنجى قېتىم «قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» رەسمىي قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ناھىيىلەردە ۋە چوڭراق رايونلاردا شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ئۇيۇشمىلار ھەرقايسى مازار، خانىقا، مەسچىت، مەدرىسە قاتارلىق ئورۇنلار باشقۇرۇپ كەلگەن ۋەخپە يەر، ۋەخپە ساراي، سودا دۇكىنى، تۈگمەن قاتارلىقلارنى ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق قوي تېرىسى قاتارلىقلارنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى بۇرۇندىن شۇ ئورۇننى باشقۇرۇپ كەلگەن دىندارلارغا قالدۇرۇپ، قالغان قىسمىنى جامائەت مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. ياڭ زېڭشىن - جىن شۇرېن ۋاقتىدا خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدا قۇرۇلغان دىنىي مەكتەپلەر، پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى مەكتەپلەر ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، بىر مۇنچە يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئارقا - ئارقىدىن مەكتەپ قوينىغا ئېلىندى.

قەشقەردىكى ئاتاقلىق مازار، خانىقا، مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئالساق، ئاپاق غوجا مازىرىنىڭ 16 مىڭ مو، چاپان بازىرى چوڭ مەسچىتنىڭ 5 مىڭ مو، ھېيتكار جامائەسىنىڭ 3 مىڭ مو ۋەخپە يېرى بار ئىدى. شۇنداقلا ئاقمازار، يۇسۇپ قېدىرخان مازىرى، سۆگەللىك مازىرى، ئارسلانخان مازىرىدا، مىراقباخشى ئاتام، خۇتپىدىن غوجام، شام پاشا، خوجا باغ غوجام قاتارلىق ئادەتتىكى مازارلارنىڭمۇ ھەر

بىرى يۈز مودىن مىڭ موغا قەدەر ۋەخپە يەرنى باشقۇراتتى.

خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي ھۆكۈمدار، قوشۇمچە مۇئاۋىن ۋالىي ئەھمەتتوختى ئەلەم خوتەننىڭ ئەڭ چوڭ قازىسى بولغاندىن تاشقىرى، خوتەنگە ئون نەچچە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى نىيە ناھىيىسىدىكى «پادىشاھىم» مازىرىنىڭ شەيخى ئىدى. ئۇ يىلدا بىر قېتىم مازارغا بېرىپ شەيخلىق بۇرچىنى ئادا قىلالمىسىمۇ، «پادىشاھىم»نىڭ كىرىمى ۋە نىيە ناھىيىلىرىدىكى 10 مىڭ مو ۋەخپە يېرىگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. كىرىيە تاشيولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان «لايسۇ» كەنتىدىكى تېرىلغۇ يەر ۋە قومۇشلۇق يايلاقلارنىڭ ھەممىسى «پادىشاھىم»نىڭ ۋەخپىسى بولۇپ، ئۇنى ئەھمەتتوختى ئەلەمگە ۋەكالىتەن تۇغقانلىرىدىن ئالىمخان غوجا، ئابدۇرېشىت خانلار باشقۇراتتى. بۇ كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئەھمەتتوختى ئەلەمنىڭ ئىجارىكەش دېھقانلىرى ئىدى.

ۋەخپە يەرلەرنى مانا مۇشۇنداق مۇۋاپىق ئىگىلەش ۋە پايدىلىنىش، باشقا جايلاردىمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا ۋەخپە يەرلەرنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تەدبىر كەڭ خەلق ئاممىسىغا يېقىملىق قالماستىن، شېڭ شىسەيگىمۇ ياققانىدى. چۈنكى، مۇنداق خەلققە تايىنىپ مەكتەپ باشقۇرۇش چارىسى، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى تەدبىرى ئىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، ئالدى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆلكىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىلەردە شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان شىنجاڭ



ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، 1943 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئىشتىراكى ئاستىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى نەنمىڭ ئەتراپىدىكى ھازىرقى مەدەنىيەت كىنوخانىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇنىڭ شۆبىلىرى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ۋە بەزى يېزىلارغا قەدەر تارقالغان بولۇپ، كۆلىمى ئەڭ چوڭ، باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئەڭ كۆپ ئىدى.

ئۆلكىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 1937 - يىلى قۇرۇلدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى بارلىق بۇتخانا ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا قاراشلىق ۋەخپە يەرلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇردى. ئۇيۇشما يەنە شېڭ شىسەينىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچىنىڭ كونا كوچىلىرىنى چېقىۋېتىپ، قايتا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، يېڭى ئاھالىلەر رايونىنى قۇرۇش ئىشلىرىنى باشقۇردى. بىر قىسىم سودا دۇكانلىرىنى ئېچىپ، خىش زاۋۇتى، ياغاچ زاۋۇتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، زور مىقداردا مەبلەغ توپلاپ، ھازىرقى دېموكراتىيە يولىدىكى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، بېيىمىڭ سىفەن مەكتىپى قاتارلىقلارنى قۇردى. دراما، چاڭچىلە ۋە سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەشكىللىدى. خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىلىرى شىمالىي شىنجاڭدىكى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇرغان جايلاردا ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلغاندىن تاشقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن يېڭىشەھەر، ئاقسۇ يېڭىشەھەر، خوتەن يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلاردىمۇ شۆبە ئۇيۇشمىلارنى قۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، 1935 — 1937 - يىللاردا ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، موڭغۇل مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، شىبە - سولون - مانجۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش

ئۇيۇشمىسى، رۇس مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قەشقەردە قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ئۇيۇشمىلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. جۈملىدىن ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان ناھىيە، رايونلاردا ناھىيىلىك، رايونلۇق شۆبە ئۇيۇشمىلىرىنى قۇردى.

ئىلى ۋىلايىتىدە، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئونبىر ناھىيىدىن كەلگەن 282 نەپەر ۋەكىلنىڭ ئىشتىراكى بىلەن رەسمىي قۇرۇلۇپ، قۇرۇلتايدا 23 كىشىلىك ئىجرائىيە ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. ئۇيۇشما رەئىسلىكىگە تىيىپ ھاجى، مۇئاۋىن رەئىسلىككە مەتيۇسۇپ ھاجى، باش كاتىپلىققا قاسىمجان قەمبىرى سايلاندى.

ئالتاي ۋىلايىتىدە، 1935 ـ يىلى قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەمدە ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلدى.

چۆچەكتە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن باشقا، قازاق، خەنزۇ، ئۆزبېك، تاتار، رۇس مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى.

قاراشەھەر ۋىلايىتىدە، 1934 — 1935 ـ يىللىرى كورلىنى مەركەز قىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن سىرت، خوتۇنسۇمبۇل ۋە ئۇششاقتالدا موڭغۇل مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قاراشەھەردە خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، بۈگۈر، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى.

قۇمۇلدا 1936 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1937 ـ يىلى ئاراتۈركتە موڭغۇل مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.



ئاقسۇ ۋىلايىتىدە، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1935 ـ يىلى قۇرۇلغان بولسا، باشقا ناھىيىلەردە 1936 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇپ بولدى.

شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئاخىرىدا— 1938 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئارقىدىنلا ھەرقايسى ناھىيىلەردە ناھىيىلىك ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. چۈنكى بۇ ۋىلايەت ما خۇسەن ئىشغالىيىتىدىن 1937 ـ يىلىنىڭ 10 ـ ئېيىدا ئازاد قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇيۇشمىلارنى قۇرۇش كېچىككەنىدى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ چاغدا شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، مانجۇ، شىبە، سولۇن، تاجىك قاتارلىق 14 مىللەتنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا ئىگە بولدى.

ھەر دەرىجىلىك ئۇيۇشمىلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ ۋە ئۇيۇشما ئىجرائىيە ھەيئىتى (دائىمىي ھەيئەت) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە كاتىبات بۆلۈمى، مالىيە ـ بوغالتىرلىق بۆلۈمى، ئەۋقاپ بۆلۈمى (ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋەخپە يەرلەرنى باشقۇرۇش، ئۆشرە ـ زاكات يىغىش)، مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت بۆلۈمى (سانائىنەپىسە ۋە كىنو ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان)، تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئىبارەت بۆلۈم ۋە بۆلۈمچىلەر بار ئىدى. مائارىپ بۆلۈمى ئۇيۇشما بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ بۆلۈمىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە ئىش ئېلىپ باراتتى.

ھەرقايسى ئۇيۇشمىلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى:

1) ئۇيۇشما قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر. دەسلەپكى مەزگىلدە ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى (قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىنلەر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

ئەترەتلىرى بار ئىدى. شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى چوڭراق بولغان قەشقەر ھېيتكار كۇلۇبىنى مىسالغا ئالساق، بۇ كۇلۇبنىڭ قۇرۇلۇشى 1939 - يىلى باشلىنىپ، 1940 - يىلى 10 - ئايدا ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ كۇلۇب قىشلىق ۋە يازلىق كۇلۇبقا بۆلۈنۈپ، ھەر بىرىگە 1600 كىشىلىكتىن ئورۇندۇق قويۇلغان. قىشلىق كۇلۇبنىڭ ئەتراپى كارىدورلۇق بولۇپ، كۇلۇبنىڭ ئالدى قىسمىغا تىياتىر سەھنىسى، ماتورخانا، كىنو بوتكىسى جايلاشقان، سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۈچ ئېغىزلىق گرىمخانا ئورۇنلاشقان. سەھنە رېلىسلىق ئايلانما شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، ئالدىنقى سەھنىدە بىر كۆرۈنۈش ئويۇن قويۇلۇۋاتقاندا، ئارقا سەھنىدە ئىككىنچى پەردىنىڭ دېكوراتسىيە تەييارلىقلىرى ئىشلىنىپ بولاتتى - دە، سەھنىنى بىر ئايلاندۇرۇش بىلەنلا ئىككىنچى پەردىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولاتتى. كۇلۇبنىڭ ھېيتكار مەيدانى تەرىپىگە ئاشخانا، يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى، بىلياردخانا، دامكا - شاھمات ئۆيلىرى، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا قاتارلىقلار ئورۇنلاشقاندى. يەنە كۇلۇب ئالدىغا كىچىك باغچىمۇ بەرپا قىلىنىپ، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈلگەنىدى. كۇلۇب گەۋدىسى ھاك ئارىلاش پىششىق كېسەك، تۆمۈر ۋە چوڭ ياغاچلاردىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۈستى قاڭالتىر تۆمۈر بىلەن يېپىلغانىدى. كۇلۇب قۇرۇلۇشىغا ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى خەلپەت سۇزۇك ھاجى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغاندىن تاشقىرى، چېرتيوژچىلار، تېخنىكلار، ئۇستىلاردىن تەركىب تاپقان كۇلۇب قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانىدى. كۇلۇبنىڭ پۈتۈن چىقىملىرى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن قىلىنغانىدى. ئۆزىنىڭ پۇختىلىقى ۋە گۈزەللىكى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ كۇلۇب، 50 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەد كۆتۈرۈپ



تۇرماقتا.

6) ئۇيۇشمىلارنىڭ كىرىم مەنبەلىرى. (1) مازار، خانىقا، مەدرىسە، مەسچىت قاتارلىق دىنىي ئورۇنلار باشقۇرۇپ كەلگەن «ۋەخپە» يەرلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن بولغان كىرىمنىڭ بىر قىسمىنى شەيخ، مۆتىۋەللى، خاتىپ، ئىمام، مۇئەززىن، جارۇپ، چىراغچى، ئاشىد ۋە تۈرلۈك ساھەلەردە دىنىي خىزمەت ئىشلەۋاتقان «ئەھلى ۋازائىبلار» (ۋەزىپىدارلار) غا ئىش ھەققى سۈپىتىدە تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن قالىدىغان ئومۇمىي كىرىم؛ (2) ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ھەر يىلى دېھقانلار ئۆزىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتىدىن ئاجرىتىدىغان ئۆشرە (ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىر قىسمى)، ھەر يىلى رامازان ئېيىدا سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن تارقىتىدىغان زاكات (ئومۇمىي دەرمايىسىنىڭ قىرىقتىن بىر قىسمى)؛ چارۋىچىلاردىن ھەر 40 تۇياقتىن (ئۆز تۈرى بويىچە) بىر تۇياق بويىچە ئېلىنىدىغان زاكاتتىن بولغان كىرىم؛ (3) قۇربان ھېيتتا سويۇلغانماللاردىن يىغىۋېلىنغان تېرە كىرىمى؛ (4) ئۇيۇشمىلارغا قاراشلىق ۋە ئۆزلىرى ئاچقان سودا دۇكىنى، ساراي، تۈگمەنلەرنىڭ ئىجارە ھەققى، ئۇيۇشمىلار باشقۇرغان ۋە ئۇيۇشتۇرغان شىركەت، كارخانىلارنىڭ ساپ كىرىمى؛ (5) كىنو - تىياتىرخانىلارنىڭ كىرىمى؛ (6) ئاممىنىڭ ئىختىيارىي ياردەم ۋە ئىئانىلىرى. مەسىلەن، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆزىگە تەۋە 456 ئورۇندىكى مازار، خانىقا، مەدرىسە قاتارلىق ئورۇنلاردىن 1936 - يىلىغىچە ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققىدىن 300 مىڭ چارەك (بىر چارەك 13 جىڭ ھېسابىدا) ھەر خىل ئاشلىق، ئۆشرىدىن 250 مىڭ چارەك ئاشلىق، قۇربانلىق تېرىدىن 25 مىڭ دانە، ئۆي - دۇكان ئىجارىسىدىن 200 مىڭ كوي (دوللار) كىرىم قىلغان. بۇ ئاز

كىرىم ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇيۇشمىلارنىڭ چىقىم قىلىش دائىرىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: (1) ھەر دەرىجىلىك ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، شتاتلىق ئارتىسلارنىڭ ھەر ئايلىق مائاشى؛ (2) يېڭىدىن سېلىنىدىغان مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇش جاھازلىرى ئۈچۈن كەتكەن چىقىم؛ (3) دارىلئېتام، ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ ۋە دارىلئاجىزىنغا قوبۇل قىلىنغان كىشىلەرنىڭ يىللىق تاماق راسخودى، يازلىق ۋە قىشلىق كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە راسخودى ۋە ئوقۇش قوراللىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان چىقىم؛ (4) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىش، ئاھالىنى تەبىئىي ئاپەت ۋە ئاغرىق - سىلاقتىن قۇتقۇزۇشقا سەرپ قىلىنىدىغان ياردەم پۇل.

ئادەتتە ھەرقايسى ناھىيىلەردىن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەكى ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەر ئىدى. مەسىلەن، خوتەن ناھىيىسىدە ئازادلىققا قەدەر قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر سانى 50 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن شەھەر ئىچىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ (چايخانا مەكتەپ)، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ (قىزلار مەكتەپ)، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ (خەنزۇ مەكتەپ)، 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ (ئۇيغۇر مەكتەپ) ۋە يېزىلاردىن سەيشەنبە باش مەكتەپ، خانئېرىق باش مەكتەپ قاتارلىق يەتتە مەكتەپ ھۆكۈمەت قارمىقىدا بولۇپ، قالغان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا ئىدى. شۇنچە كۆپ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش خىراجىتى، مائاش خىراجىتى ۋە ئوقۇتۇش خىراجەتلىرىنى ھەل قىلىش ئاسان مەسىلە ئەمەس ئىدى.



ھەر دەرىجىلىك ئۇيۇشمىلار قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىدا مەكتەپ سېلىش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى، شەھەر ئىچىدىكى قىسمەن مەكتەپلەر ئۇيۇشما تەرىپىدىن سېلىنغاندىن تاشقىرى، يېزا - قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيۇشمىلارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا سېلىندى. بۇ خىل مەكتەپلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئۆز كىرىمىدىن پۇل ئاجرىتىپ سالغان مەكتەپلەر؛ (2) ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش ئاساسىدا يېزا - كەنتلەر مەسئۇل بولۇپ، ئاممىدىن ياغاچ - تاش توپلاپ، ئامما ئىچىدىكى قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى ئىختىيارىي ئاساستا قۇرۇلۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ئارقىلىق سېلىنغان مەكتەپلەر. مەسىلەن، چۆچەك ناھىيىسىدە ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى مەكتەپ سېلىش دولقۇنىدا مەھمۇدىيە مەكتىپى، دارىلئېتام مەكتىپىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، ئۆزبېك نەمۇنە مەكتىپىنى ئۆزبېك ئۇيۇشمىسى، تاتار مەكتىپىنى تاتار ئۇيۇشمىسى، مولوتوۋ نامىدىكى رۇس مەكتىپىنى رۇس ئۇيۇشمىسى سالغان بولسا، چۆچەك سىرتىدىكى قازاق چوڭ مەكتىپى، دۇرت ئاۋۇل قازاق مەكتىپى، قازاق قىزلار گىمنازىيىسى، پالتابايۇۋ مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە قازاق چارۋىدارلىرىنىڭ مەبلىغى ئارقىلىق سېلىنغان.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەبلىغى بىلەن ھەر بىر رايوندا بىردىن باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىنغاندىن تاشقىرى، توختى ھاجىم قىزىل دۆۋىگە بەش سىنىپلىق بىر مەكتەپ، ئۆمەر دامولla، يۇنۇس قازىلار بىرلىشىپ ئوپال بازىرىغا يەتتە سىنىپلىق بىر مەكتەپ، ئەمەتبەك

ھاجى تازغۇن رايون كەرمەلە كەنتىنگە ئۇن سىنىپلىق بىر مەكتەپ، مۇقارى ھاجى ياپچان ئەرمىدۆڭگە بەش سىنىپلىق بىر مەكتەپ، بەشكېرەم چۇمباشقا بىر مەكتەپ، قادىر ھاجىم، ئىبراھىم لوزۇڭلار ئاپاق غوجامغا بىر مەكتەپ سېلىپ بەرگەن. خۇسۇسىيلار ئۆز خىراجىتى بىلەن ياكى يېزا - كەنت خەلقى بىرلىشىپ مەكتەپ سېلىش غۇلجا، ئاقسۇ، ئالتاي، قۇمۇل، قاراشەھەر (كورلا)، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەر، يەكەن، تۇرپان، پىچان، كۇچا قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ خېلى كۆپ.

## IV ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىش ئەھۋالىدىن ئومۇمىي بايان

### 1. باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى

1933 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇش دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردە، ئىلگىرى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ تارقىلىش توچكىلىرى شەھەر ۋە يېزا - بازارلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان مەكتەپلەر يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، يېزا - قىشلاقلارنى مەركەز قىلغان ھالدا يىلدىن - يىلغا كېڭىيىپ، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئاساسلىق بازار ۋە چوڭراق كەنتلەردە مەكتەپ بار بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا



ئاشۇرۇلدى. ئىلگىرى بار بولغان خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپلەر بولسۇن، پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەر بولسۇن ھەممىسى ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ھەممە جايدا پەننىي مائارىپنىڭ دەسلەپكى گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلدى. مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قارمىقىدىكى مەكتەپلەر پىلانلاش - باشقۇرۇش جەھەتتە ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەھبەرلىكىنى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش جەھەتتە ئۇيۇشما بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى، ھەر بىر رايون ياكى يېزىدا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك يېزا ۋە كەنتلەردە قۇرۇلغان مەكتەپلەر مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ شۆبىلىرى ئىدى. بۇ مەكتەپلەر قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن، ئاساسەن 1933 - يىلدىن ئىلگىرى خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغانىدى. كېيىن قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ تەلەپكە لايىق ئەمەس ئىدى. 1934 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇستەھكەملىنىش دەۋرى بولدى. بۇ چاغدا ھەممە مەكتەپلەر بىرلىككە كەلگەن ئوقۇش پروگراممىسى، بىرلىككە كەلگەن دەرسلىككە ئىگە بولدى. ئۇ چاغدا خەنزۇ مەكتەپلەر ئازاد رايونلارنىڭ ياكى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك كىتابلىرىنى ئىشلەتسە، ئۇيغۇر، قازاق، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك

كىتابلىرىنى ئىشلەتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپلەر — ئىپتىدائىي سىنىپ (چۇجى بەن)، رۇشتى سىنىپ (گاۋجى بەن) دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئىپتىدائىي سىنىپ تۆت يىللىق، رۇشتى سىنىپلار ئىككى يىللىق ئىدى. رۇشتى سىنىپلار كۆپرەك شەھەر مەكتەپلىرى ۋە يېزىلاردىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بار ئىدى. رۇشتى سىنىپلاردا ئاساسىي پەنلەردىن ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى، ماتېماتىكا، تەبىئەت، جۇغراپىيە ۋە سىياسەت دەرسلىرى ئۆتۈلەتتى. رۇشتى سىنىپلارنى پۈتتۈرگەنلەر ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىنى (جۈملىدىن فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىسقا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى) بىر قەدەر پۇختا ئىگىلەيتتى. «ئوقۇش كىتابى» ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ ئاددىي ژانىرلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتى. ماتېماتىكا جەھەتتە تۆت ئەمەل، ئاددىي كەسىر، ئونلۇق كەسىر، نىسبەت - تاناسىپ، پىرسەنت قاتارلىق ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگىلەيتتى. مەسىلە ئىشلەش ئاساس قىلىنىپ، مىسال ئىشلەش ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى يېشىش ئىقتىدارى، ئوقۇغان بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش ئىقتىدارى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى. تەبىئەت دەرسىدە، تەبىئەت ۋە فىزىكىغا دائىر دەسلەپكى ساۋاتلار، جۇغراپىيە دەرسىدە ئاساسەن تەبىئىي جۇغراپىيىگە دائىر مۇھىم ساۋاتلار ئۆتۈلگەچكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىگە بولغان كۆزقارىشى دەسلەپكى قەدەمدە چوڭقۇرلىشىپ، پەنگە بولغان ئېتىقادىنى ئېخمۇ كۈچەيتكەنىدى.

جۈملىدىن بۇ يىللاردا، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، ئاددىي دارىلمۇئەللىمىنلەر قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك



دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەردىن ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر جايلارغا تەقسىم قىلىنىپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئەخلاقلىق، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار كۆپىيىپ، زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئۆسۈپ يېتىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىق سىنىپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ، بىر دەرىجە يۇقىرى مەكتەپلەرگە كىردى. شۇڭا بۇ يىللار، يېڭى قۇرۇلغان مەكتەپلەر يىلدىن - يىلغا مۇكەممەللەشكەن، ئوقۇغۇچىلار سانى يىلدىن - يىل ئېشىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن يىللار بولدى.

مۇنۇ ئىككى مىسالغا قاراپ باقايلى: 1935 - يىللىرى، غۇلجا ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت قارمىقىدا دۆڭمەھەللىدىكى روشەن مەكتىپى، قارادۆڭدىكى ياردەم مەكتىپى، خەيرىيە مەكتىپى، ئۈمىد مەكتىپى، ھەيرانباغ مەكتىپى قاتارلىق بەش مەكتەپ، شەھەر ئىچىدە 20 مەكتەپ، ناھىيە يېزىلىرىدىن سەككىز باش مەكتەپ، 73 شۆبە مەكتەپ، جەمئىي 81 مەكتەپ بارلىققا كەلدى. قالغان ناھىيىلەردىمۇ مەكتەپ سانى 66 دىن ئاشتى.

1936 - يىلى يالغۇز يەكەن ناھىيىسىدىلا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى مەكتەپ سانى 199 غا، سىنىپ سانى 650 كە، ئوقۇغۇچى سانى 22 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. بۇنى 1932 - يىلى ئۆلكە بويىچە بار بولغان 95 باشلانغۇچ مەكتەپ، 128 سىنىپ، 4132 ئوقۇغۇچى سانىغا سېلىشتۇرغاندا، پەقەت يەكەن ناھىيىسىدىلا مەكتەپ سانى ئىككى ھەسسە، سىنىپ سانى بەش ھەسسىدىن كۆپرەك، ئوقۇغۇچى سانى 5.3 ھەسسە ئۆسكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

شىنجاڭ بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەرەققىياتىنىڭ سانلىق ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى سانلاردىن كۆرۈۋالساق بولىدۇ:

1931 - يىلى ئۆلكە بويىچە، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى 150، ئوقۇغۇچىلىرى 7162 نەپەر بولغان بولسا، 1942 - يىلىدا، ھۆكۈمەت ۋە ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ سانى 2413 كە، ئوقۇغۇچى سانى 271 مىڭ 100گە يەتكەن. ئوقۇتقۇچىلار سانى 6071 گە يېتىپ، خاس ئوقۇغۇچى سانىلا 37.7 ھەسسە ئاشقان.

## 2. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ خارابلىشىشى

1943 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقە (پارتىيە كومىتېتى) بۆلۈمى قۇرۇلدى. دەل شۇ كۈندە يەنە ۋىلايەتلەردىمۇ گومىنداڭ پىرقە بۆلۈمىنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى. بۇ، شېڭ شىسەينىڭ يۈزىدىكى نىقابىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقىنىڭ ۋە جياڭ جېيشى ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنىڭ تۇنجى قېتىم كەڭ دائىرىدە ئاشكارىلىنىشى ئىدى. 1944 - يىلى كۈزدە، شېڭ شىسەي ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى جۇ شاۋلياڭ ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈۋالدى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ كەلدى. مانا بۇ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىشى بولدى. ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى زور كۆلەمدە ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى.

ئۇزۇندىن بۇيان گومىنداڭنىڭ «چېگرا رايون سىياسىتى» نى يىغىنچاقلىغاندا: «دىن ھەممىدىن ئەلا، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىرىنچى، ئۆزگە تارتىپ ئاجىزلىتىش، پارچىلاپ



ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش[1]» تىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ سىياسىتىگە ئاساسەن، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن «تۈرمىنى تەكشۈرۈپ بوشىتىش» نى يولغا قويدى. ئۇنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدە تۈرمىدىن بوشاتقان ئادەملىرى — ليۇۋېنلۇڭ قاتارلىق سابىق گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ۋاڭ، گۇڭ، لاما، ئاخۇنلار ئىدى. مەسىلەن، خۇيزۇلارنىڭ دامولىسى ما لياڭجۈن ئاخۇن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا، ئۆمەر دامولla قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا، پاساربەگ يەكەننىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. يەنە بىر تۈركۈم ۋاڭ، گۇڭ، ئاخۇنلار مەسىلەن، ئالتايدىكى قازاقلار ئاقساقىلى خادىۋاڭ، موڭغۇل ۋاڭى چوجەپ، مەنخەنۋاڭنىڭ ئايالى ۋۇجىڭبىن، خوتەنلىك گۇڭ زايىتخان غوجا قاتارلىقلار «خاتىرجەملەندۈرۈش ھەيئىتى» نىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، كېيىن مەنسەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ شېڭ شىسەي ۋاقتىدا دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن مۇتەئەسسىپ ئاخۇن، موللىلار يۆلەپ تۇرغۇزۇلۇپ، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. بۇ، فېئودالىزم كۈچلىرىنىڭ قايتا تىرىلىشى، قالاقلىقنىڭ ئىلغارلىق ئۈستىگە چىقىشى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردا دىنىي مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن باش كۆتۈرۈپ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ پەننىي مەكتەپلەر بىلەن ئوقۇغۇچى تالىشىش زىددىيىتى ئەۋج ئالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئەكسىيەتچى دىندارلار، كوممۇنىستىك پارتىيىنى «دىننى يوقاتقۇچىلار» دەپ، ئۆچ

① جىن شياۋشەن: «ۋۇ جۇڭشىننىڭ چېگرا رايون سىياسىتى ۋە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 32 - سان.

ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنى «كوممۇنىستلارنىڭ قۇيرۇقى» دەپ، پەننىي مەكتەپلەرنى «كاپىرلار مەكتىپى» دەپ تەشۋىق قىلغاچقا، بىر قىسىم نادان ئامما ئۆز پەرزەنتلىرىنى پەننىي مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، دىنىي مەكتەپكە بەردى. بىر قىسىم گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ھەتتا ئوچۇقتىن - ئوچۇق پەننىي مەكتەپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا جار سالدى. مەسىلەن، ما بۇفاڭ قىسىملىرىدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن گومىنداڭ جۇنجاڭى ياڭ دېلياڭ 1946 - يىلى قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان باللىرىنى پەننىي ئىلىم بىلەن ئوقۇتۇش دىنىنى بۇزىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىنىي موللىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى كېرەك!» ئۇنىڭ بۇ ئەكسىيەتچى چاقىرىقىدىن كېيىن يېزا - كەنتلەردە 36 باشلانغۇچ مەكتەپ تارقىلىپ كېتىپ، ئوقۇغۇچىلىرى دىنىي مەكتەپكە كىرگەن. بۇ ئىشقا ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئارقا - ئارقىدىن نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، تارقىتىۋېتىلگەن مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمى 1948 - يىلى ئاران ئەسلىگە كەلگەن.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. مەسىلەن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ئۈچۈن ئالاھىدە سېلىنغان لومەنچېڭدىكى مەكتەپ بىناسى (ھازىرقى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى دائىرىسىدە)، 1942 - يىلى كۈزدە جۇشاۋلياڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، مەكتەپ سەندۇڭخېغا كۆچۈرۈلدى. 1943 - يىلى 6 - ئايدا، ئالتايدا ئوسمان ۋە دەلىلقانلار شېڭ شىسەيگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن



ۋە ئۇنىڭغا ئۈلگۈشۈپلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىلىغان مەزگىلدە، ئالتاينىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىسى قىلىنىپ، مەكتەپلەردە دەرس توختىتىلدى.

بەزىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەكتەپلەردە خالىغانچە ئوقۇش توختاتتى. 1945 - يىلى تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى تاشقورغان، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوزغىلاڭغا مەدەت بېرىشىدىن ئەنسىرەپ 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ۋىلايەت بويىچە ھەممە مەكتەپلەردە ئوقۇش توختىتىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى «يازلىق تەلىم - تەربىيە لاگېرى» غا يىغىۋېلىپ، نەزەرباغ دارىلمۇئەللىمىن ئىچىگە نەزەربەنت قىلغان. لاگېرغا قەشقەر ھەربىي رايوندىن ياڭ فۇلۇيجاڭ، ناتۇەنفۇ (نەمىتۇللا تۇەنفۇ)، ياڭ فۇشىڭ سەنمۇجاڭلار مەسئۇل بولۇپ، بىر پەي ئەسكەر بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى نازارەت قىلغان. ئۇ كۈنلەردە، ئوقۇتقۇچىلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىش، ئىشتىن ھەيدىلىش قاتارلىق زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچراپلا قالماستىن، دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىۋالغان ئوقۇغۇچىلارنى قايتۇرۇپ كېلىش، ئائىلىسىگە قايتىپ كەلمىگەنلەرنى چاقىرىپ كېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كەنت - مەھەللىلەرگە بارغاندا، بەزى مۇتەئەسسىپ ئاخۇنلار ئاممىنى قۇترىتىپ، جاھىل ئاتا - ئانىلار قەستەن جېدەل چىقىرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، يارىدار قىلغان. لېكىن بۇنداق ئىشلارنى ھېچكىم سورىمايتتى. 47 -، 48 - يىللار، پۇل پاخاللىقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، بىر مىليونلۇق، ھەتتا بىر مىليارد يۈەنلىك پۇل چىقىرىلدى. بەزى چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئايلىق مائاشىغا

بىرەر جىڭ گۆش ياكى بىر قاپ سەرەڭگىمۇ كەلمەيتتى. شۇڭا نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار تۇرمۇشتا نامراتلىشىپ، ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن خىزمەتتىن چېكىنىشكە، كەسىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار سانى يىلدىن - يىلغا ئازايدى، تۇراقسىز ئوقۇغۇچىلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. ئوقۇتقۇچىلار ھەركۈنى ئەتىگەن ئوقۇغۇچى چاقىرىش، بىر سىنىپنىڭ پۈتۈن دەرسىنى بىر ئادەم ئۆتۈش، سىياسىي جەھەتتىكى بىئاراملىق، تۇرمۇش جەھەتتىكى خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە دەرسكە ياخشىراق تەييارلىق قىلالمىغاچقا، ئوقۇش سۈپىتىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

گومىنداڭ مائارىپ ئورۇنلىرى شېڭ شىسەي ۋاقتىدا بېسىلغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا زاكاز قىلىپ باستۇرۇلغان دەرسلىك كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقتىدا يېڭى دەرسلىك تۈزۈپ نەشر قىلدۇرالمىدى. 1945 - يىلىدىن كېيىن بىر قىسىم دەرسلىك كىتابلار نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، سامان قەغەزگە بېسىلغانلىقتىن، كىتابلارنىڭ سۈپىتى ناچار ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلار كىتابتىن ياخشى پايدىلىنالماي، مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقتى ئوقۇتقۇچى دوسكىغا يېزىپ بەرگەن كونسىپكىنى كۆچۈرۈش بىلەن ئۆتەتتى.

1949 - يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سانى 1942 - يىلىدىكى 271 مىڭ 100 نەپەردىن 92 مىڭغا، ئوقۇتقۇچىلار سانى 2021 گە چۈشۈپ قالغان. بۇ يىللاردا مەكتەپلەرگە رېمونت راسخودى، ئىش راسخودى قاتارلىقلارمۇ بېرىلمىگەچكە، خەتەرلىك سىنىپلار تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۈستەل - ئورۇندۇقلار كونىراپ جۇلقى



چىقىپ كەتتى. بەزى جايلاردا دوسكىلارغا خەت يېزىشقا بور بولمىغانلىقى ئۈچۈن بور ئورنىدا ئۈتۈن كۆمۈرى ياكى سېغىز ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

## 3. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە مەدەنىي ئاقارتىش جەھەتتە

مەنچىڭ ھاكىمىيىتىدىن تارتىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قەدەر بولغان ئۇزۇن يىللار جەريانىدا، شىنجاڭدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەققىدە ھېچقانداق پىلان ۋە تەشەببۇس بولمىدى. بولسىمۇ خەنزۇ مىللىتى ئىچىدىلا بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن «جاھالەتتە تۇتۇش» سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا دىنىي مەكتەپلەر بولسىمۇ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپى قۇرئاننى ئاساس قىلىپ «خەت تونۇتۇش» ئىدى. ھەتتا باشلانغۇچ دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەت يېزىشنى ئۆگىنىشى «شەيتاننىڭ ئىشى» دەپ مەنئى قىلىناتتى. خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئوقۇتۇلىدىغان «شۆتاڭ» نى ۋە كېيىنكى يىللاردا تەرەققىيپەرۋەر زاتلار تەرىپىدىن ئېچىلغان پەن بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش يولغا قويۇلمىغانىدى. شۇڭا ھەر يىلى يېڭى ساۋاتسىزلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ قوشۇلۇپ تۇراتتى. يەرلىك ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ساۋاتسىز ئىدى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساۋاتسىزلىقنى يويۇش ئىشلىرىدىمۇ

دەسلەپكى دولقۇن كۆتۈرۈلدى. ئۇ چاغدىكى ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە، ئىككى خىل ئوقۇتۇش شەكلى بولۇپ، بىرى، يىل بويى ئوقۇيدىغان ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى، يەنە بىرى، دېھقانچىلىقتىن بوشىغان ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان قىشلىق ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى ئىدى. بەزى جايلاردا يىل بويى ئوقۇيدىغان ياشلار سىنىپى، چوكانلار سىنىپى تەشكىل قىلىنىپ، ھەر كۈنى يېرىم كۈن ئوقۇش يولغا قويۇلغانىدى. ئادەتتىكى يىل بويى ئوقۇيدىغان سىنىپلار ھەركۈنى كەچتە ئىككى سائەت ئوقۇيتتى. ئوقۇتۇشتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئېلىپبە دەرسلىكى ئاساس قىلىنىپ ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىپبە دەرسلىكىدە ساۋاتلىق بولۇش، ھېسابتا تۆت ئەمەلنى بىلىش تەلەپ قىلىناتتى. ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھەريىلى ساۋاتلىق بولغانلارغا شاھادەتنامە تارقىتىپ بېرىلەتتى. ساۋاتلىق بولمىغانلار يەنە قايتا ئوقۇيتتى. شۇڭا بۇنداق سىنىپلارنىڭ ساۋات چىقىرىش نىسبىتى خېلى يۇقىرى بولۇپ، خېمىرىغا يېنىپ كېتىش ھادىسىلىرى ئاساسەن كۆرۈلمەيتتى. دېھقانچىلىقتىن بوش ۋاقىتلاردا ئوقۇيدىغان سىنىپلار ھەر يىلى قىش پەسلىدە كۈنىگە بىر سائەتتىن ئىككى سائەتكىچە ئوقۇيتتى. ئېلىپبە بويىچە خەت تونۇتۇش ئاساس قىلىناتتى. بۇنداق سىنىپلارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. خېمىغا يېنىپ كېتىش ھەر يىلى يۈز بېرىپ تۇراتتى.

ساۋات چىقىرىش ئورنى ئاساسەن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرىنى ئارىيەتكە ئېلىش ياكى شەخسلەرنىڭ باغ - ھويلىلىرىدا ئىدى. ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئاساسەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى



ئۈستىگە ئالاتتى. بەزى جايلاردا ئۇلارغا ئازراق ئىش ھەققى بېرىلسىمۇ، كۆپ قىسىم جايلاردا ئىش ھەققى ئالماي «خالىسانە» ئىشلەيتتى. ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنىڭ چىراغ يېغى، يېقىلغۇ، بور قاتارلىق خىراجەتلىرىنى مەكتەپلەر ياكى يېزا - كەنت، مەھەللە تەشكىلاتلىرى (مەجبۇرىي تەلىم - تەربىيە يۈرگۈزۈش ھەيئەتلىرى) ھەل قىلىپ بېرەتتى. 1933 - يىلىدىن 1943 - يىلىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ھەممە جايدا ساۋات چىقىرىش دولقۇنى، شەخسلەر ئارىسىدا بەس - بەس بىلەن ئۆگىنىپ ساۋاتلىق بولۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرمۇ كەچلىك بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى، بوغالتىرلىق كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ساۋاتسىزلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان كىشىلەرنى داۋاملىق ئۆگىنىشكە جەلپ قىلاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ساۋات چىقىرىش دولقۇنى پەسىيىپلا قالماستىن، بەلكى بەزى جايلاردا يوقاپ كەتتى. ئىلگىرى ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىگە ۋىلايەت، ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈملىرى، ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە يېزا - كەنتلەردە قۇرۇلغان مەجبۇرىي مائارىپنى يۈرگۈزۈش ھەيئەتلىرى بىردەك مەسئۇل بولاتتى، ھەر يىلى خۇلاسىلەش، مۇكاپاتلاش چارىلىرى يولغا قويۇلغانىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا ھەرقايسى ناھىيىلەردە «خەلق ئاقارتىش يۇرتى» (مىن جاۋگۇەن) قۇرۇلۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ۋە ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەرىكىتىگە مەسئۇل قىلىندى. بۇ ئىدارىنىڭ شتاتى ئاز، مائارىپ راسخودى چەكلىك بولغاچقا، پەقەت ساۋات چىقىرىش دەرسلىكلىرىنى تارقىتىپ بېرىشكە ئاران ئۈلگۈرۈپ كونكرېت ئىشلارنى تۇتالمىدى. يېزىلاردىكى يېزا - كەنت تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «باۋ - جيا تۈزۈمى» يولغا

قويۇلغاچقا، يېڭى سايلانغان باۋجاڭ، جاجاڭلار ئالۋاڭ ـ ياساق يىغىش، ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇشنىڭ غېمىدە، ساۋات چىقىرىش ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى. شۇڭا 1943 ـ يىلىدىن كېيىن ساۋات چىقىرىش شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپلەر باشقۇرغان ئايرىم مەھەللىلەردە، يېزا بازارلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە بار بولسىمۇ، قالغان جايلاردا ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى.

## 4. ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپى

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئالدى بىلەن ياڭ ـ جىن ۋاقتىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، 1 ـ گىمنازىيە (ئوتتۇرا مەكتەپ)، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر تەرتىپكە سېلىنىپ، ئەسلىدىكى سىنىپ سانى ئاشۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسى كېڭەيدى. ئۈرۈمچىدە يەنە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (مىللىيلار ئۈچۈن)، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى (مىللىيلار ئۈچۈن) كۆپەيتىپ قۇرۇلدى. مائارىپ تەرەققىياتى بالدۇرراق باشلانغان غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىمۇ بىر قىسىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلدى.

شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپىدا گەۋدىلىك بولغىنى دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەر شۇنچە راۋاجلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر



ئىدى. شۇڭا ئالدى بىلەن 1916 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئىلگىرىكى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيدىغان سىنىپلارنى ساقلاپ قالغاندىن تاشقىرى، 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇيدىغان سىنىپلارنى ئاچتى. 1941 ـ يىلىدىن باشلاپ قازاق تىلى ۋە موڭغۇل تىلىدا ئوقۇيدىغان سىنىپلارمۇ بارلىققا كەلدى. 1943 ـ يىلغىچە جەمئىي 53 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 8 ـ سىنىپتىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇيدىغان سىنىپلار بارلىققا كەلدى. 1942 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، مەكتەپ بويىچە 24 ـ سىنىپتىن 42 ـ سىنىپقا قەدەر جەمئىي 700 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىدى. شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالتە سىنىپ ئىچىدە 24 ـ، 26 ـ، 28 ـ سىنىپلار ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ئەدەبىيات ساھەسى بويىچە داڭ چىقارغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى، تۇرغۇن ئالماس، ئەمەت غوپۇر، قۇربان ئىمىن، ئىبراھىم قۇربان قاتارلىق ياش شائىرلار بار ئىدى. 1946 ـ يىلىدىن كېيىن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى خەنزۇ دارىلمۇئەللىمىنى، ئۇيغۇر ـ قازاق دارىلمۇئەللىمىنى، موڭغۇل دارىلمۇئەللىمىنى بولۇپ ئۈچ مەكتەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر يالغۇز ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنىپلا قالماي، بىر قىسمى مەمۇرىي ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىناتتى. دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇپ چىققان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار شېڭ شىسەي، گومىنداڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق مائارىپچىلار، تايانچ كۈچلەر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىمۇ تايانچلىق رول ئوينىدى.

ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە تولۇقسىز ئوتتۇرا

مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياكى شۇ سەۋىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىناتتى. مۇددىتى ئۈچ يىل ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن شۇ ۋاقىتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋەتەننى، مىللەتنى قىزغىن سۆيەتتى. قەلبى ماركسىزم - لېنىنىزمغا مايىل ئىدى. يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنى شەرەپ دەپ بىلگەچكە، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى قىزغىن سۆيەتتى.

مىللىي سىنىپلاردا ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ماتېماتىكا، ئالگېبرا، گېئومېترىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە، ئاناتومىيە، تارىخ (جۇڭگو تارىخى، يېقىنقى ۋە قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخى)، جۇغراپىيە (جۇڭگو جۇغراپىيىسى، تەبىئىي جۇغراپىيە، قىتئەلەر جۇغراپىيىسى)، گېئولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، پېداگوگىكا، مەكتەپ گىگىيناسى قاتارلىق پەنلەر ئۆتۈلەتتى. بۇلاردىن بەزىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن ھالقىپ، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئوقۇغۇچىلار يەنە ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق سوۋېت كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيىسىنىڭ تارىخى (ۋ ك پ ب تارىخى)، كوممۇنىستىك مانايىست (كوممۇنىزم خىتاپنامىسى)، لېنىن، ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى، ئەي سىچىننىڭ «يېڭى پەلسەپە» ئەسىرى قاتارلىق ماتېرىياللارنى بەس - بەس بىلەن ئوقۇپ، يېڭىچە دۇنيا قاراشنى يېتىلدۈرۈش يولىدا تىرىشاتتى (1943 - يىلىدىن كېيىن بۇ خىل كىتابلارنى ئوقۇش، ساقلاش چەكلىنىپلا قالماستىن، بەلكى جىنايەت ھېسابلىنىدىغان بولدى).

1935 - يىلىدىن باشلاپ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەر دەسلەپ



ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق كۇرس شەكلىدە ئېچىلغان بولدە: كېيىن ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئايلاندى. ئۇنىڭغا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ رۇشدىي سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ياكى شۇ سەۋىيىلىك كىشىلەر ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىناتتى. ئاددىي دارىلمۇئەللىمىننىڭ پېداگوگىكا، ئوقۇتۇش مېتودى دەرسلىكلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان دەرسلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتابلارنى ئاساس قىلاتتى. سىياسىي تەربىيە جەھەتتە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» دەرسلىكى، ئىجتىمائىي پەن، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى (ئېۋالىيوتسىيە) دەرسلىرى ئۆتۈلەتتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىققانلار ئاساسەن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولاتتى. ئەڭ ياخشىلىرى تاللىنىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلىپ بېرىلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ مەزگىلدە ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كادىرلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدە ئۆلكە باشقۇرۇشىدا ئېچىلغان مەدەنىيەت كادىرلىرى مەكتىپى، ساقچى زابىتلار مەكتىپى (ساقچى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى)، مالىيە كادىرلار مەكتىپى، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى يىللىق، بەزىلىرى ئۈچ يىللىق مەكتەپلەر بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر پەننىي دەرسلەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بولاتتى.

ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە ھۈنەر - كەسىپ مەكتىپى (سانائەت مەكتىپى دەپمۇ ئاتىلاتتى) قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ رۇشدىي سىنىپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر قوبۇل قىلىناتتى. مەخسۇس كەسپىي دەرسلەرنى ھېسابلىمىغاندا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرى تاللاپ ئوقۇلاتتى. شۇ

جايىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىتىلەتتى. مەسىلەن، قەشقەردە قۇرۇلغان «ھۈنەر ـ كەسىپ» مەكتىپىدە ماتا توقۇش، بەقەسەم توقۇش، گىلەم توقۇش، سەيپۇڭلۇق، موزدوزلۇق كەسپى سىنىپلىرى تەشكىل قىلىنغان بولسا، خوتەن سانائەت مەكتىپىدە پىلە ـ ئۈزۈمچىلىك، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق سىنىپلىرى تەسىس قىلىنغانىدى. بۇ خىل مەكتەپلەر يېرىم كۈن دەرس ئوقۇش، يېرىم كۈن ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئاساس قىلاتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزى ئوقۇغان كەسىپلەر بويىچە خىزمەتكە (كارخانىلارغا) تەقسىم قىلىناتتى، ئاز بىر قىسمى ئۆز كەسپى بويىچە شەخسىي دۇكان ئاچاتتى. ئومۇمەن، ئازادلىقتىن ئىلگىرى دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىر دەرىجە يۇقىرى مەكتەپلەرگە كىرەلمەيتتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئۈستىدە سۆز بولغاندا، 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى» (قىسقارتىپ شىنجاڭ ھەربىي مەكتەپ) نى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق، بىخەتەرلىكىنى قوغداش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە» ئۈچۈن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى ئاساس قىلغان بۇ مەكتەپ 1929 ـ يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنى ئۆزگەرتىپ قۇرغان بولۇپ، شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەنگە قەدەر بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغانىدى. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى يىلى ئىككىنچى قارار دەپ ئاتىلىپ، 1935 ـ يىلى مەكتەپتە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.



ئەسلىدە جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە نىزامنامىسىدە: «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە — جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغان، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرىدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەركەز قىلغان تىنچلىقپەرۋەرلەر سېپىنى ھىمايە قىلىدىغان، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدىغان، شىنجاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنىغا ئەبەدى مەنسۇپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئارمىيە» دېگەن مەزمۇنلا يېزىلغان بولۇپ، بۇلار ئوفىتسېرلار مەكتىپى قۇرۇشنىڭ سىياسىي نىشانىسى ئىدى. ئۈچۈنچى قارارغا 1936 ـ يىلى 500 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلار پىيادە قىسىم، ئاتلىق قىسىم، توپچى قىسىم، قۇرۇلۇش قىسىم، تەمىنات ـ توشۇش قىسمىدىن ئىبارەت بەش تۈرگە بۆلۈنىدى. تۆتىنچى قارار 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن كېيىن ھەربىيلىككە قاتناشقانلارنى ئاساس قىلىپ، 199 كىشىنى قوبۇل قىلدى. بەشىنچى قارار 1939 ـ يىلى كۈزدە ئېچىلىپ، 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئومۇمەن بۇ مەكتەپ قۇرۇلغان 1929 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغا قەدەر 1285 كىشى تەربىيىلىنىپ، ئۇلار شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى. 1937 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن توپىلاڭدا بۇ مەكتەپ ئۆزىدە ئوقۇپ چىققان ۋە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن 800 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، توپىلاڭنى باستۇرۇشقا قاتنىشىپ داڭ چىقاردى. بۇ مەكتەپنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى قارارىدا ئوقۇغانلاردىن 38 كىشى، مەكتەپ قارمىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىدىن 30 كىشى تاللاپ ئېلىنىپ، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىنىڭ ئۇچقۇچىلىق، بومباردىمانچىلىق، مېخانىزم ۋە ھاۋارايى سىنىپلىرىغا ئوقۇشقا كىرگۈزۈلۈپ، بىر قىسىم ئاۋىئاتسىيە جەڭچىلىرى يېتىشتۈرۈلدى.

ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى سوۋېت ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى، يەنئەندىن كەلگەن پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار ھەربىيلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۆتۈلىدىغان ھەربىي دەرسلەر سوۋېت ئىتتىپاقى فرونزى قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. سىياسىي دەرسلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشى قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، 1944 - يىلى بۇ مەكتەپنىڭ نامى «مەركىزىي قورۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى 9 - شۆبىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپنىڭ سىياسىي تەربىيە مەزمۇنىمۇ ئۆزگىرىپ، «دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى»، «ئۈچ مەسلەك»، «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدىغان بولدى. مەكتەپكە، ئىلگىرى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىقىپ كەتكەن ئوفىتسېرلار تۈركۈم بويىچە كېلىپ «ئىدىيىسىنى يېڭىلىدى».

تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1933 - يىلى شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىككى، ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن كۆپرەك بولغان بولسا، 1942 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىزگە، ئوقۇغۇچى سانى 3787 گە يېتىپ، 1931 - يىلىغا قارىغاندا 13.9 ھەسسە كۆپەيگەن. دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارنىڭ سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان.



## 5. ئالىي مەكتەپ مائارىپى

شىنجاڭدا ئازادلىقتىن ئىلگىرى بىرلا ئالىي مەكتەپ، يەنى 1935 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلغان «شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى» بار ئىدى (شۇ چاغدىكى نامى بويىچە ئېلىندى).

ئەسلىدە، ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كادىر يېتىشتۈرۈپ بېرىشكە بېقىنىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىش ۋە مەمۇرىي، تاشقى ئىشلار، ئەدلىيە ساھەسىدە ئۆزىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئۆزى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان قول - چوماقلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن 1924 - يىلى ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېرىمىنى ئاجرىتىپ، شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەخسۇس مەكتىپىنى ئاچىدۇ. بىرىنچى قاراردا 32 ئوقۇغۇچى، ئىككىنچى قاراردا 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. 1925 - يىلى رۇس تىلى ئۆگىنىش سىنىپىنى ئېچىپ، 25 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدۇ. 1931 - يىلى ئۈچىنچى قاراردا 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. 1932 - يىلى ئىككى قارار ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كونسۇلخانا خادىمى بولىدۇ، يەنە بىر قىسمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇھىم ئورۇنلارغا كادىر بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. جۈملىدىن بىرىنچى قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەردىن يۈي ۋېنبىڭ (يۇنۇسبەگ، ئۇيغۇر) يېزا ئىگىلىك كان ئىشلىرى نازارىتىگە نازىر؛ ما ۋەنلۇ (خۇيزۇ) مۇئاۋىن نازىر؛ ئىككىنچى قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەردىن خۇشۇكاڭ مالىيە نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر؛ ۋاڭ يىڭلۇ تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ليۇ دېشىن تەمرات

نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولىدۇ.

12 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۆزىگە سادىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى كۆزلەپ، بۇ مەكتەپكە ئۆزىنىڭ يۇرتدىشى — خې يۈيجۇ (ياپونىيە توكيو ئالىي دارىلمۇئەللىمىندە پېداگوگىكا ئىلمى ئوقۇغان) نى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا بەلگىلەيدۇ. 1934 ـ يىلى چېڭ دۇڭبەي (ياپونىيە مېيجى ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن) ئىلمىي مۇدىر بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن 1934 ـ يىلى 12 ـ ئايدا رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىنى «شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى» غا ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى» رەسمىي قۇرۇلىدۇ. «شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى» دېگەن نام مەكتەپ دەرۋازىسى ئۈستىگە خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلىدۇ. دارىلفۇنۇن باشلىقلىقىغا يەنىلا خې يۈيجۇ تەكلىپ قىلىنىدۇ.

مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى يىلى سىياسىي ـ ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا بىر سىنىپ 30 ئوقۇغۇچى، پېداگوگىكا فاكۇلتېتىغا بىر سىنىپ 30 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. مەكتەپ قارمىقىدا باج كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىدۇ. 1935 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىر قىسىم ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. شۇ ئاساستا مەكتەپ يىلدىن ـ يىلغا كېڭىيىپ، 1935 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە مەكتەپتە سىياسىي ئىقتىساد، پېداگوگىكا، قانۇن، ئەدەبىيات، دۆلەت تىلى، مال دوختۇرلۇق، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت فاكۇلتېتلىرى بارلىققا كېلىدۇ. 1941 ـ يىلى تەمىرات نازارىتى



ئاچقان يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بۇ دارىلفۇنۇنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئالىي تېخنىكومى فاكۇلتېتى بولىدۇ، بۇ فاكۇلتېتتا دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئىككى سىنىپ (خەنزۇ)، چارۋىچىلىق بىر سىنىپ (مىللىي)، مال دوختۇرلۇق ئىككى سىنىپ (مىللىي)، سۇچىلىق بىر سىنىپ (مىللىي) ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. 1943 ـ يىلى بىناكارلىق قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، تارىخ فاكۇلتېتى قۇرۇلغان بولسىمۇ، فاكۇلتېتلارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىنگەچكە، شىنجاڭغا كۆنەلمەي ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ، بىر قىسمى ئوقۇش مۇددىتى قىسقىراق بولغان مەكتەپلەرگە ئالمىشىپ كېتىدۇ. دۆلەت تىلى فاكۇلتېتى گومىنداڭ پىرقە بۆلۈمىدىن تەشكىل قىلىنغان مەركىزىي تەربىيىلەش ئۆمىكى (جۇڭشۇنتۇەن) شىنجاڭ شۆبە مەكتىپىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

1946 ـ يىلى گومىنداڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ تىل مەكتىپى، قىزلار گىمنازىيىسى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا قوشۇۋېتىلىدۇ. شىنجاڭ تىل مەكتىپى ئەسلىدە ئوتتۇرا تېخنىكوم خاراكتېرىدىكى مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى، رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق تۆت سىنىپ ئېچىلغان، ئوقۇغۇچى سانى 160 ئەتراپىدا ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى ئەيسا ئالىپتېكىن، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، جۇڭ دىخۇالار ئىدى.

شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولغاندىن تاشقىرى، قالغان سىنىپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل ئىدى. 1943 ـ يىلدىن

باشلاپ ھەرقايسى فاكۇلتېتلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىلغا ئۆزگەرتىلدى. ئىلگىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياكى شۇ سەۋىيىگە يەتكەنلەر ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان بولسا، تۆت يىللىق تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر قوبۇل قىلىندى.

شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقتى، 1935 — 1943 - يىللار ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلار بولۇپ، بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى مۇقىم، ماركسىزم — لېنىنىزم غايىلىرى ھەممە ياقتا ئوچۇق - ئاشكارا تارقىلىۋاتقان، زىيالىيلار ئىچىدە ئىلىم - پەنگە بولغان ئىنتىلىش ناھايىتى قىزغىن بولغان يىللار ئىدى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ۋەتەن ۋە خەلققە چىن دىلىدىن ئىشتىياق باغلاپ تىرىشىپ ئۆگىنەتتى. مەكتەپنىڭ رەھبىرى خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە بىر قىسىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى بولغاندىن تاشقىرى، چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئىختىساسلىق زىيالىيلار، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. بىر قىسىم دەرسلەرنى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى تەرجىمان ئارقىلىق ئۆتەتتى. شۇ يىللاردا مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئىلمىي مۇدىر قاتارلىق رەھبىرىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنلەر ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى ۋە ئاتاقلىق دېموكراتلاردىن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى مىڭ يىمىن، كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇ، دېموكراتىك زات دۇ جۇڭيۈەن، چىڭ دۇڭبەي، تۇجىز قاتارلىقلار بار ئىدى. چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، شېڭ يەنبىڭ (ماۋ دۇن)، چېن يۈن، ئەي سىجى قاتارلىقلار دائىم مەكتەپكە كېلىپ سىياسىي ۋەزىيەت، ئېقىم مەسىلىلىرىدىن لېكسىيە بېرەتتى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم، ماركسىزملىق پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن



دەرس ئۆتەتتى. مەكتەپتە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىسى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇيۇشما ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ بازىسى ئىدى. مەكتەپتە چىقىرىلىدىغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، بەدىئىي ژۇرنال — «يېڭى نۇر» شۇ چاغلاردا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، ئىلىم - پەننى تەشۋىق قىلىشنىڭ قورغىنىدى. مەكتەپ قارمىقىدا، ئۇلانبايدا مەخسۇس دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانى بولۇپ، بۇ مەيدان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى تەجرىبە قىلىش بازىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ساھەسىدىكى زامانىۋى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى مەشق قىلىپ ئۆگىنىش مەكتىپى ئىدى.

شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇپ چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى، شۇ دەۋرنىڭ ئىنقىلابىي يېڭى كۈچلىرى، باشلامچىلىرى بولۇپ قالغانىدى. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، «كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى»نىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان لو جىز، ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەر ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن زىيالىيلار ئىدى.

1943 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقە بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا يىلدىن - يىلغا ئارقىغا چېكىنىش بولدى. بىرقانچە فاكۇلتېتلار تاقىلىپ، ئوقۇغۇچى سانى ئازىيىپلا قالماستىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرىدىغان ئاتاقلىق پروفېسسورلار ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ھەيدەلدى، جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى قولغا ئېلىندى. ئىلگىرى ئوقۇلغان دەرسلىكلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى دەرسلىك كىتابلار (بولۇپمۇ مىللىي تىلدىكى) نەشىر قىلىنمىدى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە يارامىلىق ئوقۇتقۇچىلار كەم بولۇش، دەرسلىك ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرى كەم بولۇشتەك بوھران باشلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى.

1944 - يىلى 4 - ئايدا، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچى رايونى بويىچە كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇش ئېلىپ بارغاندا، شىنجاڭ دارىلفۇنۇندىن زور بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىنىپ، بەزى سىنىپلار مۇئەللىمسىز ۋە بەزى سىنىپلار ئوقۇغۇچىسىز قالدى. 1948 - يىلى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى بۇرھان شەھىدى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، مەكتەپنىڭ قات - قېتىدىن دەز كەتكەن ھالەتنى ئوڭشاپ بولالمىدى. 1949 - يىلدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلدىكى شىنجاڭ دارىلفۇنۇندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 104 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار 36، ئىشچى خىزمەتچىلەر 68 ئىدى. 36 ئوقۇتقۇچى ئىچىدە پروفېسسور ئۈچ، دوتسېنت ئىككى، لېكتور ئون، ياردەمچى لېكتور 21 ئىدى. 68 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 28ى خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال تۆت ئىدى. ئىشچىلارنىڭ سانى 40 بولۇپ، ئايال ئون ئىدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 379 بولۇپ، ئاساسىي كەسىپتە 213، مەخسۇس كەسىپتە 166 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 48 نەپەر ئىدى. بۇ 379 ئوقۇغۇچىدىن سانائەت كەسپىگە 25، دوختۇرلۇق كەسپىگە 80، دارىلمۇئەللىمىن كەسپىگە 94، ئەدەبىيات كەسپىگە 118،



سىياسىي - قانۇن كەسپىگە 62 سى قوبۇل قىلىنغان.

## 6. چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش

ئۆز ھاكىمىيىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولۇش، پەن - مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» سىياسىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى شەكلىدە، بىر تۈركۈم ياشلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۆكۈمەت راسخودى بىلەن ئوقۇشقا چىقاردى. شېڭ شىسەينىڭ شەخسىي مۇددىئاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ شىنجاڭ مائارىپ تارىخىدىكى يېڭى باشلىنىش ئىدى. شۇنداقلا زور بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كېلىشى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا خېلى چوڭ رول ئوينىدى.

شېڭ شىسەي 1934 - يىلىدىن 1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا جەمئىي ئۈچ تۈركۈم ئوقۇغۇچى چىقاردى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىش مەنبەيى ئاساسلىقى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ (گىمنازىيە) دە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە جەمئىيەتتىكى ياش زىيالىيلاردىن ئىختىيارىي تىزىمغا ئالدۇرۇش، مەدەنىيەت بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش، تەن سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تاللانغانىدى. مەدەنىيەت بىلىملىرىدىن ئېلىنغان ئىمتىھاندا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياكى شۇ سەۋىيىدە بولۇش

تەلەپ قىلىناتتى.

شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي تەركىبى جەھەتتە: خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، شىبە قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار 40%، ئۇيغۇلار، جۇملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 40%، قازاق، قىرغىزلار 10%، موڭغۇللار 10% بولۇش بەلگىلەنگەنىدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 1934 - يىلى 11 - ئايدا يولغا چىقتى. ئۇلار: ئابدۇراخمان مۇھىتى، قاسىم پەرسايوۋ، باھاۋۇدۇن يۇسۇپ، ئابدۇكېرىم رازىيوۋ، ئەنۋەر يۇسۇپ، ھامۇت مەھمۇت، قۇربانوۋ، خۇسەيىن سىيابايوۋ، ماقات، سىيت غازى قاتارلىق جەمئىي 106 كىشى ئىدى. ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 1935 - يىلى 11 - ئايدا يولغا چىقتى. ئۇلار: سەيپىدىن تاش ئاخۇنوۋ (سەيپىدىن ئەزىزى)، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئابلىمىت مەخسۇتوۋ، مىجىت زاھىدوۋ، ئابدۇقادىر ھەسەن، ئىسمائىل ھىزبىللايوۋ، ئەيسا نىياز، ئابلىز شەرىپى، ئوسمان يۇنۇس، مۇھەتئىمىن خۇدابەردى، سوپاخون تۇرانوۋ، ئىبراھىم مۇتىئۇللايوۋ، ئابدۇراخمان ھىمدايوۋ، ئابدۇقادىر توختاروۋ، تۇرغان خوجامبايوۋ، مادامىبېك سىرغازى، مۇقەممەت زارىب ئابوتايوۋ قاتارلىق جەمئىي 101 كىشى ئىدى؛ ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 1936 - يىلى 11 - ئايدا يولغا چىقتى. ئۇلار: تۇردىيوۋ، تۇرسۇن دەريا، تۇرسۇن سابىتوۋ، ئابدۇللا داۋۇتوۋ، ئابدۇراخمان سەئىدى، خەلپەت سوزۇك ھاجى، ئابدۇللا زاكىروۋ، خۇدابەردى تالىپ، تۇرسۇنتاي مەھمۇد، ھەمدۇللا قۇربانوۋ، يۇسۇپجان ياسىنوۋ، مەنسۇر ئاخۇنبايوۋ، سەدىرىدىن سەدرىنوۋ قاتارلىق جەمئىي 100 كىشى ئىدى. يۇقىرىقىلاردىن



باشقا، 1939 - يىلى ئۆلكىلىك تەمرات نازارىتى ئىسمائىل ياسىنوۋ، ئىبراھىم تۇردى، مامۇتخان، ئەخمەت، ئىمىن روزىيوۋ، ئېلى جالالىدىن، يۇسۇپ شايىتوۋ ۋە ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدىغان يۈي داشىن، جۇ مىڭجاۋ، شې چىيىن قاتارلىق ئون نەپەر ئوقۇغۇچىنى سەمەرقەنت يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا؛ نەسرىدىن نەقىيوۋ، ئابابەكرى، چوڭ ئاخۇنوۋ قاتارلىق بەش كىشىنى ئالماتا دېھقان - چارۋىچىلىق ئالىي تېخنىكومىغا؛ ئابلىمىت ياسىنوۋ، ئابباس قارى، ئۆمەرجان توختايوۋ قاتارلىق بەش كىشىنى ئەنجان يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. سەھىيە نازارىتى، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە قىزلار گىمنازىيىسىدىن ئازراق رۇسچە بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ ئابدۇرۇپ ئەخمىدى، رەھمىتۇللا كېرىموۋ، شامىل تاجىيەكىنوۋ، شەپىقە تاجىدىنوۋا، قەمبەرخان ئابدۇللايېۋا، ليۇدىجۇن، ۋاڭ شىجىيىن، جاڭ جيابىڭ، جېڭ شۇفاڭ، ۋەن زىشۇ قاتارلىق 14 كىشىنى تاشكەنت مىدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بەش يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى. يەنە ئۆز ئىختىيارى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشقىمۇ يول قويۇلۇپ، ئەسئەد ئىسھاقوۋ، ئەنۋەرخانبابا، ئۇيغۇر سايرانى، نۇسرەت شەھىدى، شادىيە شەھىدى، مەخمۇزە مىرزايېۋا، جاۋدېشىڭ قاتارلىق يولداشلار ئۆز خىراجىتى بىلەن موسكۋادا ئوقۇپ كەلدى. ھەر قېتىمقى ئوقۇغۇچىلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىر ئادەم مەسئۇل بولاتتى. مەسىلەن، بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا مۇۋەققەت كونسۇل — چاڭ يىڭشاڭ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا مائارىپ نازارىتىنىڭ كاتىبى — زۇ نەيچۇ مەسئۇل بولغانىدى.

ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن يولغا چىققاندىن كېيىن، دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا يەتكۈزۈلەتتى. ئۇ يەردىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەۋەتكەن مەخسۇس ئاپتوبۇس بىلەن تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈر يولى ۋوگزالىغا يەتكۈزۈلۈپ، پويىز بىلەن تاشكەنتكە باراتتى. ئىككىنچى تۈركۈمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئوقۇشقا چىقىرىلغان ئوقۇغۇچىلار ئاتلىق ئەركەشتام يولى ئارقىلىق ئەنجانغا بېرىپ، ئۇ يەردىن پويىز بىلەن تاشكەنتكە يەتكۈزۈلگەنىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يول ئۈستىدىكى ياتاق، تاماق راسخودلىرىنى ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇراتتى. سوۋېت چېگرىسىغا كىرگەندىن كېيىن ھەربىر ئوقۇغۇچىغا كۈندىلىك پارچە - پۇرات خىراجەت ئۈچۈن 100 رۇبلىدىن پۇل بېرىلەتتى.

تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتە: ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش جەريانىدا، ھەربىر كىشىنىڭ كىيىم - كېچەك خىراجىتى ئۈچۈن قولىغا 2000 رۇبلىدىن پۇل بېرىلەتتى. ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ھەر ئايدا 100 رۇبلىدىن تۇرمۇش پۇلىمۇ بېرىلەتتى. قىش پەسلىدە كۈنىگە ئۈچ ۋاق تاماق، ياز ۋاقتىدا تۆت ۋاق تاماق بېرىلەتتى. ھەپتىدە بىر قېتىم مۇنچىدا يۇيۇناتتى، بىر قېتىم كىنو كۆرەتتى. يازلىق تەتىل ۋاقتىدا موسكۋا، لېنىنگراد قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ ساياھەت قىلدۇراتتى. مۇشۇ خىلدىكى چىقىملار ۋە ئوقۇغۇچىلار قايتقاندىن كېيىنكى يول ئۈستى خىراجەتلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىناتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، ھەپتىدە 36 سائەت، كۈنىگە ئالتە سائەتتىن دەرس ئۆتۈلەتتى. ئوقۇغۇچىلار پېداگوگىكا دەرسلىرىنى ئاساس



قىلىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، خەلقئارا قانۇن، دۆلەت تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارنى ئوقۇغاندىن تاشقىرى ماتېماتىكا، ئالگېبرا، گېئومېترىيە، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ئاساسلىق پەنلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئۆگىنەتتى. ئومۇمەن، ئوقۇتۇش مۇددىتى قىسقا بولسىمۇ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇلىدىغان پەنلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئوقۇپ تۈگىتىلەتتى. شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن سەككىز سىنىپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇيدىغانلار ئۈچ سىنىپقا، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيدىغانلار ئۈچ سىنىپقا، قازاق - قىرغىزلار بىر سىنىپقا، موڭغۇللار بىر سىنىپقا بۆلۈنگەنىدى. ھەرقايسى سىنىپلاردا ئوقۇغۇچىلار سانى ئانچە كۆپ بولمىغاچقا ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى ئىدى.

بىرىنچى تۈركۈمدە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار 1936 - يىلى، ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر 1937 - يىلى قايتىپ كەلدى. ئۈچىنچى تۈركۈمدە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 30 نەچچىسى شىنجاڭدا تۇتقۇن قىلىنغان ئائىلىلىرىگە چېتىلىپ «خائىنلارنىڭ بالىسى» دېگەن بەدنام بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن 1937 - يىلى قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن تاشقىرى، باشقىلىرى 1938 - يىلى كوللېكتىپ قايتىپ كەلدى.

ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلاتتى. كۇرستا شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت توغرىسىدا» سۆزلىگەندىن تاشقىرى، مەخسۇس ئادەم تەكلىپ قىلىنىپ ئىچكى - تاشقى سىياسەت، ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە باشقا مۇھىم تېمىلاردا لېكسىيە بېرىلەتتى. مەسىلەن، 1938 - يىلى قايتىپ كەلگەن 60 نەچچە ئوقۇغۇچى ئۈچۈن شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئالتە ئايلىق كۇرس ئېچىلىپ، كۇرسنىڭ تەربىيە

ئىشلىرىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىدىن لىن جىلۇ مەسئۇل بولغان ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدا دەرس ئۆتكەن. يولداش خۇاڭ مىڭفۇ بىرلىكسەپ توغرىسىدا، يولداش شۈي لياڭ جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى توغرىسىدا، يولداش چې تيەنمىڭ خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا، يولداش مىڭ يىمىنىڭ سىياسىي - ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى توغرىسىدا دەرس ئۆتكەن. شېڭ شىسەي ئۆزىمۇ «ماركسىزم - لېنىنىزمچى ئالىم» قىياپىتىدە پەلسەپەدىن دەرس ئۆتكەن. قىسقا كۇرستا ئۆتۈلگەن بۇ دەرسلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ماركسىزم - لېنىنىزم، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدا؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا ئاساسىي بىلىم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغانىدى.

1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتقان ئوقۇغۇچىلار جەمئىي 90 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 40، خەنزۇ 24، خۇيزۇ توققۇز، قازاق ئون، موڭغۇل بەش، شىبە بىر، سولۇن بىر بولغان. دېمەك، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار، ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 72پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلغان. ھەرقايسى تۈركۈمدە ۋەتەنگە قايتقان ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش لايىھىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن دۇبەن مەھكىمىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، گېزىتخانا، بانكا، مائارىپ، ھەرمىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، مەدەنىيەت، سەھىيە، خارجى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىندى. ئۇلارغا دەسلەپتە بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسىدىن سەل تۆۋەنرەك مۇئامىلە قىلىنغان بولسا، كېيىن ناھايىتى تېزلا



رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەرساھە خىزمەتلەردە ئوينىغان رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ماركسىزم نەزەرىيىسىگە ئېتىقاد باغلىغان، ئۆز ۋەتىنى ۋە مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئوت يۈرەك ياشلاردىن ئىبارەت بولغاچقا، ھەقىقەتەن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ئاممىنىڭ قىزغىن مەدھىيىسىگە ئىگە بولغانىدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقاندا، بىرىنچى بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىغا ئەگىشىپ سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار شېڭ شىسەينىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلدى. چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كوممۇنىزمچى زىيالىيلار قولغا ئېلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغانلاردىنمۇ بىر قىسمى قولغا ئېلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە بولسا، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ خەلقنى ئويغىتىش، تەشكىللەشنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. بۇلاردىن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىشلىگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن تەشكىلات ۋە پارتىزان ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلدى؛ ئىنقىلابتا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى. مەسىلەن، ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ،

ئەنۋەرخانبابا، ئابدۇللا زاكىروۋ، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئىسمائىل ياسىنوۋ، ئىبراھىم تۇردى، خۇسەيىن سىيابايوۋ، ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئابدىقادىر ھەسەن، مىجىت زاھىدوۋ، ئۇيغۇر سايرانى، باھاۋۇدۇن يۇسۇپ، ئابلىمىت مەخسۇتوۋ، ھەمدۇللا قۇربانوۋ، ئوسمان يۇنۇس، تۇرسۇنتاي مەھمۇدوۋ، خەلپەت سۇزۇكھاجى، قاسىم پەرسايوۋ، تۇرسۇن ئىسرائىلىيوۋ، ئالىم ئەيتباروۋ، يۇسۇپجان ياسىنوۋ، خې رۈي، لى تەيىۋ، لو جۇ قاتارلىق نۇرغۇن يولداشلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان سۇگۇربايوۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەڭ جاپالىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلدى. يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە ياشاپ ھەمدە ئىشلەپ تۇرغان يولداشلار بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زىچ ماسلىشىپ خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش، تەشكىللەش ئىشلىرىغا پائال قاتناشتى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى چىن دىلىدىن قوللىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

1946 - يىلى گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغاندىن كېيىن، 1947 - يىلى مائارىپ نازارىتى «دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇغۇچى چىقىرىش چارىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى. بۇ چارىدە شۇ يىلى دۆلەت ئىچىگە 100 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش، دۆلەت سىرتىغا 100 ئوقۇغۇچى چىقىرىش، دۆلەت سىرتىغا



چىقىرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا 30% ، ئامېرىكا، ئەنگلىيىگە 40%، تۈركىيە، دانىيە، كانادا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە 30% بولۇش دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىرەر تارمىقىمۇ ئىجرا قىلىنمىدى. چۈنكى، بۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقنى ئالدايدىغان ھىيلىسى ئىدى.

## V شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مائارىپچىلارغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرى

خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «1939 - يىلىدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۆزگەردى، مۇستەبىت سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن زىيالىي ياشلارنى ۋە مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى خۇددى ياۋا كەپتەرنى سوققاندەك قۇرۇتۇۋېتىپ، خېلى تەرەققىي قىلىپ قالغان مەدەنىيەتنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى، مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن بۇرۇنقى ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش قەستىدە بولدى. . . ».

ئەزەلدىن قارا نىيەت، گۇمانخور، ئىككى يۈزلىمچى شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى يىللاردا، خەلقنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى. زىيالىيلارغا ئېتىبار قىلدى، لېكىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، قولىدىن

ئىش كېلىدىغان ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن دائىم گۇمان بىلەن قاراپ، خۇددى بېدە قىرقىغاندەك بىرى ئۆسۈپ چىقسا بىرىنى، يۈزى ئۆسۈپ چىقسا يۈزىنى قىرقىشقا باشلىدى. ئۇ 1938 - يىلىدىن باشلاپ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى پەردە قىلىپ، «جاھانگىرلارنىڭ قويرۇقىنى تازىلاش» دېگەن باھانە بىلەن چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلارنى ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلارنى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە تاشلىدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى. 1937 - يىلىدىن كېيىن قەشقەر، تۇرپان، غۇلجا، ئاقسۇ قاتارلىق مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى بالدۇرراق تەرەققىي قىلغان جايلاردا، شۇ جايدا بىرىنچى بولۇپ مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقان مائارىپچىلارنى «جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسى»، «خوجىنىياز، مەھمۇدلارنىڭ قويرۇقى» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئالدى. جۈملىدىن 1938 - يىلى قەشقەردە ئېكساق مائارىپىنىڭ باشلامچىلىرى، قەشقەر مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ھېسامىددىن ئەپەندى، تۇرسۇن ئامان ئەپەندى، مەجىددىن ئەپەندى، مەمتىلى ئەپەندى، يۇسۇپ ئەپەندى، سالاھىددىن ئەپەندى قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، ياۋاغدىكى ساقچى تۈرمىسىدە ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈردى. 1935 - يىلىدىن 1943 - يىلىغا قەدەر شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا مۇدىر، ئىلمىي مۇدىر، فاكۇلتېت مۇدىرى بولغان زىيالىيلار ۋە پروفېسسورلار ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىندى. جۈملىدىن مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن تۇنجى قېتىملىق مۇدىر — خې بۇڭچۇ چۆچەككە يۆتكىۋېتىلىپ، ئورنىغا مۇدىرلىققا بەلگىلەنگەن ۋاڭ شۈيچىڭ 1937 - يىلى 12 - نويابىردا ۋۇيمىن قاتارلىق بەش ئوقۇتقۇچى بىلەن بىللە قولغا ئېلىندى. 1939 - يىلى مەكتەپ مۇدىرى بولغان دېموكراتىك زات دۇ



جۇڭيۈەن 1940 - يىلى 4 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئورنىغا مۇدىر بولغان جاڭ رۇجۇ 1941 - يىلى يازدا قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى لى يىشاۋ تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇمۇ 1942 - يىلى 10 - يانۋاردا قولغا ئېلىندى. ئىشەنمەسلىكنىڭ ئۇچىغا چىققانلىقىدىن 1935 - يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە 12 يىل ئىچىدە، مەكتەپ مۇدىرلىقىغا توققۇز ئادەم، ئىلمىي مۇدىرلىققا يەتتە ئادەم ئالماشتى.

شېڭ شىسەي 1942 - يىلى گېتلېر تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ستالىنگراد بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى تۈگەشتى» دەپ قاراپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشى قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ «ساداقەتلىكى»نى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرىگە «ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى»، «تروتسكىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى» دەپ بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئارقىدىنلا تىغ ئۇچىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئەزالىرى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارغا قارىتىپ، ئۇلارنى نەزەربەنت قىلدى ۋە قولغا ئالدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا «كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاش» باھانىسى ئاستىدا تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك تېررورچىلىقنى باشلاپ، 1943 - يىلى ۋە 1944 - يىللىرى زور بىر تۈركۈمدىكى زىيالىيلارنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئالدى. يالغۇز ئوقۇتقۇچىلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. مەسىلەن، ئۇ 1944 - يىلى 3 - ئايدىكى ۋە 6 - ئايدىكى ئىككى قېتىملىق چوڭ تۇتقۇندا، يالغۇز ئۆلكىلىك

دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىن قۇربانوۋ، سادىروۋ، باھاۋۇدۇن يۇسۇپ، ئوسمان مۇھەممەت، مادامىبەك قاتارلىق ئون نەچچە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى؛ شېرىپ يۇنۇس، خۇدابەردى سىلىم، مامۇت قۇربان، جاپپار ئەمەت، مۇھەممەت خۇدابەردى، ئەخمەت يارى، ئابدۇساتتار بۇلبۇل قاتارلىق 60 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىنى قولغا ئالدى. شۇ چاغدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق چوڭراق مەكتەپلەردە دەرس ئۆتكىلى ئوقۇتقۇچى تېپىلماسلىق، سىنىپلاردا ئوقۇغۇچى ئاز بولۇشتەك ئەھۋال كۆرۈلدى.

ئوقۇتقۇچىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىشتەك قەبىھ ئەھۋال، شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقە بۆلۈمى (پارتىيە كومىتېتى) قۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. 1943 — 1944 ـ يىللىرى «كومپارتىيە تەسىرىنى تازىلاش»، «سەنمىن جۇيى» (ئۈچ خەلق مەسلىكى) گە قارشى تۇرغانلارغا يول قويماسلىق نامى بىلەن ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە «تازىلاش» يۈرگۈزۈپ، ماركسىزم. لېنىنىزمنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان، ساقلىغان، شىنجاڭدا گومىنداڭ تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى تۇرغان بىر تۈركۈم زىيالىيلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا ئالدى.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە گومىنداڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئۆزبېك شائىرى بىلال ئەزىزى قاتارلىق 18 نەپەر ئىنقىلابىي قۇربان ئىچىدە پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئابدۇللا داۋۇتوۋ، ئوسمان مۇھەممەت، ئابدۇللا روزىلارمۇ بار ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى «ئۇچقۇنلار تەشكىلاتى» ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوقۇتقۇچىلار ئىدى.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ



ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» ئىمزالاندى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «11 ماددىلىق بىتىم»نىڭ «ۋالىي، ھاكىم ۋە يېزا باشلىقلىرىنى خەلق سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش» روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئەركىن سايلام ئېلىپ بېرىلدى. «11 ماددىلىق بىتىم» كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىندى. ھايات ـ ماماتلىقتىن ئىبارەت بۇ سىياسىي كۈرەشتە مائارىپ خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە خەلق تەرىپىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن گومىنداڭچىلار ئۇلارنى «كوممۇنىستلارنىڭ قۇيرۇقى»، «ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرىنىڭ قۇيرۇقى» دەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن قولغا ئالدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى. مەسىلەن، شۇ چاغدىكى سايلامدا، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن گومىنداڭچىلار قەشقەردىكى ئىلغار زىيالىيلار، پېشقەدەم مائارىپچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدى، ئابدۇرېھىم ئىمىنوۋ، ئابدۇلھەق ئەزىزى، ئۆمەر سەلەي، ياقۇپ ھاجى، ئابلىز ئەبەي، ئابدۇللا قاسىموۋ، تۇرغۇن ئالماس، سەلەي بارات، نىزامىدىن سالىيوۋ، ئالىم ئاخۇن، بارات ئاكا قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ھەربىي تۈرمىگە قامىدى. خوتەن ناھىيىسىدە قولغا ئېلىنغان 80 دىن ئارتۇق كىشى ئىچىدە، مائارىپچىلاردىنلا 30 نەچچە كىشى بار ئىدى. شۇ چاغدىكى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ، مۇئاۋىن ۋالىي پاسار بەگلەر ئىسھاقجان، مەمتىمىن سۇزۇك قاتارلىق بىر تۈركۈم زىيالىيلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا ئېلىپلا قالماستىن، مائارىپ نازارىتىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن ئەنۋەر يۇسۇپنى، خوتەن ياشلىرى نامىدىن ئۇرۇمچىگە ئەرز ـ دات قىلىشقا كېتىۋاتقان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىمىن

ئىسلامنى «ئۇچ ۋىلايەتنىڭ ئالاقىچىلىرى» دەپ يەكەنگە كەلگەندە قولغا ئېلىپ، مەخپىي ھالدا سېپىلنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ ئۆلتۈردى.

1947 - يىلىدىكى تۇرپان قوزغىلىڭىدا «قوزغىلاڭغا قاتناشتى»، «قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە تۇردى» دېگەن باھانە بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مائارىپچىلار تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ھەسلەن، پىچان ناھىيىسىدە پېشقەدەم مائارىپچىلاردىن يۈسۈپ تالىپنىڭ بېشى كېسىلىپ، ئۇنى دەرۋازىغا مىقلاپ، لەمجىن ۋە پىچان بازىرىدا ئۈن كۈن ئېسىپ سازايى قىلىندى. ھەبىبۇللا ئامىر، خېلىل ئىبراھىم باشلىق 18 كىشى تۇتقۇن قىلىنىپ، تۈرمىدە ئېتىپ تاشلاندى. تۇرپاندا پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن شائىياز توختى، ئابدۇرازاق نىيازلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسىي تىغ ئۇچى مەكتەپلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار ھەر كۈنى، ھەر سائەت قولغا ئېلىنىش، نەزەر بەنت قىلىنىش ۋە خىزمەتتىن ھەيدىلىش خەۋپى ئىچىدە ياشايتتى. ھەرقايسى جايلاردا «سىياسىي جەھەتتىن لاياقەتسىز» دېگەن قالپاق بىلەن بىر مۇنچە ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار خىزمەتتىن بوشىتىلغانىدى.

## VI جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭ مائارىپىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرى

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەي ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ



شىسەي ئۆز - ئارا ھەمكارلىقنى يولغا قويغان مەزگىل ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭ تارىخىدا ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بۇ تەرەققىيات مەدەنىي - مائارىپ ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ ئەلۋەتتە شۇ مەزگىلدە شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن دېموكراتىك زاتلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مەدەنىي - مائارىپچىلىرى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1937 - يىلى 4 - ئايدا چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن قاتارلىق بەش كىشى موسكۋادىن شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، 25 مىڭ يوللۇق ئۈزۈن سەپەردە گەنسۇ - شىنجاڭ چېگرىسىغا كەلگەن سول قانات تارماق ئەترەتتىكى كوماندىر - جەڭچىلەردىن 450 كىشىنى باشلاپ، 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1937 - يىلى پارتىيىمىز يەنە شېڭ شىسەينىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورنىنى نەزەردە تۇتۇپ، شېڭ شىسەي بىلەن بولغان بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت - سائادەت يەتكۈزۈش مەقسىتىدە، ئۆزىدە ئىقتىدارلىق كادىرلارنىڭ ناھايىتى قىس بولۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، يەنئەندىكى كادىرلاردىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا داۋالىنىپ شىنجاڭ ئارقىلىق قايتماقچى بولغانلاردىن 100 نەچچە كىشىنى تاللاپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇلار

ئىچىدە چېن تەنچيۇ، دېڭ فا، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارمۇ بار ئىدى. بۇ خىل كوللېكتىپ ھالدا شىنجاڭغا كېلىشتىن تاشقىرى، يەنە نۇرغۇن كوممۇنىستلار ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئىلغار زاتلار ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەرگە قاتناشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەرقايسى نازارەت، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولسا، مۇتلەق كۆپ قىسمى مەدەنىي - مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. مەسىلەن، 1940 - يىلىدا كومپارتىيە ئەزاسى مىڭ يىمىن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى. خوتەندە كومپارتىيە ئەزالىرىدىن فەن بۇنەن گارنىزون قوماندانى، قوشۇمچە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى، ما شۇ «شىنجاڭ خوتەن گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى، ما جاۋشۇڭ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى بولغان بولسا، قومۇلدا كومپارتىيە ئەزاسى لۇ شېڭ مەمۇرىي مەھكىمە ۋالىيسى، چې تيەنمىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شى لېيىڭ قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىدى. كوممۇنىستلاردىن چۇ فۇمىڭ ئاۋۋال ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە مۇدىر، 1941 - يىلىدىن كېيىن ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمە ۋالىيسى، قوشۇمچە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. خېلى كۆپ ناھىيىلەرنىڭ مائارىپ ئىدارە باشلىقلىرى، نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى كوممۇنىستلاردىن ئىدى.

مائارىپ تارماقلىرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ يولداشلارنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلىشى، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن باشلامچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا، مەكتەپلەرنىڭ قىياپىتى يېڭىچە تۈس ئالدى. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى، ئۆزى بىلەن بىللە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، نەزەرىيىنى



ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى ئىستىل ۋە ئېسىل ئەنئەنىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

گەرچە شۇ ۋاقىتتا 3 - ئىنتېرناتسىئونال رەھبەرلىكى شىنجاڭدا كومپارتىيە تەشكىلىنى قۇرماسلىق، پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىقنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش، خوراپاتلىق - كونىلىقنى تۈگىتىپ، يېڭى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش، كىم دوست، كىم دۈشمەن ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش قاتارلىق مەسىلىلەردىكى كۆز قارىشى ۋە تەشۋىقى تەربىيىسى ئاستىدا، ئاممىنىڭ سىياسىي ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى دەسلەپكى قەدەمدە تونىدى. ياشلارنىڭ ئاڭلىقلىقى ئۆسۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئادەم بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ، ئەسىرلەردىن بېرى قاراڭغۇ زۇلمەت قوينىدا، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش ئىدى.

شۇ مەزگىللەردە شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئوقۇش يۇرتلىرىدىن بولغان شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، قىزلار گىمنازىيىسى، مەدەنىيەت كادىرلار مەكتىپى، ئۆلكىلىك سىياسىي كادىرلار كۇرسى، ساقچى زابىتلار مەكتىپى، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى (ھەربىي مەكتەپ)، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى قاتارلىق نوپۇزلۇق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى ئىچىدە بىر قىسىم كومپارتىيە ئەزالىرى بار بولۇپ، ئۇلار شۇ ئورۇندىكى ئاساسىي تايانچلاردىن ئىدى. جۈملىدىن چېن يۈن، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن

جىلۇ قاتارلىق يولداشلار شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، سىياسىي كادىرلا كۇرسى، ھەربىي مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، ئىچكى - تاشقى ئېقىم مەسىلىلىرى، سىياسىي ئىقتىساد، ئىجتىمائىي پەن، جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنى قاتارلىق مۇھىم پەنلەردىن دەرس ئۆتكەن ياكى لېكسىيە سۆزلىگەنىدى. يولداش لىن جىلۇ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئىلمىي مۇدىر بولغاندا، مەكتەپنىڭ تەلىم - تەربىيە نىشانىنى تۈزۈپ بەرگەندىن تاشقىرى، ئوقۇلىدىغان دەرسلىكلەر ئىچىدە «ھازىرقى زامان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر تارىخى»، «يېڭى پەلسەپە» (دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزم) قاتارلىق دەرسلەرنى كىرگۈزۈپ، ئوقۇش مەزمۇنىنىڭ پەننىي تەربىيە دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قېلىشىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى بېيىتقانىدى. ئاتاقلىق پەيلاسوپ ئەي سىچىنىڭ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا سۆزلىگەن «يېڭى پەلسەپە» دەرسلىكى، 1941 - يىلى ياش تەرجىمان خەمىت ھەكىمى (قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەر پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە زور تەسىر قوزغاپ، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى، ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ئۆگىنىشىدە بىردىنبىر دەستۇر بولۇپ قالغانىدى.

شېڭ يەنبىڭ (ماۋدۇن)، شۇي تاۋ، جاۋ دەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1939 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ مەدەنىيەت كادىرلىرى مەكتىپى 200 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلەپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چوڭ رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان شىنجاڭ مەدەنىي ئالاقە جەمئىيىتى



سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز تىللىرىدا بېسىلغان ماركسىزم - لېنىنىزملىق كىتابلار، گېزىت - ژۇرناللار ۋە دەرسلىكلەرنى كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە كىتاب ئاز بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇردى.

جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىدا قالدۇرغان نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرى ھېلىمۇ خەلق قەلبىدە ساقلانماقتا. خوتەن گارنىزون قوماندانى فەن بۇنەن 1939 — 1941 - يىللىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقى بولۇپ تۇرغاندا، خوتەن شەھەر ئات بازىرىدىكى خەنزۇ زاراتكاھلىقى (ستاڭ) نى يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 1500 كىشىلىك خوتەن خەلق كۇلۇبىنى سالدۇرغانىدى (بۇ كۇلۇبقا مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئوت كەتتى). شۇنىڭدەك يەنە، فەن بۇنەن، ماشۇ، ماجياۋسۇڭ قاتارلىقلار خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە قوشۇمچە سىياسەت، ئىجتىمائىي پەن، جەمئىيەت تەرەققىياتى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ (تەرجىمان ئارقىلىق) ئۇيغۇر ياشلىرىغا بىرىنچى بولۇپ كوممۇنىستىك پارتىيە، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تونۇشتۇرغانىدى. كومپارتىيە ئەزاسى شۇي لياڭ 1938 - يىلىدىن 1943 - يىلىغا قەدەر مەكىت، تاشقۇرغان ناھىيىلىرىگە ھاكىم بولۇپ تۇرغىنىدا، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى يىغىپ سىياسەت، ۋەزىيەت توغرىسىدا قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئۆزى بايقىغان ئۈمىدلىك مىللىي زىيالىيلار بىلەن قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، پات - پات ئۇچرىشىپ سۆھبەتلىشىپ، كۆز قاراشلىرىنى ئالماشتۇرغان. شۇي لياڭ 1941 - يىلى مەكىت

ناھىيىسىدە ئۆزى باش بولۇپ ئون نەچچە كىشىلىك بىر تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ناھىيىدىكى ھەممە يېزىلارغا بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ، كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغان.

ئەگەر مائارىپ تارماقلىرىدا خىزمەت قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا، ئۆزىنى ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، ئىلىم - پەننى قىزغىن سۆيۈشكە بېغىشلاپ، زور بىر تۈركۈم ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان ئىلغار ئىدىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمۇ بولمىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا ھەسسە قوشقان ئىنقىلابىي ئىدىيىدىكى كىشىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى.

## VII ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رايونى مائارىپىدىكى يېڭى يۈكسىلىش

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجىدا پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چاقماق تېزلىكىدە كېڭىيىپ، 1945 - يىلى 9 - ئايغا قەدەر ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئۈچ



ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى قۇردى. گۇ تاشلاپ: « ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئىنىڭ كۆچ خەلقىنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەقا ھەر مىللەت خەلقىگە يېڭى ئۈمىد بېغىشلىدى.

ئىنقىلاب غەلىبىسىدىن كېيىن ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئالدى بىلەن يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى تىكلەندى. شۇ قاتاردا مائارىپ ئىدارىلىرىمۇ ئەسلىگە كەلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ۋە شىددەتلىك ئۇرۇش يىللىرىدا ۋەيران بولغان مەكتەپلەر قايتىدىن تىكلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى پەيدىنپەي مۇستەھكەملىنىپ، ئازاد بولغان خەلقنىڭ يېڭى مائارىپ دەۋرىمۇ باشلاندى. بۇنى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز:

### 1. ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ ئىدىيىسى ھەققىدە

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغان كۈنىدىن باشلاپلا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە تۇغى ئاستىدا، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەگىشىپ، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ ئىسكەنجىسى پاچاقلاپ تاشلىنىپ ۋەتەنگە، خەلققە، ئىنقىلابقا سادىق يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈشنى مەركەز قىلغان يېڭى مائارىپ تۈزۈمى پەيدىنپەي شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ئەنە شۇ يېڭى تۈزۈلمىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، ھەر

مىللەت مائارىپ خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى كۆپ قېتىملىق نۇتۇقلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنى شەرھلەپ، مائارىپ ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى، مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مەقسەت، نىشان، يۆنىلىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىز ئۇنىڭ 1948 - يىلى غۇلجا شەھىرىگە قاراشلىق مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى خادىملىرىنىڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇقىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى شەرھلەپ ئۆتىمىز.

ئۇستقۇرۇلمىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا مەنسۇپ بولغان مائارىپ ھەر قانداق زامان، ھەر قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى ۋە سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ھاكىمىيەت ئەمگەكچى سىنىپ ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ قولىدا بولغاندا، ئۇنىڭ سىياسىسىمۇ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، جۈملىدىن ئۇنىڭ مائارىپىمۇ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھاكىمىيەت بۇرژۇئازىيىنىڭ، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ قولىدا بولغاندا ئۇنىڭ سىياسىي ۋە مائارىپىمۇ شۇ سىنىپ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ ئىشلىرىنى دەل مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا شەرھلەپ مۇنۇلارنى كۆرسەتكەندى: «بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشنىڭ بىرى — تەربىيە مەسىلىسى. تەربىيە — يالغۇز خەلقنىلا تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئەمەس، تەربىيە — كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرىنى، جەمئىيەتنىڭ پايدىلىق ئەزالىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئاساس قىلىدۇ». ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يەتتە ۋىلايەتتە يولغا قويغان مائارىپ تەربىيىسىدە، نىشانى ئەكسىيەتچى ئىدىيىنىڭ



مەنپەئىتىگە قاراتقانلىقىنى كەسكىن تۈردە ئېچىپ تاشلاپ: «دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۈستىدە رېئاكسىيون ئەكسىيەتچى كۈچ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان جايدا، ئۇنىڭ خەلقچىل روھقا بەلگىلىگەن تەربىيە ئۇسۇلى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق بولالمايدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يەنە «تەربىيە بىلەن سىياسەتنىڭ باغلىنىشى يوق» دېگەن كۆزقاراشنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەربىيە سىياسەت بىلەن مەھكەم باغلانغان بولۇپ، تەربىيىنىڭ مەقسەت نىشانىسىنى سىياسەت بەلگىلەيدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن ياش ئۆسمۈرلەرگە بېرىلىدىغان تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەنە شۇ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىشقا قارىتىلغان بولۇشى كېرەك».

مەكتەپ تەربىيىسى نېمىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك؟ كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك؟ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىۋالماي تۇرۇپ، مائارىپ خىزمىتىنى توغرا نىشان بويىچە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتا ئۈستىدە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ياش ئۆسمۈرلەرنى ئۆز شەخسىي مەنپەئىتىدىن خەلق مەنپەئىتىنى ئەلا كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم»، «بالىلىرىمىزنى ۋەتەن، مىللەت، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم». ئۇ مانا مۇشۇ كۆزقاراشلىرى ئارقىلىق بىزنىڭ ئالدىمىزغا «ياش ئۆسمۈرلەرنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىن خەلق مەنپەئىتىنى ئەلا كۆرىدىغان»، ۋەتەن، مىللەت، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئېنىق مەقسەت ۋە نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان تەربىيە مەزمۇنى ئۈستىدە توختالغاندا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتكەندى: «ۋەتەننى چىن كۆڭلىدىن سۆيۈپ، ۋەتەن

ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان»، «ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تەبىئەت ۋە باشقا پەنلەرنى تولۇق ئۆگىنىپ، تېخنىكا قوراللىرىنى ئىشلىتىشنى، تەبىئەتنىڭ كۈچىنى بوي سۇندۇرۇشنى بىلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم»، «تەربىيىدە سالامەتلىك، ساغلاملىق مۇھىم»، «ئوقۇغۇچىلارنى فىزكولتۇرا، گىمناستىكا ۋە مۇۋاپىق ئەمگەكلەر بىلەن تەربىيە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تاۋلاپ بېرىشىمىز لازىم». ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلىگەنىدى: «ھازىرقى كۈرەش ۋەزىيىتى بىزدىن ئاڭلىق، ئەقىللىق، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن خەۋىرى بار، چوڭقۇر بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ساغلام تەنلىك، خەلققە سادىق، ۋەتەنپەرۋەر ئادەملەرنى تەربىيىلەپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ». ئۇنىڭ بۇ كۆزقاراشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، ھازىرقى بىزنىڭ مائارىپ يۆنىلىشىمىز بولغان «ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەننى، خەلقنى، پەننى قىزغىن سۆيىدىغان روھتا تەربىيىلەش»، «ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ يېتىلگەن ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈش» فاكتىنى بىلەن بىر مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. مانا بۇ ئۇنىڭ بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن تەلىم - تەربىيە يۆنىلىشى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى يەنە مەكتەپ تەربىيىسىدە مۇنۇ ئۈچ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى كۆرسەتكەنىدى:

1) «بىز بالىلىرىمىزنى تار مىللەتچىلىك روھى بىلەن تەربىيىلەيدىغان بولساق، بىر مىللەتنىڭلا پايدىسىنى كۆزلەپ، باشقىلارنى ئادەم ھېسابلىمايدىغان روھتا تەربىيىلەپ قويىمىز، مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىزنى دېگەن جايغا ئېلىپ بارماقچى بولساق، مۇنداق تار مىللەتچىلىك ئىگىنى تۈپ يىلتىزى بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆلكىدىكى ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ



كۈرەش نىشانىسىنى بىر نۇقتىغا يىغىشىمىز لازىم».

2) «بىز ئوقۇغۇچىلارغا ئەمگەك سۆيۈش، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەش تەربىيىسىنى بېرىشىمىز لازىم».

3) ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزئارا دوستلۇق، ئىناقلىق تەربىيىسى بېرىشنى تەكىتلەپ: «دوستلۇق روھىدا تەربىيىلەنگەن كىشى ھەقىقىي خەلقچىللىق سىياسىتىنىڭ تۇرمۇشقا ئاشۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى كۈرەشچىسى بولىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي دوستلۇق، ھەمكارلىقنى مەكتەپتە تەمىن ئېتىشىمىز لازىم».

ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بېرىش، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش، ئەمگەكچىلەرنى ھۆرمەتلەش تەربىيىسى بېرىش، دوستلۇق، ئىناقلىق تەربىيىسى بېرىشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نۇقتا، شۇ چاغدىلا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھازىرمۇ ئىنتايىن مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەخمەتجان قاسىمى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولىغا ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇلارنى «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى» دەپ ئاتىغاندىن تاشقىرى، «كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت يوق. چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر[1]» دېگەن. ئۇ بارغانلا يېرىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەنە شۇنداق شەرەپلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئاممىغا ئۇلارنى قىزغىن ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى.

[1] يۇقىرىدا ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ھەممىسى ھاكىم جاپپارنىڭ «داڭلىق رەھبەر، پېداگوگ — ئەخمەتجان قاسىمى» ماقالىسىدىن ئېلىندى: «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1990 - يىل 27 - سانىغا قاراڭ.

شۇنداقلا ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ ئورۇنلىرىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلار بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار ئىدى. مەسىلەن، پۇل پاخاللاشقان 1948 - يىلى ئۈچ ۋىلايەتتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق مائاشى بىر مىليون دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭغا مىڭ جىڭ ئۇن ياكى 125 جىڭ گۆش ئالغىلى بولسا، ئۈرۈمچىدە شۇ دەرىجىدىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشى 300 مىليون دوللار بولۇپ، بۇنىڭغا ئاران 150 جىڭ ئۇن ياكى 33 جىڭ گۆش ئالغىلى بولاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەخمەتجان قاسىمى يەنە «بىز ئۇلارغا (ئوقۇتقۇچىلارغا) ئۆزىمىز ئويلىغاندەك شارائىت يارىتىپ بېرەلمەيۋاتىمىز»، دېگەنىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئۇلۇغۋار، شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئېغىزدىلا تەكىتلەپ قالماستىن، بەلكى مائارىپ خىزمىتىگە ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ خىزمەت تەكشۈرۈپ بارغانلا يەردە ئالدى بىلەن مەكتەپلەرگە بېرىپ، كۆزدىن كەچۈرۈپ ۋە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ئىگىلەپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. 1947 - يىلى باھاردا خىزمەت تەكشۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغانىدىمۇ خوتەن شەھىرىدىكى «چايخانا» باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشكەن؛ ئۇلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار ئەھۋال ئاستىدىمۇ جاپاغا چىداپ قىزغىن روھ بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقىدىن تەسىرلىنىپ «بىز (ئۈچ ۋىلايەت) قوراللىق جەڭ قىلغان بولساق، سىلەر جاپالىق جەڭ قىلىۋاتىسىلەر» دېگەنىدى. شۇنىڭدەك قارىقاش ناھىيىسىدىن



ئۆتكەندە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەمتىمىن توختىسى قاتارلىق مائارىپچىلارنى قاماققا ئالغانلىقىدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى گومىنداڭ تۈرمىسىدىن قۇتقۇزغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى يالغۇز چوڭ سىياسىيون بولۇپلا قالماستىن بەلكى مائارىپ نەزەرىيىچىسى ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىدا ئۇنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ۋە بىر قاتار يوليورۇقلىرى مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئەنگۈشتىرى قىلىنغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپى توغرا نىشان ۋە توغرا يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## 2. ۋەيران بولغان مەكتەپلەر ئەسلىگە كېلىپ، مائارىپ ئىشلىرى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئازادلىق، ئەركىنلىكنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ، بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ بۇنىڭدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغىنى، مەدەنىي - مائارىپ ساھەسىدىكى يېڭى يۈكسىلىش بولدى. بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئارقىلىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

1) مەكتەپلەر تەرتىپكە سېلىنىپ، نورمال ئوقۇتۇش ئەسلىگە كەلدى، ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە مائارىپ مەمۇرى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى تەشكىل قىلىنىپ ئىشقا كىرىشتى، ئۇرۇش يىللىرىدا بۇزۇلغان، ۋەيران بولغان مەكتەپلەر قايتىدىن تىكلەندى ۋە رېمونت قىلىندى. ھەرقايسى جايلاردىكى مەكتەپلەر ۋە ئۇنىڭ

ئوقۇغۇچىلىرى قايتا تىزىمغا ئېلىندى؛ ئوقۇش يېشىدىكى باللار سانى ئېنىقلاپ چىقىلدى، ئوقۇتقۇچىلار قايتا بەلگىلىنىپ، كەملىرى تولۇقلاندى. 1945 - يىلىدىن باشلاپ شەھەر، يېزا - قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇش باشلاندى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە ئوقۇلىدىغان دەرسلەر شۇ ۋاقىتتىكى شەرت - شارائىتنىڭ تەلىپى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق قايتا تۈزۈلۈپ مەكتەپلەرگە تارقىتىلدى.

2) گومىنداڭ ۋاقتىدىكى دەرسلىك كىتابلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ھەم قوللىنىشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر، مەتبەئە ماتېرىياللىرى ۋە قەغەز كەم بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بىر قىسىم دەرسلەر قايتىدىن تۈزۈلدى ۋە بېسىپ تارقىتىلدى. 1945 - يىلىدىن 1949 - يىلىغا قەدەر ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئۈچۈن 1 - سىنىپ ھېساب دەرسلىكىدىن 4000 نۇسخا، 2 - سىنىپ ھېساب دەرسلىكىدىن 4355 نۇسخا، ئېلىپبە كىتابىدىن 14 مىڭ نۇسخا، 2 - سىنىپ ئوقۇش كىتابىدىن 4869 نۇسخا، 3 - ، 4 - سىنىپلار ئۈچۈن تەبىئەت دەرسلىكىدىن 500 نۇسخا بېسىپ تارقىتىلدى. قازاق مەكتەپلىرى ئۈچۈن ئېلىپبە دەرسلىكىدىن 3100 نۇسخا، 3 - سىنىپ تەبىئەت دەرسلىكىدىن 1700 نۇسخا، 2 - سىنىپ ئوقۇش كىتابىدىن 5000 نۇسخا، باشقا دەرسلىكلەردىن 1245 نۇسخا؛ شىبە تىلىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2 - ، 3 - ، 4 - يىللىقلىرى ئۈچۈن ئوقۇش كىتابىدىن 1400 نۇسخا، جۇغراپىيە دەرسلىكىدىن 150 نۇسخا؛ موڭغۇل باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ 1 - ، 2 - ، 3 - ، 4 - سىنىپلىرى ئۈچۈن ئوقۇش كىتابىدىن 1500 نۇسخا ۋە باشقا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بولۇپ جەمئىي 49 مىڭ 894 نۇسخا دەرسلىك كىتاب



تەييارلىنىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسىم دەرسلىكلىرى جۇڭگونىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈزۈلۈپ ۋە نەشر قىلىنىپ، دەرسلىك كىتاب مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

3) باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىلىدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى 295گە، سىنىپ سانى 980 گە، ئوقۇغۇچى سانى 28 مىڭ 345 گە، ئوقۇتقۇچى سانى 1051 گە يەتكەن، 1949 - يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭلا سانى 489 گە، سىنىپ سانى 1915 گە، ئوقۇغۇچى سانى 59 مىڭ 546گە، ئوقۇتقۇچى سانى 2314 گە يەتتى.

ئاھالە سانى كۆپ، مائارىپ كۆلىمى كەڭراق بولغان ئىلى ۋىلايىتىنى ئالساق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر سانى 295، سىنىپ سانى 980، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 28 مىڭ 345، ئوقۇتقۇچىلار سانى 980 بولغان بولسا، 1949 - يىلى 9 - ئايدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر سانى 342گە، سىنىپ سانى 1321 گە، ئوقۇغۇچى سانى 39 مىڭ 269 گە، ئوقۇتقۇچى سانى 1413 گە يېتىپ، ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا مەكتەپ سانى %16، سىنىپ سانى %34.7، ئوقۇغۇچى سانى %42.3، ئوقۇتقۇچى سانى %34.8 ئۆسكەن.

4) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى زور كۆلەمدە تەرەققى قىلدۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەرەققىياتىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ

ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. جۈملىدىن 1950 - يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، يالغۇز ئىلى ۋىلايىتىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى 180 گە، ئوقۇغۇچىلىرى 4938 گە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى «بىلىم يۇرتى»، تىببىي مەكتەپ، ھۈنەر كەسىپ مەكتىپى، رۇس مەكتىپى قاتارلىق تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ھەم تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 2096 گە يەتتى.

ھەرقايسى ناھىيىلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1946 -، 1947 - ئوقۇش يىلىدا غۇلجا شەھىرىدە يېڭىدىن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ھەرقايسى ناھىيىلەردىن 535 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1948 - يىلى غۇلجا مىللەتلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى «بىلىم يۇرتى» غا ئۆزگەرتىلدى. بۇ «بىلىم يۇرتى» غا ئاگرونومىيە، مال دوختۇرلۇق، تولۇق دارىلمۇئەللىمىن، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش سىنىپى، بوغالتىرلىق، قانۇنشۇناسلىق، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمى قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنىپ، جەمئىي 17 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر يىللىق كۇرستىكى 500 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتىگە سەپلەندى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئاتاقلىق ئىلىم ئەھلىلىرىدىن مالىك لىكىمتىروۋ، خەمىت ۋەكىلى، سۇلتان ئۆسكەنبايېۋ، ئىسمائىل ياسىنوۋ، قادىر ھەسەنوۋ، ئىسمائىل ھېۋزۇللايوۋ قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇڭا، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ



ئىنستىتۇتى بىلەن قوشۇۋېتىلگەندە، بۇ مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى فاكۇلتېتلارنىڭ ئەلاچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

5) ياتاقلىق مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، قازاق، قىرغىز ۋە موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاھالە تارقاق، ئاۋۇللار بىر - بىرىدىن يىراق بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇيالماسلىق قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ تەمىناتىمۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلدى. 1948 -، 1949 - ئوقۇش يىلىدا سۈيدۈڭ، چىلپەڭزە، بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ، كۈنەس، توققۇزتارا، قىزىلكۆرە، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىدە ياتاقلىق 59 سىنىپ، ھەرقايسى ناھىيىلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە تەڭ مەركەزلەشكەن سىنىپلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن يىراق ۋە تارقاق تاغلىق رايوندىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرەلمەسلىك قىيىنچىلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى.

6) ھەر مىللەت ئۆز تىل - يېزىقىدا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. باشقا جايلارغا قارىغاندا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مىللىي تەركىبى خېلىلا مۇرەككەپ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا ياشايدىغان 13 مىللەتنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلار ئىچىدە بەزى مىللەتلەر ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا، ياكى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردا ئۆزىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس، ئۆزبېك، موڭغۇل، قىرغىز، تاتار تىللىرىدا ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر ئېچىلىپ، توققۇز تىلدا ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. موڭغۇللارنىڭ جايلىشىش ئورنى تارقاق بولغاچقا، غۇلجا شەھىرىدە ياتاقلىق، تەمىناتلىق

موڭغۇل مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ناھىيىلەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. رۇس، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر قەيەردە توپلىشىپ ئولتۇرغان بولسا، ئۇلار ئۈچۈن شۇ يەردە مەكتەپ ئېچىلدى.

7) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى خىللاشتى. ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن تارتىپ 1949 ـ يىلىغا قەدەر يالغۇز ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئۆزىدىلا غۇلجا شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى، يېزا ـ قىشلاق ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى، تولۇقسىز مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى قاتارلىق بەش قېتىم كۇرس ئېچىلىپ، 1245 نەپەر ئادەم ئوقۇش ۋە بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىلىرى قارمىقىدا ئوقۇتقۇچىلارغا پېداگوگىكا ۋە سودىكا جەھەتتە ياردەم بېرىدىغان پېداگوگىكا كابىنېت (ئىشخانا) لىرى قۇرۇلدى. ناھىيىلەردە ئىنسپېكتورلۇق (مائارىپ مۇپەتتىشلىكى) تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تۆۋەنگە چۈشۈپ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتى تەكشۈرۈلۈپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەندى، كەمچىلىكلەر تۈزىتىلدى. مەكتەپلەردە ئىمتىھان ئېلىشقا بولغان تەلەپ تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھان سوئاللىرى ناھىيە ياكى مەكتەپلەر بويىچە بىر تۇتاش چىقىرىلغان بولسا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھان سوئاللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا



چىقىرىدىغان ئىمتىھان تۈزۈمى بىلەن ئوخشاش بولدى. مۇتەخەسسىسلەشكەن ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمەلىي بىلىمىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنۋان كىنىشكىسى بېرىش چارىسى» يولغا قويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش روھىغا ئىلھام بەردى. بۇ خىل چارە ـ تەدبىرلەر ھەردەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ۋە خەلق ئاممىسى ئالدىدىكى ئۇستازلىق ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

8) مەدەنىي ئاقارتىش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىمۇ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆزگە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش بولدى. يالغۇز ئىلى ۋىلايىتىدە 1946 ـ، 1947 ـ ئوقۇش يىللىرىدا 420 سىنىپلىق، 1947 ـ، 1948 ـ ئوقۇش يىللىرىدا 205 سىنىپلىق، 1948 ـ، 1949 ـ ئوقۇش يىللىرىدا 343 سىنىپلىق ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى ئېچىلدى. ئۈچ ۋىلايەت بويىچە، ئازادلىقتىن كېيىنكى تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 220 مىڭ ئادەم ساۋاتلىق بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى 1948 ـ يىلىدىكى غۇلجا شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «بىز مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىغا بودجېتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى سەرپ قىلساقمۇ، دېگەندەك تولۇق تەمىن ئېتەلمەيۋاتىمىز» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن بىز ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى، ئۇرۇش جاراھەتلىرى تۈگىمىگەن، جىددىي ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئومۇمىي بودجېتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى مائارىپ

ئىشلىرىغا ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مائارىپ ئۈچۈن بۆلۈنگەنلىك زور مىقداردا خىراجەت ئاجرىتىش شىنجاڭ تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىدا قولغا كەلگەن بارلىق نەتىجىلەرنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئۆچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

سەي جېڭنىڭ: «چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ياڭ - جىن ھۆكۈمرانلىقىغا قەدەر شىنجاڭ مائارىپىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1983 - يىلى 10 - سان.

ئىبراھىم نىياز: «ئاتۇش ناھىيە ئىكساق كەنتىدە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنىڭ دۇنياغا كېلىشى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1984 - يىل 13 - سان.

شاۋكەت ئابدۇرېھىم: «فەشقەردە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا»، يۇقىرىدىكى سان.

ئۆمەرجان ئەخمەت: «ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەشقەر مائارىپىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1987 - يىلى 20 - سان.

جاپپار ئەمەت: «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەدەنىي - مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا»، يۇقىرىدىكى سان.



ئىمىن مۇھەممەت، ئابلىمىت نىياز: «كۇچا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە»، يۇقىرىدىكى سان.

«ئاستانە يېزىسىدا يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى» (تۇرپان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تەييارلىغان) يۇقىرىدىكى سان.

نەسرىدىن ناسىرى: «ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئىلى مائارىپ ھەققىدە ئەسلىمە» يۇقىرىدىكى سان.

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار: «ئاقسۇ كونىشەھەر مائارىپ تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1987 - يىل 20 - سان.

ليۇ دېخى: «شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ھەققىدە بايان»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1988 - يىلى 22 - سان.

خې گېڭگواڭ: «شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1988 - يىل 22 - سان.

جىن گوشياڭ: «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، يۇقىرىدىكى سان.

ئابلىمىت ھاجىيوۋ: «تارباغاتاي مائارىپىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1988 - يىلى 23 - سان.

مۇھەممەت قۇربان ئەزىزيارى: «ئالتاي مائارىپىنىڭ تارىخي تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە»، يۇقىرىدىكى سان.

تېيىپ پولات: «پىچان ناھىيىسىدە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە»، يۇقىرىدىكى سان.

«شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىغا دائىر بىر پارچە

ماتېرىيال» ، يۇقىرىدىكى سان.

«لوپ ناھىيىسى مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى» ، (لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ماقالىسى) ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» . 1988 - يىل 24 - سان.

ھاكىم جاپپار: «ئاتاقلىق رەھبەر، پېداگوگ — ئەخمەتجان قاسىمى» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 1990 - يىل 27 - سان.

قۇددۇس ئابدۇسەمەت: «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 1945 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان مەدەنىي - مائارىپ ئەھۋالى» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1990 - يىل 28 - سان.

سەي خېڭسېڭ: «شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئەھۋالى» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1986 - يىل 19 - سان.

ئابلىمىت ھاجىيوۋ: «شېڭ شىسەينىڭ 1930 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1990 - يىل 27 - سان.

خەلپەت سوزۇك ھاجى: «ئويۇشما ۋە ئىتتىپاق» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1990 - يىل 27 - سان.

يەھيا ھېلىم: «قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تارىخىدىن ئەسلىمە» ، يۇقىرىدىكى سان.

خېۋىر تۆمۈر: «شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن فوكاڭ مۇئاھىدىسى توغرىسىدا ئەسلىمە» ، يۇقىرىدىكى سان.

قۇددۇس ئابدۇسەمەت: «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 1945 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان مەدەنىي - مائارىپ



ئەھۋالى» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1990 - يىل 28 - سان.

جۇ پېيمىن: «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەينىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار تەرجىمىھالى ژۇرنىلى» ، 1989 - يىل 2 - سان.

جىن شياۋشەن: «ۋۇ جۇڭشىنىڭ چېگرا رايون سىياسىتى ۋە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1992 - يىل 38 - سان.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# ھاياتىمدىن خاتىرە

## ئەنۋەر خانبابا

«ھايات — كۈرەش دېمەكتۇر»
م. گوركى

مېنىڭ ئىسمىم ئەنۋەر، دادام رەخسى بابا، بوۋام ئارىپ باباھاجى، چوڭ بوۋام خانبابا، خانبابانىڭ دادىسى ئاتالىق، بوۋىسى ئەشىر باقى، چوڭ بوۋىسى نادىر.

مەن 1918 - يىلى 1 - ماي كونى ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنت شەھرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. مەن تۇغۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىن دادام رەخسى بابا ۋاپات بولىدۇ. دادام ھايات ۋاقتىدا ۋاپۇرۇشلۇق بىلەن شۇغۇللانغانىكەن.

باللىق ۋاقتىمدا مەن ياشىغان ئائىلىدە مومامزۇبەيدە بىبى، ئاپام قۇمرىنىسا ۋە چوڭ دادام تۇرسۇن بابانىڭ ئايالى ۋە تۆت قىزى بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا چوڭ دادام تۇرسۇن بابا ئۇرۇمچىدە بولۇپ، تۇغقانلار بىلەن بىرلىكتە تەشكىل قىلغان «دې شىڭ ياڭ خاڭ» دېگەن سودا شىركەتنىڭ باشلىقى ئىدى.

تاشكەنتتە كەللەخانە دېگەن مەھەللىدە بىزنىڭ چوڭ قورۇيىمىز، يېنىدا كىچىك بېغىمىز، يەنە شاپەيزى قولاقتا ئىككى چوڭ مېۋىلىك بېغىمىز، ئاقتۆپە دېگەن جايدا تېرىلغۇ يەرلىرىمىز بار ئىدى.

مەن مومامنىڭ ئوغلىدىن قالغان يېگانە نەۋرىسى بولغانلىقىم



ئۈچۈن، مومام زۇبەيدە بىبى مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ماڭا بەك مېھرىبان ئىدى. مومامنىڭ مېھرىبانلىقى مېنىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

### شىنجاڭغا سەپەر

مەن يەتتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن، موماممېنى قىينىلىپ قالمىسۇن، دەپ قوشناچىمگە ئوقۇشقا بەردى. ئۇ ۋاقىتلاردا دىنىي بىلىمى بار قوشناچىملار قىزلارنى يىغىپ ئۆز ئۆيىدە كونىچە ئوقۇتاتتى. مەن قىزلار بىلەن ئىككى - ئۈچ كۈن ئوقۇپ خىجالەت بولۇپ، دوستلىرىمغا ئەگىشىپ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېچىلغان ئوغۇللار مەكتىپىگە كىرىۋالدىم. بۇ بىزنىڭ مەھەللىگە يېقىن جايدىكى «ناموخ كامال» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزبېك باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ، ھەممە دەرسلەر يېڭى ئۇسۇل بويىچە، ئەرەپ يېزىقىدا ئۆتۈلەتتى. بۇ مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇدۇم.

1927 - يىلى چوڭ دادام (دادامنىڭ ئاكىسى) تۇرسۇن بابا بىزلەرنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتقانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئائىلىمىز ۋە تۇغقانلار بولۇپ 22 ئادەم بەختى ئارقىلىق چۆچەككە كەلدۇق. بۇ باھار پەسلى بولۇپ، بىز پويىزدا تاشكەنتتىن پىشكەككە كەلدۇق. ئاندىن رۇسلارنىڭ بىرىچكا ھارۋىلىرىنى كىرا قىلىپ، پىشكەكتىن بەختىگە كەلدۇق. تاشكەنتتىن چىقىپ چۆچەككە كەلگۈچە 22 كۈن ۋاقىت كەتتى. بىزنى تاغام (ئاپامنىڭ ئاكىسى) مىر مەخمۇت باشچىلىق قىلىپ ئېلىپ كەلدى. چۆچەكتە بىر ئاز ۋاقىت تۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن يېرىم يىلغىچە ئويبازاردىكى مەسچىت قورۇسىدا ئېچىلغان ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئوقۇدۇم. بۇ، ئوغۇللار باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە دىنىي ۋە پەننىي دەرسلەر ئۆتۈلەتتى،

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى تاتارلار ئىدى. قىزلارنى گۈلەندەم ئابىستاي (تاتار) ئۆز ھويلىسىدا ئوقۇتاتتى.

1928 - يىلى يانۋار ئېيىدا چۆچەكتىن ئاپتوبۇس بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. بۇ شىنجاڭدا يېڭىدىن ئاپتو ماشىنىلار قاتناشقا باشلىغان ۋاقىت ئىدى. بىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى رۇس بولۇپ، ھەمزە كېرىمباي ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئىدى. شىنجاڭدا 1926 - يىلى تۇنجى قېتىم شوپۇرلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبېكلەردىن 30 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ تەربىيىلەنگەن بولۇپ، مەخسۇت ئاخۇن ئاكا، مۆمىن-ئەپەندى، ھەمزە ئاغا، نۇرئاخۇن ئاكىلار شىنجاڭنىڭ مەزكۇر مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن تۇنجى شوپۇرلىرى ئىدى.

چوڭ بوۋام خانبابا 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاشكەنتتىن تىجارەت قىلىپ شىنجاڭغا كەلگەن، كېيىن 1883 - يىلى ئۈرۈمچىدە «دې شىڭ ياڭ خاڭ» دېگەن نام بىلەن سودا شىركىتى قۇرغان. خانبابانىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشى ۋە سودا شىركىتى قۇرۇشى بىر تارىخىي جەريان.

خانبابانىڭ بوۋىسى ئەشىر باقى ماڭا بەشىنچى ئاتا بولىدۇ. ئەشىر باقى تەخمىنەن 300 يىل بۇرۇن تاشكەنتتە ياشىغان جامائەتچىلىك ئارىسىدا داڭ قازانغان دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۆز خۇسۇسىي ئىشى سودىگەرچىلىك، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاشكەنت ھاكىمى ئەشىر باقىنى تاشكەنت شەھىرىنىڭ قازى كالانلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەشىر باقى بۇنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەن قازى بولسام ھۆكۈم خاتا چىقىرىلسا خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالىمەن، خۇسۇسىي ئىشىم بىلەن شۇغۇللانغىنىم ياخشى، دەپ قارايدۇ. ئەمما ھاكىم ئەشىر باقىنىڭ قازى كالانلىقنى رەت قىلغىنىغا قارىماي پەرمان



چۈشۈرىدۇ. ئەشىر باقى پەرماندىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەمدى قارشىلىشىشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، دەپ ھېچكىمگە بىلدۈرمەي بالا - چاقىسىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، شىنجاڭغا قاراپ ئاتلىق يول ئالىدۇ. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئاقسۇ كونىشەھەردە تۇرۇپ قالىدۇ. ئاقسۇ مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ، مەدرىس ھوجرىسىدا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئاقسۇدا ئۆيلەنمەيدۇ، ئۆي - جاي قىلمايدۇ. بىرنەچچە يىل مۇدەررىس بولغاندىن كېيىن، بەختكە قارشى ۋاپات بولىدۇ. بۇ ئادەم ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ باشقىلارغا قەرز خەسەنە (ئۆسۈمسىز قەرز) گە بەرگەن ئىككى يامبۇسى ۋە كىيىم - كېچەك، ئات جابدۇقلىرى بولىدۇ. بۇ ئادەم ۋاپاتىدىن كېيىن، ئاقسۇ كونىشەھەردە ياشاۋاتقان ئۆزبېك، ئۇيغۇر مۆتىۋەرلىرىدىن يەتتە - سەككىز ئادەم ئەشىر باقىنىڭ تەئەللۇقاتلىرىنى تىزىملاپ، ئۆز ئىمزالىرىنى قويىدۇ ۋە مۆھۈر باسىدۇ.①

ئەشىر باقى ۋاپاتىدىن كېيىن، تالىپلارغا ۋەكالىتەن ئىككى ئۇيغۇر تالىپ ئۇستازىمىز ئائىلىسىدىن ھال سوراپ كېلىمىز، دەپ قەرز خەسەنەگە بېرىلگەن ئىككى يامبۇنى ئېلىپ تاشكەنتكە سەپەر قىلىدۇ. تاشكەنتكە بېرىپ ئەشىر باقى ئائىلىسىدىن ھال سوراپ، ئىككى يامبۇنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەشىر باقى ئائىلىسى تالىپلاردىن كۆپ مىننەتدار بولۇپ، ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلىپ، يولغا سېلىپ قويىدۇ.

① ئەشىر باقى ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسلىرىنى تىزىملاپ، ئاستىغا ئىمزا قويۇپ مۆھۈر بېسىلغان، سامان قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان ھۆججەتنى ئىسلام بابا ئاكا ساقلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئالىم بابا دادامنىڭ ساندۇقىدىن مۇشۇ ھۆججەت چىقتى. دەپ بۇنى 1956 - يىلى ماڭا بېرىپ، ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا يىلىغا قارىسام 250 يىل بولغانىكەن. بۇ جەرياندا بەش ئەۋلاد دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا مېنىڭ ئۆي - جاي، كىيىم - كېچەك ۋە كىتابلىرىمنى مۇسادىرە قىلغاندا، بۇ ھۆججەتنىمۇ ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھۆججەت يوقالدى.

يۇقىرىقى ئاددى بىر پاكىت ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۆزبېك خەلقى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزئارا مېھرىبانلىق، دوستلۇقنىڭ ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى ئوچۇق نامايان قىلىدۇ.

مەزكۇر ئىككى يامبۇ ساندۇقتا ئۇزۇن زامان ساقلىنىپ، ئىككى ئەۋلاد (ئەشىر باقى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاتالىق) دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەشىر باقىنىڭ نەۋرىسى خانبابا 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىككى يامبۇنى دەسمايە قىلىپ شىنجاڭغا سودا قىلغىلى كېلىدۇ. سودا ئۇتۇقلۇق بولۇپ، چوڭ پايدا ئالىدۇ. بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە ئەمىنجان باي، ئەزىز ھاجى، ساموقجان باي، بەدەل باباھاجى، سەلىم باباھاجى، ئىسلام بابا قاتارلىق تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە «دې شىڭ ياڭ خاڭ» نامىدا چوڭ سودا شىركىتى قۇرىدۇ، كېيىن خانبابانىڭ نەۋرىسى تۇرسۇن بابا ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا «دې شىڭ خاڭ» نامى بىلەن تىجارەت قىلىدۇ. تىجارەتنى چارروسىيە بىلەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېلىپ بارىدۇ. شىنجاڭدىن پاختا، يۇڭ، تېرە چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن گەزلىمە، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، پولات، قاڭالتىر، ئەينەك، سەرەڭگە، كىرسىن، قەغەز، قەلەم قاتارلىق تۇرمۇشقا كېرەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەر خىل تاۋارلار كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا سانائەت ئورۇنلىرى بولمىغاچقا، يىپتىن - يىڭنىغىچە سىرتتىن كىرگۈزۈلەتتى. شىركەتنىڭ چۆچەك، قۇمۇل، قاراشەھەر، گۇچۇڭ، تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلاردا تارماقلىرى بار ئىدى. ئۇلار خام مال يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن



بىللە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ماللارنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلگەن خام ماللاردىن يۇڭ پارلىنىپ، يۇيۇلۇپ، پرېسلىنىپ تاي قىلىناتتى. پاختىمۇ تازىلىنىپ، پرېسلىنىپ تاي قىلىناتتى. قوي تېرىلىرىمۇ قۇرۇتۇلاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى باخۇلياڭدىكى «مويكا» دەپ ئاتالغان ئورۇن (ھازىرقى يەنئەن يولى باغچىسى ئورنى) دا ئىشلىنەتتى ۋە خام ماللار شۇ جايدا ساقلىناتتى. ئېكسپورت قىلىنىدىغان خام ئەشيالارمۇ، ئىمپورت قىلىنغان پىششىق ماللارمۇ ھارۋا بىلەن، ئاساسەن تۆگە بىلەن توشۇلاتتى. بۇ ماللار بەختى چېگرىسى ئارقىلىق چىقىرىلاتتى ۋە كىرگۈزۈلەتتى. شىركەت تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقنىمۇ قوشۇمچە قىلاتتى (باخۇلياڭدىكى مەسئۇل كادىرلار ھويلىسى ۋە سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنى شىركەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ئىدى). چارۋا ماللار تولىنىڭ قىشلاق، يايلاقلىرىدا بېقىلاتتى. چۈنكى، بۇ يەرلەر شىركەتكە تەۋە ئىدى.

شىركەت ياڭخاڭ كوچىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، مەزكۇر كوچىغا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چارروسىيە كونسۇلخانىسى بىنا قىلىنغان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا پۇقرالار ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ مەھەللىدىكى كونا ئىمارەتلەرنىڭ سېلىنغىنىغا ھازىر 100 يىلدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق تەرىپىدىن مەبلەغ توپلىنىپ سېلىنغان ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ بىنا قىلىنغىنىغا 1997 - يىلى دەل 100 يىل تولىدۇ. ياڭخاڭ مەسچىتى بىر ئاسارە - ئەتىقە ئورنىدا ھازىرغىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بۇرۇنقى ياڭخاڭ كوچىسىغا ئازادلىقتىن كېيىن غالىبىيەت يولى دەپ نام بېرىلدى.

«دې شىڭ خاڭ» شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ سودا شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، سانائەت بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. 1936 - يىلى ھۆكۈمەت

بىلەن خەلق (ھۆكۈمەت 40%، خەلق 60%) پاي تويلاپ قۇرۇلغان «يېڭى نۇر» ئېسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئاساسىي كاپىتالى «دې شىڭ خاڭ» نىڭ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ دىرېكتورى تۇرسۇن بابا ئىدى. «يېڭى نۇر» ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ھەر بىرى 250 كىلوۋاتلىق ئىككى توك گېنېراتورى ئورنىتىلغان بولۇپ، 1937 - يىلىدىن باشلاپ توك بېرىشكە باشلىدۇ.

قانخور شېڭ شىسەي 1938 - يىلى تۇرسۇن بابانى «خائىن» دەپ بوھتان چاپلاپ، قولغا ئالدى. «دې شىڭ خاڭ» شىركىتىنىڭ پۈتۈن كۆچمەس، كۆچمە مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. ئائىلىسى سۈرگۈن قىلىندى. تۇرسۇن بابا تۈرمىدە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە «دې شىڭ خاڭ» شىركىتى شۇنىڭ بىلەن ۋەيران بولۇپ تۈگىدى.

شۇ ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدە ئۆزبېكلەردىن تاجى ئوسمان باينىڭ «رىن جۇڭشىن»، مەنسۇرجان باينىڭ «جىلى»، رەھىمجان باي، مىر سالى بايلارنىڭ «دېخى ياڭ خاڭ»، سامۇقجان باينىڭ «ماۋ شىڭ ياڭ خاڭ» قاتارلىق سودا شىركەتلىرى بار ئىدى. مەزكۇر شىركەتلەرمۇ شېڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئىشتىن توختىدى.

## باشلانغۇچ مەكتەپتە

1928 - يىلى يانۋاردىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدىم. توققۇز يىل تاشكەنتتە، تۆت يىل موسكۋادا، سەككىز يىل غۇلجىدا، ئۈچ يىل بېيجىڭدا ۋە خىزمەت



مۇناسىۋىتى بىلەن قىسقا مۇددەت باشقا جايلاردا تۇرغاندىن باشقا، مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىم ئۈرۈمچىدە ئۆتتى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندە مەن ئون ياشلىق بالا ئىدىم. ئۈرۈمچىدە چوڭ دادام تۇرسۇن بابا ئائىلىسىدە تۇردۇم ۋە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردىم. شۇ چاغلاردا، ئۈرۈمچىدە مىللىيلار ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېچىلغان مەكتەپ يوق ئىدى. ئەمما خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز باللىرى ئۈچۈن ئاچقان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەر بار ئىدى. ئالىي مەكتەپ رۇسچە سىياسىي قانۇن سىنىپلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ يېنىدا تەشكىل قىلىنغانىدى. ئاز سانلىق مىللەت باللىرى مەسچىتلەر يېنىدا تەشكىل قىلىنغان سىنىپلاردا (ئەمەلىيەتتە رەسمىي سىنىپمۇ ئەمەس) ساۋاتىنى چىقىراتتى، دىن ئۆگىنەتتى، بەزىلىرى 30 پارە قۇرئاننى يادقا ئېلىپ قارى بولاتتى. مەن ئوقۇغان مەكتەپ شەخسلەر تەرىپىدىن ئېچىلغان بولۇپ، ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ كوچا تەرىپىگە جايلاشقان بىرقانچە ئېغىز ئۆيلەردە ئىدى. مەنسۇرجان باي[1] ياڭخوخۇدىكى ئۆز قورۇسىنى مەكتەپكە ئىئانە قىلغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپ شۇ جايغا كۆچۈپ باردى (ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بۇ مەكتەپ 6 - باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالدى، ئۈرۈمچىدە بۇ مەكتەپنىڭ داڭقى بار ئىدى). ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ۋە مەكتەپنىڭ راسخوتىنى بايلار ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇ مەكتەپ كىچىك كۆلەمدىكى رەسمىي مەكتەپ بولۇپ، ئىپتىدائىي، روشتى سىنىپلارغا ئايرىلغانىدى. بۇ يېڭىچە مەكتەپ بولۇپ، پەننىي دەرسلەر ئاساس قىلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىنىي دەرسكە ئەھمىيەت بېرىلەتتى.

[1] مەنسۇرجان باي ئۆزبېك بولۇپ، ساخاۋەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئاق مەسچىتنى سالدۇرغان.

ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەر ئىلىپبە (مۇئەللىم ئاۋۋال مۇئەللىم سانى)، ھۆسن خەت، ئىملا، ئىنشا، شېئىر، ئوقۇش كىتابى، سەرپ (مورفولوگىيە)، نەخۋ (سىنتاكسىس)، ئارخېمتىكا ۋە كەسرى ئەشئار (ئالگېبرا)، ھەندەسە (گېئومېترىيە)، ئىلمى تەشرىخ (ئاناتومىيە)، ئىلمى ناباتات (بوتانىكا)، ئىلمى ھايۋانات (زوئولوگىيە)، تۈرك - تاتار تارىخى، تارىخ ئومۇمى، تەجۋىدە قۇرئان، مىڭ بىر ھەدىس، ئېتىقاد، تاھارەت، ناماز، روزە - زاكات، ھەج، مۇئامىلات قاتارلىقلار ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان دەرسلىكلەر قازاندا، ئۇفادا ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە تاتار تىلىدا نەشىر قىلىنغانىدى. تاتارلار تەرىپىدىن خاربىندا تاش باسمىدا بېسىلغان تاتارچە ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقىنىمۇ دەرسلىك سۈپىتىدە ئۆگەنگەنىدۇق. دىنىي دەرسلىكلەردىن باشقا دەرسلىكلەر مۇئەللىملەر قولىدا بىر نۇسخىدىن بولغاچقا، كۆچۈرۈپ ئوقۇيتتۇق. تەجرىبە سايمانلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تەجرىبە قىلىنمايتتى. رۇسچە، خەنزۇچىنى تاللاپ بىرنى ئۆگىنەتتۇق. مەن رۇسچە ئۆگەندىم. باشتا ئانىنانىكىفورونىنا دېگەن بىر ئايال، كېيىن شابالا دېگەن بىر رۇس ئەر ئوقۇتقۇچى دەرس بەردى. مەكتەپ كۆلىمى كىچىك، بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئىدى. روشتى سىنىپتا مەن، ئۇيغۇر سايرانى، ئەسئەت ئىسھاقوپ، ئەنۋەر مۇھىتى، ئەنۋەر شاكولوپ، خەمىت ھۇسىيىن، ھامۇت خوجايوپلار بىللە ئوقۇيتتۇق. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، زىنەتۇللا مۇئەللىم، ئابباس ئەپەندى، مۆمىن ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىموپلار بولدى. روشتى سىنىپتا بىزگە ئەلى ئىبراھىموپ مەسئۇل بولدى.

ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئەلى ئىبراھىموپ ئالاھىدە ئورۇن تۇتاتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە، ئۇرۇمچى



جامائەتچىلىكنىڭ تەقدىرىگە سازاۋەر ئىدى. ئەلى ئىبراھىموپ ماڭا ئاق - قارىنى تونۇتقان، دەسلەپكى قەدەمدە بىلىم بەرگەن، مەندە ئوقۇشقا ھەۋەس قوزغىغان، ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت قالدۇرغان ئوقۇتقۇچى ئىدى. بالىلىق ۋاقتىمدا دەسلەپكى قەدەمدە بىلىم بەرگەن بۇ ئوقۇتقۇچىنى دائىم ياد ئېتىمەن. شەرەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇستازلارغا مەنسۇپ، دەپ ئەسلەيمەن. ئەلى ئىبراھىموپ سۆزگە ناتىق، قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك، ئۇستا خەتتات، ماھىر تەربىيىچى ۋە تالانتلىق ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ سىنىپقا كىرگەندە، سىنىپتا تىنچلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ھەممىمىز ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتۇق. ئۇنىڭ سۆزى تەسىرلىك، ئۆتكەن ھەر بىر دەرسى بىز ئۈچۈن يېڭىلىق بولۇپ، بىلىم دائىرىمىزنى كېڭەيتەتتى. ئەلى ئىبراھىموپ ئۇفا شەھىرىدە بىلىم يۇرتى (ئوچىلىشچى) دە ئوقۇغان بولۇپ، شىنجاڭدا شۇ زامانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىلىم دائىرىسى كەڭ ئادەم ئىدى. ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، مول تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا دەرسنى ياخشى چۈشەندۈرەتتى، تەلەپنىمۇ قاتتىق قوياتتى. يىللىق ئىمتىھان ئالغاندا، ئۆتكەن ھەممە دەرسلەرنى باشتىن - ئاخىر تەييارلىق قىلغۇزاتتى. ئىمتىھانمۇ سۈرلۈك بولاتتى. يىللىق ئىمتىھان ۋاقتىدا، بايلارنىڭ بىرى بارلىق ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارنى بىر باغقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇ يەردە كۆپچىلىك ئالدىدا ئىمتىھان ئېلىناتتى. ئىمتىھان سوئاللىرى بېلەتلەرگە يېزىلغان بولۇپ، ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچى بېلەتكە چىققان سوئاللارغا كۆپچىلىك ئالدىدا جاۋاب بېرەتتى. بىر قېتىم ھەندەسە (گېئومېترىيە) دىن ئىمتىھان بەرگەندە، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ لايىھىلىشى بويىچە تاييارلانغان ئېگىزلىك ئۆلچەش ۋە ئارىلىق ئۆلچەش (ئەسترالەبىيە) ئەسۋابى

بىلەن تېرەكلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى ۋە ئارىلىقىنى يىراقتا تۇرۇپ ئۆلچەپ بەردۇق. بۇنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانىلار ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ئەلى ئىبراھىموپ ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدىمۇ مۇۋاپىق ھەسسە قوشتى. ئۇ شىنجاڭدا يېڭى مائارىپنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئەلى ئىبراھىموپ باشقۇرغان ۋە ئۆزى بىۋاسىتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ روشتى سىنىپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىزدە ئوقۇشقا كۈچلۈك ھەۋەس قوزغالدى. تيەنجىنگە بېرىپ ئوقۇش مەقسىتىدە مەن، ئۇيغۇر سايرانى، نۇسرەت شەھىدى قاتارلىق ساۋاقداشلار ئىنگلىز تىلى ئۆگەندۇق. چارروسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ كاتىپى بولغان روسوۋ دېگەن رۇس بىزگە ئىنگلىزچە ئۆگەتتى. خېلى ۋاقىت پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە ئۆگەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئاز ـ تولا سۆزلىشەلەيدىغان بولدۇق. بىراق، تيەنجىنگە بېرىپ ئوقۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشمىدى، چۈنكى تيەنجىنگە ئوقۇشقا ماڭغان ساۋاقدىشىمىز ئەنۋەر مۇھىتى قومۇل ئىنقىلابى ۋاقتىدا ما جۇڭيىڭنىڭ تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قېلىپ، يولدىن قايتىپ كەلدى.

1933 ـ يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدە ئاق ئورۇسلار شېڭ شىسەي ئۈچۈن چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ پاپىنگوت، ئانتونوپ، بېكتېيېۋ قاتارلىق گېنېراللىرى ۋە ھەربىي قوشۇنلىرى بار ئىدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى رۇسلارنىڭ نوپۇسىمۇ 10 مىڭدىن ئاشاتتى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئورۇمچىدە رۇسلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر مەھەللە ئاجرىتىپ بەردى (ھازىرقى كۈندە بۇ مەھەللە شىنجاڭ



داشۆ تەۋەسىگە كىرىدۇ). رۇس ئىقتىسادىي شىركىتى، رۇس چىركاۋى (بۇرۇن رۇس چىركاۋى كونسۇلخانا ئىچىدە بولۇپ، كېيىن بۇزۇپ تاشلانغانىدى)، رۇس كۇلۇبى، رۇس گىمنازىيىسى بارلىققا كەلدى. 1934 ـ يىلى مەن رۇس گىمنازىيىسىگە كىرىپ ئوقۇدۇم. رۇس گىمنازىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتەرلىك بولسىمۇ دەرسلىك، تەجرىبە قوراللىرى كەمچىل ئىدى. شۇ يىلى (1934 ـ يىلى) ئۆلكىلىك تەنتەربىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. گىمنازىيە ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، يېشىمىزغا قارىماي مېنى، ئۇيغۇر سايرانى، سەلىم چانىشېپ، ئاباس قاتارلىق ساۋاقداشلارنى 10 مىڭ مېترغا يۈگۈرۈشكە بەلگىلىدى. بۇنىڭغا ھەربىيلەرمۇ قاتناشقانىدى. بىزنىڭ تەنتەربىيە مەيدانى تەنتەربىيىچىلەر ۋە تاماشىبىنلار بىلەن تولغان بولۇپ، مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز پەشتاقتا ھەممىنى كۆزىتىپ شېڭ شىسەي ئولتۇراتتى. بىزنىڭ گىمنازىيىدىن قاتناشقان مەندىنمۇ كىچىك بىر رۇس بالا بەك يۈگۈرەتتى. ئۇ ھەممىمىزنى بىر كوروگ ئارقىغا قالدۇردى. ھەممىنىڭ كۆزى شۇ بالىدا ئىدى. بۇ بالا ھەربىر كۆرەكنى ئايلىنىپ بىر توختاپ، شېڭ شىسەيگە ھەربىيچە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، يەنە يۈگۈرۈپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇسابىقىدە بىرىنچى بولدى. ئەمما، ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات بېرىلمىدى. شېڭ شىسەينى ھۆرمەت قىلمىدى دەپ ئەيىبلەندى.

## موسكۋادا

1935 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا، مەن، ئۇيغۇر سايرانى، ئەسئەت ئىسھاقوپ، نۇسرەت شەھىدى ۋە تۆت نەپەر خەنزۇ

ساۋاقداش بىلەن بىرلىكتە چۆچەك ئارقىلىق موسكۋاغا ئوقۇشقا ماڭدۇق. بىزنى سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ شېرى دېگەن بىر خادىمى بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە يۈك ماشىنىسى بىلەن باردۇق. چۆچەكتە ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئاندىن بەختى چېگرىسى ئارقىلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتتۇق. چېگرىدىن ئاياگوزغىچە ماشىنا بىلەن، ئاياگوزدىن ئالماتاغىچە پويىز بىلەن ماڭدۇق. ئالماتاغا بارغاندىن كېيىن، جۇڭگو كونسۇلخانىسىدا تۇردۇق.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئالماتا، تاشكەنت، ئەنجان، شەمەي، زايسانلاردا جۇڭگو كونسۇلخانىلىرى بار بولۇپ، شىنجاڭ باشقۇراتتى، خادىملىرىنى شىنجاڭ بەلگىلەيتتى. سوۋېت تەرەپنىڭمۇ ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت بەش ئورۇندا كونسۇلخانىلىرى بار ئىدى.

بىز ئالماتادىن پويىز بىلەن موسكۋاغا باردۇق. موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر سايرانى ئىككىمىز بىر مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇق. بۇ دىزىېرژىنسكى رايونىدىكى نەمۇنىلىك 48 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ بىناسى تۆت قەۋەتلىك، چوڭ كۆلەملىك، ھەيۋەتلىك ئىدى. ئىككى سىمىنىدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. مەكتەپنىڭ چوڭ كۇلۇبى، تەنتەربىيە زالى، ئاشخانىسى، چوڭ كۇتۇپخانىسى، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە كابىنېتلىرى، كەڭ سىنىپلىرى، كىيىم ساقلاش ئورۇنلىرى (قىش كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىپ كىرەتتى)، مەكتەپ ھويلىسىدا پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكېتبول، يۈگۈرۈش مەيدانلىرى بار ئىدى. شىنجاڭدا مەسچىت يېنىدىكى ھوجرىلاردا ئوقۇپ يۈرگەن مەن ئۈچۈن بۇ مەكتەپ بىناسى ئاجايىپ بىلىندى. مەكتەپنىڭ



ئوقۇتقۇچىلىرى خىل، تەجرىبە سايمانلىرى، كۆرسەتمىلىك قوراللىرى تولۇق، دەرسلىك يېتەرلىك ئىدى. تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلەتتى، تەلەپ كۈچلۈك ئىدى. دەرستىن سىرتقى ھەر خىل پەن، سەنئەت، تەنتەربىيە كۇرۇژوكلىرى ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئىختىيارى بويىچە كۇرۇژوكلارغا قاتنىشاتتى. ئوقۇشقا بولغان تەلەپ قاتتىق، ئىنتىزام كۈچلۈك، ئوقۇغۇچىلار تىرىشچان، رەتلىك ۋە تەرتىپلىك ئىدى. ئوقۇغۇچىلار دەرس تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىغاندىن سىرتىدا، دائىم كىتابخانىدىن ھەر خىل كىتابلارنى ئېلىپ ئوقۇپ تۇراتتى. مەكتەپكە مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىنىپ، ھەر خىل تېمىلاردا دوكلاتلار، ئېكسكۇرسىيىلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرۇلاتتى. بۇ مەكتەپتە خوجىلىق، تازىلىق خادىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا پەقەت بىر مۇدىر، بىر ئىلمىي مۇدىر، بىر كومسومول تەشكىلاتچىسى ۋە بىر ماشىنىستكا خىزمەت قىلاتتى.

مەن ئوقۇغان ۋاقىتلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىن كانستىتۇتسىيە (ئاساسىي قانۇن)سى ئېلان قىلىنغان، سوتسىيالىزم غەلىبە قىلغان، ئېكسپىلاتاتسىيە يوقىتىلغان، بەش يىللىق پىلانلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان، دۆلەتنىڭ سانائەت ئاساسى تىكلەنگەن، كولخوز، زاۋخوزلار قۇرۇلغان، ستاخانوۋچە ھەرىكەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقان، ماكسىم گوركىدەك يازغۇچىلار، پاۋلوۋ، مىچۇرىندەك ئالىملار پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، سوۋېت ئۇچقۇچىلىرى شىمالىي قۇتۇپ ئارقىلىق موسكۋادىن ئامېرىكىغا غەلىبىلىك ئۇچۇپ ئۆتكەن، سوۋېت دۆلىتىنىڭ ئابرويى خەلقئارادا كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان، سوۋېت دۆلىتى دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلانغان،

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال موسكۋادا تۇرۇپ پۈتۈن دۇنيا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان، خەلقنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن، خەلق خۇشال - خۇراملىققا چۆمگەن بىر دەۋر ئىدى. موسكۋانىڭ تىياتىرلىرىدا، كىنوخانىلىرىدا، ستىراھەت باغچىلىرىدا، كوچىلاردا يۈرگەن ئادەملەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى كىشىنى زوقلاندۇراتتى.

مەكتەپ تەربىيىسى، جەمئىيەت تەسىرى، ئوقۇغان كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ئاڭلىغان رادىئو، دوكلاتلار، ئېكسكۇرسىيە-لەر مەندە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت قوزغىدى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەڭ ئىلغار تۈزۈم ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، ئېتىقاد باغلىدىم. پرولېتارىيات داھىلىرى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارغا نىسبەتەن قەلبىمدە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ئورۇن ئالدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھەر يىلى ئۆكتەبىر، ماي بايراملىرىدا قىزىل مەيداندا لېنىن ماۋزۇلېسى مۇنبىرىدە ستالىننى كۆرگەندە، زور خۇشاللىق ھېس قىلاتتىم. مەن ستالىن رەھبەرلىكىدە قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرا، دەپ قارايتتىم.

1937 - يىلى كامىنوۋ، زىنوۋيېۋ، بۇخارىن، پىتاكوۋ، تۇخاچېۋسكى قاتارلىقلار ئوچۇق سوت قىلىندى. شۇ قاتاردا ئۆزبېكىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئەكمەل ئىكراموۋ، ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى پەيزۇللا خوجايېۋلار بار ئىدى. بۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلغۇچىلار، ئۆزبېك خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ئىدى. بۇلار ئوچۇق سوتتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئىجرا قىلىندى. مەن شۇ ۋاقىتتا بۇنىمۇ توغرا دەپ قارىغانىدىم، چۈنكى بۇ سوۋېتتا «خەلق



خائىنلىرى»غا قارشى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان چارە دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىنكى پاكىتلاردىن قارىغاندا بۇ خاتا قىلىنغانىكەن. ستالىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشنى كېڭەيتىپ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا جەھەتتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە ستالىن قارىلاندى، ھەتتا مەتبۇئاتلاردا، رادىئو - تېلېۋىزورلاردا ستالىن فاشىست گىتلېردىنمۇ يامان دەپ كۆرسىتىلدى. گىتلېر 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان، 50 مىليون خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، گۈزەل شەھەرلەرنى ۋەيران قىلغان، دۇنيانى ۋەيران قىلغان، ئىنسانىيەتنى بەختسىزلىككە ئۇچراتقان فاشىست. ستالىننى گىتلېرغا ئوخشىتىش ئېغىر خاتالىق، ئەلۋەتتە.

مەن ستالىنغا بۇرۇنقىدەك چوقۇنمىساممۇ، ئۇنى ھېلىمۇ ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى دەپ تونۇيمەن. ستالىن لېنىن ۋاپاتىدىن كېيىن سوۋېت دۆلىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىزمنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. فاشىزمغا قارشى ۋەتەن ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، دۇنيانى فاشىزمدىن قۇتۇلدۇردى. مۇشۇ ئىككى ئىشنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى بولۇش ئۈچۈن يېتەرلىك تۆھپە. ماۋجۇشىنىڭ ستالىنغا بەرگەن باھاسىنى ئادىل باھا دەپ ھېسابلايمەن.

مەن 1992 - يىلى موسكۋانى زىيارەت قىلدىم. موسكۋانى چوڭقۇر سېغىنغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. موسكۋا كېڭىيىپ كېتىپتۇ، نۇرغۇنلىغان يېڭى قۇرۇلۇشلار سېلىنىپتۇ، كوچىلىرى كەڭ ۋە گۈزەل، مېترو (يەر ئاستى پويىزى) پۈتۈن موسكۋا ئاستىنى قاپلاپتۇ، نوپۇسىمۇ بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپىيىپتۇ، 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى موسكۋانىڭ نوپۇسى تۆت مىليون ئىدى. لېكىن، 1938 - يىلىدىكى ئەھۋال يوق ئىدى.

كىشىلەردە ئىستىقبال ئۈچۈن ئىنتىلىش، غەيرەت - جاسارەت سېزىلمەيتتى. خەلقنىڭ روھى تۆۋەن، كىيىم - كېچىكى بۇرۇنقىدەك ياخشى ئەمەس، يېمەك - ئىچمەك قىس ئىدى. بىرى مالىخاي، بىرى مايكا، بىر پايپاق قاتارلىق پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ ساتىدىغان تىجارەتچىلەر كۆپ ئىدى. ھەتتا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى جەريانىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئالغان ئوردېنلىرىنىمۇ ساتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ماگىزىنلاردا مال كام بولۇپ، قىممەتچىلىك، پۇل پاخاللىقى كۈچلۈك ئىدى. ھاراقكەشلەر، تىلەمچىلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بەزى ئائىلىلەردىمۇ بولدۇم، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن زارلىشاتتى.

قىزىل مەيداندا لېنىن ماۋزولېيى يەنە مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆچرەتتە ئادەملەر لېنىننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى.

## موسكۋادىن قايتقاندىن كېيىن

1938 - يىلى يازلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىگە قايتتىم. ئۈرۈمچىدە چوڭ دادام تۇرسۇن بابا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن «خائىن» نامى بىلەن تۆھمەت چاپلىنىپ قولغا ئېلىنىپ، بارلىق مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان، بالا - چاقىسى سۈرگۈن قىلىنغانىدى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن موسكۋاغا قايتىشقا ھەرىكەت قىلدىم، ئامال بولمىدى. تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىنىڭ كان ئىشلار ئىدارىسىدە تېخنىك بولۇپ خىزمەت قىلدىم. بۇ يەردە بىر مەزگىل يولداش ئابلىمىت ھاجىيوپ بىلەن بىللە ئىشلىدۇق. نەنسەندە ئالتۇن ئېنىقلاش بىلەن



شۇغۇللاندۇق. بىز قازغان قۇدۇقلار ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تاشنىڭگۇ جىلغىسىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا داموللا ئىدى. بۇ نازارەتتە ھەر ساھە بويىچە كۆپلىگەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى خىزمەت قىلاتتى. مېنىڭ ۋەزىپەم سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە ئالتۇن رازۋېتكىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدى. بۇ مەقسەتتە، 1940 - يىلى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى خوتەنگىچە تەكشۈرۈپ چىقتۇق. ئالتۇن بارىيەرلەرنى ئېنىقلىدۇق. بۇنداق تەكشۈرۈشلەر ياز، كۈز ئايلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى، قىشتا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى يازغان دوكلاتلارنى نازىر ئابدۇللا داموللامنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن تەرجىمە قىلىپ بېرەتتىم.

1940 - يىلى مالىيە نازارىتىنىڭ قارمىقىدا ئالتۇن كان ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، تەمىرات نازارىتى كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئالتۇن رازۋېتكا قىلىش ۋەزىپىسى ئالتۇن كان ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مەنمۇ ئالتۇن كان ئىدارىسىگە يۆتكەلدىم. رەھبەرلىك مېنى ئالتاي ئالتۇن كان ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئەۋەتمەكچى بولدى. مەن بېرىشقا رازى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن (ئويلانماقچى ئىدىم) لىيۇ مۇئاۋىن نازىر مەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ، مېنى ئالتايغا بېرىشقا دەۋەت قىلدى. مەن بېرىشقا رازى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا قاتتىق دوق قىلدى. بارمىساڭ سېنى قامىتىۋېتىمىز، دېگەن سۆزنىمۇ قىلدى، شۇنداقتىمۇ نارازىلىق بىلدۈردۈم. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نازىر سۆھبەتلەشمەكچى، دەپ مېنى چاقىردى. نازىر جۇ بىڭ ئىدى. جۇ بىڭ قىزغىن ھەم مۇلايىملىق بىلەن مېنى كۈتۈۋالدى. مەن بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشتى، ئۇ مەندىن ئەھۋال سورىدى، مېنىڭ پىكرىمنى ئاڭلىدى، كېيىن ئۆزىنىڭ ئىچكى

ئۆلكىدىن كەلگەنلىكى، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلىقى، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ياشلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى لازىملىقى، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ئىشلىسەم مەن ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغانلىقى، مېنىڭ ئالتايغا بېرىشىم زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە كۆپ تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلدى. مەن جۇ بېگىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەھلىيا بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئاخىرىدا جۇ بېك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالتايغا بارسەن، ئەكەل قولىڭنى دەپ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. جۇ بېگىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ كەتكەن بولسام كېرەك، بۇرۇن بېرىشقا زادى رازى بولماي يۈرگەن ئادەم، دەرھال قولۇمنى بەردىم. دېمەك، بېرىشقا رازى بولۇپ ۋەدە بەردىم.

جۇ بېك دېگەن ئادەمنىڭ ئەسلى ئىسمى ماۋ زېمىن ئىكەنلىكىنى، داھى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدىم. «بولشېۋىكلارنى كەمتەرلىك زىننەتلەيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسىنى مەن ماۋ زېمىندا كۆردۈم. يولداش ماۋ زېمىننىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى، كۆيۈمچانلىقى ۋە ئەستايىدىل تەربىيە بەرگەنلىكى مېنىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئىلگىرى جۇ بېگىنىڭ موسكۋادا داۋالىنىپ قايتقاندىن كېيىن، مالىيە نازارىتى خىزمەتچىلىرىگە قىلغان نۇتقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدىم. جۇ بېك بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، بۇ ئادەمگە بولغان تونۇشۇم يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

مەن ئالتاي ۋىلايىتى بورۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ تويتوغۇش ئالتۇن كانىنىڭ يېڭىساي ئالتۇن كولاش ئورنىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ يەردە ياسىن خۇدابەردى بار ئىكەن، ئۇ ئىشچىلار ئارىسىدا ئاقارتىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، مەن ياسىن خۇدابەردى بىلەن شۇ يەردە تونۇشتۇم ۋە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق.



ئالتاي موڭغۇلچە ئالتان دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئالتۇن دېمەكتۇر. ئالتاينىڭ ئالتۇن زاپىسى مول، سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، يېڭىسايىنىڭ ئالتۇنى بەكمۇ مول ئىكەن. يېڭىسايىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ھۆكۈمەت، تۆۋەن تەرىپىدە شەخسىي ئالتۇن كولىغۇچىلار ئىشلەيدىكەن. ئالتۇن زاپىسىنىڭ موللىقىدىن يېڭىسايىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپى پۈتۈنلەي ئۈستى ئوچۇق كانغا ئايلاندۇرۇلغانىدى. سودا - سېتىق، ئېلىش - بېرىش ئىشلىرىمۇ ئاساسەن دېيەرلىك ئالتۇن بىلەن بولاتتى.

مەن 1942 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇرمۇش قۇردۇم. ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى ئەمەس بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ياشلار، زىيالىيلار تۈرمىگە تاشلانغانىدى. سوۋېتپەرۋەر ئادەملەر ئەمدىلىكتە شېڭ شىسەينىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغانىدى. بۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن تۈرلۈك «ئەكسىيەتچىل» تەشكىلاتلار ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانىدى. ئىلگىرى ئادەملەر ياپون، گېرمان خائىنلىرى، ئىشپىيونلىرى دەپ ئاتالغان بولسا، ئەمدى نۆۋەت سوۋېت تەرەپكە كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەينىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئىلغارلىق قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. سەككىز ماددىلىق خىتابنامە، ئالتە بۈيۈك سىياسەت (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، تىنچلىقنى ياقلاش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىرە قىلىش، ھەممە مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش) نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەسلى قىياپىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەلۇم ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىرى نىقابىنى

يىرتىپ تاشلاپ، ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى.

شىنجاڭ ياشلىرى، زىيالىيلىرى ۋە بارلىق خەلق ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن ئۈمىد كۈتكەنىدى. ئەمدى خەلقنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى. شېڭ شىسەي 100 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەزىز پەرزەنتلىرىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەسىرلەر بويى توپلىغان بايلىقىنى تالان - تاراج قىلدى. ئاخىرى ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. شېڭ شىسەي 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭدىن ئايرىلغاندا، ئۆزى بىلەن بىللە 80 نەچچە ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئېسىل بۇيۇملارنى ئېلىپ چۇڭچىڭغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇغقانلىرى 30 نەچچە ماشىنىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا توپلىغان بايلىقىنى بېسىپ ماڭدى.

مەن خىزمەتتىن سىرت كەچتە ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىدا ئىشلەيتتىم. تا. س. س خەۋەرلىرىنى رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇرچە شىنجاڭ گېزىتىگە تەييارلاپ بېرەتتىم. ئۇ ۋاقىتتا سوۋېت كونسۇلخانىسى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنى تا. س. س خەۋەرلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. مەن يەنە ئۇيغۇرچە شىنجاڭ گېزىتىدىكى مۇھىم ماقالە، خەۋەرلەرنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرەتتىم. كونسۇلخانا خادىملىرىغا ئۇيغۇرچە دەرس بېرەتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تېگىشلىك ھەق بېرەتتى.

ئۈرۈمچىدە سىياسىي ۋەزىيەت جىددىي ئىدى. خۇسۇسەن سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلار خەتەر ئاستىدا ئىدى. ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن مەن 1942 - يىلىنىڭ ئىيۇل ئېيىدا ئائىلەم بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ باردىم.



## ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

شىنجاڭدا 1933 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىشىپ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ئالدى بىلەن 1934 - يىلى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ قازاق، قىرغىز، خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، رۇس، تاتار، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشمىلىرى بارلىققا كەلدى. 1938 - يىلىغا كەلگەندە، ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىندى. ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە مىرمەخمۇت مىرخەممەدوپ، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە رەشىت بابا، ھەيئەت ئەزالىقىغا ئەنۋەرخانبابا، ۋەلىخان، ھاجى ئەكبەر نەزەربايوپ، ئىلھامجان ئىسھاقجان، فەتتاخ شەنجاڭ (باش كاتىپ)، مەنان قېيۇم قاتارلىقلار سايلاندى. رەھبەرلىك بەنزىسى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى كاتىبات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى (بۇنىڭ قارمىقىدا سانائىنەپىسە بار)، خوجىلىق بۆلۈمى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. مەن تەشۋىقات بۆلۈمىگە مەسئۇل بولدۇم. باشقا بۆلۈملەرگىمۇ مەسئۇل خادىملار بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىش باشلىنىپ كەتتى. قۇرۇق قول بىلەن ئىش باشلاشقا توغرا كەلدى. ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەت ئورنى ئۈچۈن مەنسۇرجان باينىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئارىيەتكە ئالدۇق. ئۇيۇشمىنىڭ نىزامنامىسى تۈزۈلدى. ئومۇمىي خىزمەت پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەر بىر بۆلۈملەر ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت پىلانلىرىنى تۈزدى. تۈرلۈك تۈزۈم، قائىدىلەر ئورنىتىلدى. رەھبەرلىك بەنزىسى — ھەيئەت رىياسەت پات - پات

مەجلىس ئېچىپ، خىزمەتلەرنى تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭ ئىجرائسىنى تەكشۈرۈپ تۇردى. ئۈرۈمچىدىكى ئۆزبېكلەر گەرچە ئاز بولسىمۇ، ھەممىسى ئۇيۇشمىنىڭ خىزمىتىنى قىزغىن قوللىدى ۋە خىزمەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خىزمەتلەر يۈرۈشۈپ كەتتى. ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرى بىر - بىرىدىن ئارقىدا قېلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، ئامال تېپىپ خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈرۈشكە تىرىشاتتى. بۇمۇ ئۇيۇشما خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈرۈشتە بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىل بولغانىدى. مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئۆز مىللىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلارغا ئارىلىشاتتى. مۇھىمى، تەشۋىقات - تەرغىبات، مائارىپ، مەدەنىيەت، سانايىنەپىسە خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەزالارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن تەشۋىقات بۆلۈمى قارمىقىدا سانايىنەپىسە تەشكىل قىلدۇق. بۇ جەھەتتە بىزدە قىيىنچىلىق كۆپ ئىدى. چۈنكى، بىزدە فەتتاخجان، ئادىل خوجا، مىرئەخمەت قاتارلىق يىرىك سازاندىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سازاندىلەر بەك ئاز ئىدى. داڭلىق رەققاسە ساناۋەرخاندىن باشقا ئۇسسۇلچىلىرىمىز يوق ئىدى. ناخشىچىلىرىمىزمۇ ئاز ئىدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئېتىبارغا ئېلىپ، بىز مۇزىكا كۇرۇژوكى تەشكىللىدۇق. كۆپلىگەن يىگىتلىرىمىز مۇزىكا كۇرۇژوكىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۆزبېكلەرنىڭ كونا ئادىتى بويىچە ئاياللار سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناشتىن تارتىناتتى. شۇڭا قىزلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇسسۇل كۇرۇژوكى تەشكىللىدۇق. بۇلارمۇ ھەۋەس بىلەن ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇسسۇل ماھارىتىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن مىرئۆمەر، ئابدۇلئەزىم، مىرئىنايەت قاتارلىق ياش مۇزىكانتلىرىمىز، ھەنىپە، سەلىمە، رەئىسە، مۇختەبەردەك ئۇسسۇلچى قىزلىرىمىز يېتىشىپ چىقتى.



بۇلارنى تەربىيىلەشتە پېشقەدەم مۇزىكانتلىرىمىز ۋە ئۇسسۇلچىلىرىمىز كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. يەنە ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن ئالتۇنخان، ئامىنەخان قاتارلىق ئۇستا ئۇسسۇلچىلارنى ۋە تالانتلىق سازاندىلەرنى تەكلىپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن سەھنىدە كونسېرت نومۇرلىرىنى بېرىشكە قادىر بولدۇق. بىزدە دراما ئارتىسلىرى يوق ئىدى، ئەمما دراما ھەۋەسكارلىرى كۆپ ئىدى. ئاممىنىڭ قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ دراما ھەۋەسكارلىرى گۇرۇپپىسىنى قۇردۇق. بىزدىكى بىر قىيىنچىلىق ئەرلەر كۆپ، ئاياللار ئاز ئىدى. دراما ھەۋەسكارلىرى قېتىرقىنىپ سەھنە ئەسەرلىرىنى رېپېتىتسىيە قىلدى. ھەۋەس، قىزغىنلىق يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز كۈچىمىز بىلەن ھەر خىل سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا قادىر بولدۇق. «نەسەپ قۇربانى»، «شاڭخەي كېچىسى»، «شارلاتان» قاتارلىق درامىلارنى سەھنىدە قويۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق. سەھنە ئەسەرلىرىدىن كۆپ قىينالمىدۇق. ئابدۇشۈكۈر يالقۇندەك دراماتورگىمىز بار ئىدى. سانايىنەپىسىگە ئىشتىراك قىلغانلار ئاكتىپ ۋە قىزغىن ئىدى. ھېچكىمگە مائاش بېرىلمەيتتى. پەقەت چۈشكەن دارامەتتىن مەلۇم كىشىلەرگە ياردەم بېرىلىپ، دارامەتنىڭ قالغان كۆپ قىسمى ئۇيۇشمىغا تاپشۇرۇلاتتى.

تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن تام گېزىتى، قارا تاختا گېزىتى، رەسىملىك سان چىقىرىلىپ تۇرۇلاتتى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى خىزمەتلەر خۇلاسىلىنەتتى، خىزمەت كۆرسەتكەنلەر تەقدىرلىنىپ، خىزمەتتىكى كەمچىلىكلەر تەنقىد قىلىناتتى. تام گېزىتنىڭ خىزمەتلىرىمىزنى ئالغا سۈرۈشتە رولى چوڭ بولدى. ئەزالارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۇيۇشمىدا قىرائەتخانە، بىليارتخانا تەشكىل قىلىنغانىدى. قىرائەتخانىدا ھەر خىل

كىتاب، ژۇرنال ۋە گېزىتلەر بار ئىدى. ئەزالىرىمىز بوش ۋاقىتلىرىدا قىرائەتخانىدا بىلىم ئېلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

بىز يەنە مائارىپ ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللاندۇق. ئۇيۇشمىمىز ئۆزى پۇل چىقىرىپ پارتا، ئورۇندۇق، دوسكىلارنى ياسىتىپ، ساۋات چىقىرىش مەكتىپى ئاچتۇق. بۇ مەكتەپ «جاھانگىرلىككە قارشى 28 - ساۋات چىقىرىش مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. بۇ مەكتەپتە ساۋات چىقىرىش، ئۆلكە، مەملىكەت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىن خەۋەردار قىلىش، پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللاندۇق. ئۇ چاغلاردا سابىق سوۋېت ئۆزبېكىستانىدا ئۆزبېكلەر ئەرەب يېزىقىدىن لاتىنچە يېزىققا كۆچكەن ۋاقىت ئىدى. ئۆزبېكىستاندىن لاتىن يېزىقىدا كىتاب، ژۇرناللار كېلىپ تۇراتتى. ئەزالارنى سابىق سوۋېت ئۆزبېكىستانىدىن كېلىدىغان كىتاب، ژۇرناللارنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، لاتىن يېزىقىدا ساۋات چىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندۇق. ئەزالار لاتىن يېزىقىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قىزغىن قاتناشتى. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئىدى.

مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى تەشۋىقات - تەرغىبات خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. تام گېزىتى، قارا تاختا گېزىتى، رەسىملىك سان، تەشۋىقات ۋەرەقلىرى ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ باراتتۇق، يەنە ئويۇن قويۇش ئالدىدا جامائەت توپلانغان ئورۇنلاردا، مەسچىت ۋە كوچىلاردا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلاتتى. تەشۋىقات مەزمۇنى كۆپرەك شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر، ياپونغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇش ئەھۋالى ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىلەر، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش، ساۋات چىقىرىش، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى



سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تەشۋىقاتلاردىن ئىبارەت ئىدى. تەشۋىقات - تەرغىبات جەھەتلەردە ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا چېن تيەنچۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىسىز ئىلغار زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان، سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بېرىۋاتقان، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي نىقابى خەلق ئىچىدە تېخى پاش بولمىغان چاغلار ئىدى.

غۇلجىدا ئىلى ۋىلايەتلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، چۆچەكتە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. مەزكۇر ئۇيۇشمىلارمۇ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى جەھەتتە نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇق قول بىلەن ئىش باشلىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت بىر تىيىنمۇ بەرمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيۇشما ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىدى، ئۇيۇشمىنىڭ كۈندىلىك خىراجەتلىرىنى تەمىن ئەتتى. خادىملار (باش كاتىپ ۋە تازىلىق ئىشچىسى)نى مائاش بىلەن تەمىنلىدى. چوڭ قورۇ - جاي سېتىۋېلىپ، ئىدارە ئورنى قىلدى.

نېمە ئۈچۈن ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلالىدى؟ مۇھىمى، ئۇيۇشمىنى ئۆزبېك جامائەتچىلىكى قىزغىن قوللايتتى. ئۆزبېكلەر ئۆز ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشى ئۈچۈن كۆيۈنەتتى. ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرەتتى.

تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى قىزغىنلىق بىلەن ئىجرا قىلاتتى. ھەممە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ، ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپلىگەن پايدىلىق ئىشلارنى قىلالىغانىدى.

مەن 1938 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا قوشۇمچە خىزمەت قىلدىم.

## غۇلجا شەھىرى ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپىدە

مەن غۇلجىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشۇم لازىم ئىدى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەش ئۈچۈن خەنزۇ تىلى بىلەن يېزىقىنى بىلىش شەرت بولغانلىقتىن، ئىدارىلەردە مىللىي كادىرلار يوق دېيەرلىك ئىدى. مەندىن بۇرۇن بارغان يولداش ئەسئەت ئىسھاقوپ تاتار مەكتىپىدە ئىلمىي مۇدىر، يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوپ «تائالىيە» مەكتىپىدە مۇدىر ئىدى. ماڭا ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپىدە ئىشلەشكە توغرا كەلدى. باشتا ئوقۇتقۇچى بولدۇم، كېيىنچە ئىلمىي مۇدىر، مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدىم. «نەمۇنە» مەكتىپى ئۆزبېك زىيالىيلىرىنىڭ توپلانغان ئورنى بولۇپ، مەكتەپ ھاياتى كۆڭۈللۈك ئىدى. ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتەك شەرەپلىك ۋەزىپە ماڭا تاپشۇرۇلغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەمنۇنلۇق ۋە خۇرسەنلىك ھېس قىلدىم. ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ھەقىقەتەن شەرەپلىك ۋەزىپە. پرولېتارىيات داھىلىرى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭلار ئۇلۇغ ئۇستازلار،



ئۇلار ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ كاپالىتى، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ھەر خىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلمەكتە. ئۆزبېك جامائەتچىلىكىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدى.

ئۆزبېكلەر ئىلى رايونىغا 1706 — 1708 ـ يىللىرى ۋە 1740 ـ يىللاردىن باشلاپ ماكانلاشقان.① ئۇلار ئۆزبېكىستاندىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، سودىگەرچىلىك، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. غۇلجا ئۆزبېك مەھەللىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىگىمۇ ئىككى ئەسىردىن ئۇشۇق ۋاقىت ئۆتكەن. ئۆزبېكلەرنىڭ غۇلجىدا ئولتۇراقلاشقان مەھەللىرى: ھازىرقى ئۆزبېك مەسچىتى ۋە مەكتەپ ئەتراپى، «تۆت كۆۋرۈك» دائىرىسى، «تۆرەم مەھەللە» دائىرىسى، تاجباي مەھەللىسى، تۆرە خوجاھاجى كوچىسى، قازانچى مەھەللىسى، كۆكچىلىك، چېلەك مەھەللىرى، تۇڭگان مەسچىتى دائىرىلىرى قاتارلىق جايلار.

1879 ـ يىلى مەرىپەتپەرۋەر خامۇش خەلپەنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆزبېك مەھەللىسىدە ئاددى مەسچىت ۋە 40 — 50 نەپەر ئوقۇغۇچى سىغىدىغان بىر ئېغىز ئۆيلۈك دىنىي مەكتەپ بىنا قىلىنغان.

1896 ـ يىلى ئۆزبېك جامائەتچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي

---

① بۇ مەلۇماتلار ئىسىنجان يۈسۈپ، مىرمىجىت مىرخەمىتوپنىڭ ئۆزبېك مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىگە بەرگەن دوكلاتىدىن ئېلىندى.

ياردىمى بىلەن بىر مەسچىت بىنا قىلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئالتە ئېغىزلىق پېشايۋانلىق ئۆي سېلىنىپ، بۇنىڭ ئىككى ئېغىزى دەرسخانا قىلىنغان.

1909 — 1911 - يىللىرى غەيىندىن باي پەخرىدىنوپ ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ئەسلىدىكى ئاددى مەسچىت ئورنىغا ھازىرقى كاتتا مەسچىت بىناسىنى ۋە 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مەسچىت مۇنارىسىنى ياساتقان («مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋاقتىدا مەسچىت تاقاپ قويۇلۇپ، مۇنارىسى بۇزۇپ تاشلانغان، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن، ئۆزبېك جامائەتچىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەسچىت قايتا ئېچىلغان). مەسچىت بىنا قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا يەنە سەككىز ئېغىزلىق مەكتەپ بىناسى سېلىنغان. بۇ مەكتەپكە ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن «نەمۇنە» مەكتىپى دەپ نام بېرىلگەن. «نەمۇنە» مەكتىپى شىنجاڭ ئۆزبېكلىرىنىڭ تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن، ئۆزبېك تىلىدا، يېڭى ئۇسۇل بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىغان ئۆزبېك مەكتىپى ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، سىنىپ سانى 15 كە، ئوقۇغۇچىلىرى 400 گە، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 25كە يەتكەنىدى. بۇ مەكتەپكە ئاساسەن ئۆزبېك بالىلىرى قوبۇل قىلىنىش بىلەن بىللە، بۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى خالىغان باشقا مىللەت بالىلىرىمۇ قوبۇل قىلىناتتى. شىنجاڭدىكى بۇرۇنقى ئادەت بويىچە ئالدى بىلەن مەسچىت بىنا قىلىنىپ، يېنىغا مەكتەپ سىنىپلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى ۋە باشقا شەھەرلەردىمۇ شۇنداق ئىدى. 1938 -، 1939 - يىللىرى چۆچەك ئۆزبېكلىرى ئۆزبېك مەكتىپى سالدى. بۇ مەكتەپ كېيىنكى يىللاردا بىنا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئايرىم، مەسچىتتىن خالى ئورۇنغا سېلىندى.

ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى خىل



بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى ئىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى مەكتەپلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى.

1950 - يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپى ئۈچۈن ئىككى قەۋەتلىك، 20 سىنىپلىق مەكتەپ سېلىپ بەرگەنىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەزكۇر مەكتەپ بىناسى خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن 1984 - يىلى ھۆكۈمەت تۆت قەۋەتلىك يېڭى مەكتەپ بىناسى سېلىپ بەردى.

1939 -، 1940 - يىللىرى ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپىنىڭ يېنىغا زامانىۋى كۇلۇب بىنا قىلىپ، بۇنىڭغا «ئۆزبېك كۇلۇبى» دەپ نام بەرگەنىدى. ئۆزبېك كۇلۇبى ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپى ئۈچۈن كۆپ ئوڭايلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەنىدى. بەختكە قارشى بۇ كۇلۇب 1950 - يىلى ئوت ئاپىتى سەۋەبى بىلەن كۆيۈپ كەتتى.

ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپى ئەسلىدە دىنىي مەكتەپ ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ، پەننىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن، بۇرۇن خەلق تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان مەكتەپ ئىدى. 1933 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتتى. بۇ مەكتەپ بۇرۇن تۆت يىللىق، كېيىن ئالتە يىللىق سىستېمىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، يەتتە يىللىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ (باشلانغۇچ تۆت يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىللىق) بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن 5 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا بىرقانچە ئەۋلاد ئۆزبېك ياشلىرىنى تەربىيىلىدى. خەمىت ۋەكىلى، خەمىت سەئىدى، نەسرۇللا قارى فەرھاتى، سابىر

ئەپەندى، نەبى ئەپەندى، نېغمەت ئەپەندى، فاتىخ ئەپەندى، سۈنئەتۇللا ئەپەندى، باشىر ئەپەندى، مەسخۇد ئەپەندى، ئىمىنجان ئەپەندى، ئەبەيدۇللا ئەپەندى، ئىقبال، جەمىلە قاتارلىق ئۆزبېك زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قانلىرىنى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە سەرپ قىلدى. كۆزگە كۆرۈنگەن تاتار ئوقۇتقۇچىلىرىدىن فەرىخە، پاتىمە، رەمزىيە قاتارلىقلارمۇ «نەمۇنە» مەكتىپىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ ھەسسىلىرىنى قوشتى.

ئۆزبېك جامائەتچىلىكى «نەمۇنە» مەكتىپىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. مەكتەپ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىپ تۇراتتى. مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت بىرلىكتە مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى تۈپەيلىدىن، مەكتەپنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرى ياخشى يولغا قويۇلغانىدى. مەكتەپ ئاتا - ئانىلاردىن رازى ئىدى. ئاتا - ئانا ۋە ئۆزبېك جامائەتچىلىكىمۇ مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن مىننەتدار ئىدى. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ئىنتىزامچان بولۇپ تەربىيىلەنگەنلىكى ئۈچۈن خۇرسەن ئىدى. مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قەدەر ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپىدە خىزمەت قىلدىم.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدا پارتىزانلار قوراللىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ يالقۇنى ئۈچ ۋىلايەت



دائىرىسىدە تېز سۈرئەت ۋە شىددەت بىلەن كېڭەيدى.

1944 - يىلى 12 - نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى 16 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئۇلار: ئەلىخان تۆرە، ھاكىمبەگ خوجا، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى، رەھىمجان سابىر ھاجى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، ئابدۇكېرەم ئابباسوپ، ھەبىب يۈنىچى، ئەنۋەر مۇسابايوپ، پاۋىل پاۋلوۋىچ ماسكالىيوۋ، ئوبۇلخەيرى تۆرە، پۇچە، جانى يولداشوپ، سالىجان باي باباجان، ئابدۇلمۇتائالى خەلپەت، پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندىروۋ، غەنىلاردىن ئىبارەت ئىدى. ھۆكۈمەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە، مۇئاۋىن رەئىسى ھاكىمبەگ خوجا بولدى ۋە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى بەلگىلەندى. دۆلەت بايرىقى بېكىتىلدى. توققۇز ماددىلىق ھۆكۈمەت خىتابنامىسى ئېلان قىلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» نەشر قىلىندى. مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ھەر ساھە خىزمەتلىرى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت خەلقى مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن غەلىبە قازاندى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمدارلارنىڭ رەھىمسىز ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ئارقىسىدا، خەلق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن چەكسىز ئېزىلگەن. ھوقۇق، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ھاياتلىق يولى قاتارلىق ئىنسانىي ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان، جېنىدىن جاق تويغانىدى. خەلق قۇللارچە ياشاشنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مىلتىق، تاياق - توقماق، ھەرە، گۈرجەك كۆتۈرۈپ، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئەكسىيەتچىل

گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقتى. خەلق كۈچى مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈستىدىن غالىپ كەلدى.

سابىق سوۋېت ھۆكۈمىتى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە ياردەم قىلدى. ھەربىي قورال - ياراق ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا رولى زور بولدى. لېكىن بۇ تاشقى دۆلەتنىڭ ياردىمى بولۇپ، يەنە ئاساسلىقى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچى ئىدى. چۈنكى دۈشمەنگە قارشى جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەن ھېسابىغا قوراللىنىپ، كۆكرەك كېرىپ جەڭ قىلغۇچىلار ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئوغلانلىرى ئىدى. ئارقا سەپتە تەشكىلىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ئالدىنقى سەپ غەلىبىسىنىڭ قولغا كېلىشىگە يېقىندىن ياردەم بەرگۈچىلەرمۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئىدى. ھەرقانداق تاشقى ياردەم بولغىنى بىلەن ئىچكى ئامىل رول ئوينىمىسا، غەلىبىنىڭ قولغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سابىق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىشىدىكى سەۋەب، ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھىمى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىدى. مىلىتارىست شېڭ شىسەي سوۋېت تەرەپتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى قولدىن كەتكەنىدى. سوۋېت تەرەپ يۈز بەرگەن بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى تەسىر دائىرىسىنى قايتا تىكلىمەكچى بولدى.

جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى غەلىبىسى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئوبدان شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭمۇ ئۈچ



ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا ياردىمى زور بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنلىرى پەقەت ئۈچ ۋىلايەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بەلكى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدىمۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر كەڭ ئەۋج ئالدى. لېكىن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغانلىقى ۋە ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ تۇرالىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىستىخىيىلىك مەيدانغا كەلگەن ئىنقىلاب بولماستىن، مەقسەتلىك، تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا مەيدانغا كەلگەن ئىنقىلاب ئىدى. ئۆلكىمىزنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەڭ ئىلغار، كۆلىمى ئەڭ زور ئىنقىلاب ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خاراكتېرى جەھەتتىن مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب بولۇپ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە ئۇنىڭ جۇڭگودىكى مەركەزلەشكەن ۋەكىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارىتىلغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرەشنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ باردى. ئەمما فېئودالىزمغا قارشى كۆرەشنى يۈرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. بۇنداق قىلىشقا شۇ زامان ۋە ماكاننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇرەككەپ ۋەزىيىتى يول قويمىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تىغ ئۇچىنى خەنزۇلارغا قاراتتى، دېگەن خاتا قاراشلارمۇ بولدى. بۇنداق قاراشنىڭ يۈز بېرىشىدە مەلۇم سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەممىسى دېيەرلىك خەنزۇلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغانلىق،

خەنزۇلارغا قارشى تۇرغانلىقتەك ساختا كۆرۈنۈش شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ سىرتىدا ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا خەنزۇ پۇقرالىرىنىڭ ئورۇنسىز ئازار يېگەن ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلدى. ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش، تالان - تاراج قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ناھەق ئىشلار يۈز بەردى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمىدى. بۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما، ئىنقىلابنىڭ تىغ ئۇچى خەنزۇلارغا ئەمەس، ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىلغانلىقى ئەمەلىيەت. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تىغ ئۇچىنى خەنزۇلارغا قاراتتى، دېگەن ئەھۋاللار مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى بۇزۇش ئۈچۈن قىلىنغان سۇيىقەست بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قىلىنغان بۆھتاندىن ئىبارەت.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىدى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا مىللىي مەسىلە ۋە باشقا جەھەتلەردە بەزى ئېغىر خاتالىقلار كۆرۈلدى. لېكىن بۇ خاتالىقلار ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي رەھبەرلەر تەرىپىدىن تۈزىتىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، ماۋجۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇكسەك باھا بەردى. ماۋجۇشى: «سىلەرنىڭ شىنجاڭ ئازاد رايونىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى، سىلەر گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تىزگىنلەپ، چوڭ غەربىي شىمالنى ۋە پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىشقا تۆھپە قوشتىڭلار»، دېگەنىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بەش يىل داۋام قىلدى. بۇ ناھايىتى قىسقا تارىخىي جەريان ئىدى. ئەمما بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھەر مىللەت



خەلقى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ تۇرالىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوراللىق ئىغۋالىرىغا، ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى. پانتۈركىست، پانئىسلامىستلارنىڭ خاتالىقلىرى پاش قىلىندى ۋە مۇۋاپىق تەدبىرلەر قوللىنىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى چىڭ تۇتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنى كۈچەيتتى. نامۇۋاپىق سېلىقلارنى ئېلىپ تاشلىدى. سودا - سېتىق، سانائەت، پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تەدبىر قوللاندى. مەدەنىيەت - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە، مەتبۇئات - نەشرىيات، پوچتا - تېلېگراف، نەقلىيەت قاتارلىق ھەر ساھە ئىشلىرىنى چىڭ تۇتتى. بۇ جەھەتلەردە ئۈنۈم تېز كۆرۈلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا مەن باشتىن - ئاخىر مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم. گومىنداڭ تەرەپ بىلەن تۈزۈلگەن «11 ماددىلىق بىتىم»گە قەدەر بولغان جەريانىدا (1946 - يىل ئىيۇلغىچە)، نازىر سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ رەھبەرلىكىدە مائارىپ نازارىتىنىڭ مەكتەپلەر بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى، مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلىرىدا ئوقۇتقۇچى، مۇدىر بولۇپ خىزمەت قىلدىم. خىزمەتلەر بەك ئالدىراش ئىدى. چۈنكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان چىرىك مائارىپىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يېڭىدىن مائارىپ خىزمەتلىرىنى تەشكىللەش لازىم ۋە زۆرۈر ئىدى. مائارىپ فاڭجېنى، ئوقۇتۇش سىستېمىسى،

ئوقۇتۇش پروگراممىسى، دەرسلىك، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەر؛ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، مەكتەپ جاھاز ـ مۈلۈكلىرى، مەكتەپ بىنالىرىنى رېمونت قىلىش، يېڭى ئوقۇتۇش يىلىنى كۈتۈۋېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بېجىرىش لازىم ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى مائارىپ ئىشلىرىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرەتتى. ياش ئەۋلادلار بىلىم ئېلىشقا تەشنا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقىغىنە جەرياندا مائارىپ ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى ۋە ئۇنۇملۇك مېۋىلەرنى بەردى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاچقان 25 ـ سانلىق يىغىنىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جەڭ مەيدانلىرىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋە ئارقا سەپتىكى ھەر ساھەدە خىزمەت كۆرسەتكەن ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاممىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئازادلىق ئوردېنى (ئالتۇن)، ئازادلىق ئوردېنى (كۈمۈش)، ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش (1 ـ دەرىجىلىك ئالتۇن)، ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش (2 ـ دەرىجىلىك كۈمۈش)، باتۇرلۇق مېدالى (كۈمۈش)، پىدائىي مېدالى (كۈمۈش)، ساداقەت مېدالى (كۈمۈش) تەسىس قىلىندى. كېيىن يەنە جۇمھۇرىيەت ئوردېنى (ئالتۇن) تەسىس قىلىندى.

مەن مائارىپ ساھەسىدە قىلغان خىزمەتلىرىم ئۈچۈن ساداقەت مېدالى، ئىستىقلالىيەت ئوردېنى (2 ـ دەرىجىلىك كۈمۈش)، ئازادلىق ئوردېنى (ئالتۇن) بىلەن مۇكاپاتلاندىم.



## ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

ياشلارنى تەشكىللەش، تەربىيىلەش، ئۇلارنى جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشكە سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن ئاممىۋى ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇش تەييارلىقى تاماملانغاندىن كېيىن، 1945 ـ يىلى 15 ـ نويابىردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇش مۇراسىمى غۇلجا شەھەر رۇس كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، ئۇنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى جاكارلاندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ رەئىسلىككە، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ مۇئاۋىن رەئىسلىككە، سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوپ، ئابدۇللا زاكىروپ، ئەنۋەرخانبابا، بۇقارا تىشقانبايلار دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ناھايىتى تېزلىك بىلەن راۋاجلاندى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردا ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئۇنىڭ تەشكىللىرى قۇرۇلۇپ، ياشلار ئاكتىپلىق بىلەن ئەزا بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ياشلىرى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشنى ئۆزلىرىگە شەرەپ دەپ بىلەتتى. دەرۋەقە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ياشلارنى تەشكىللەش، تەربىيىلەش ۋە ھەر خىل ئىشلارغا سەپەرۋەر قىلىش جەھەتتە كۆپ پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز بۇ تەشكىلاتنى قىزغىن قوللىدى. ياشلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە مەركىزىي كومىتېت غۇلجىدا «كۈرەش» ژۇرنىلى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى «ئىنقىلابىي ياشلار» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت

دەرىجىلىك، 27 ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلى قۇرۇلدى. ئەزالار سانى 14 مىڭغا يەتتى.

گومىنداڭ تەرەپ بىلەن «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» تۈزۈلگەندىن كېيىن، مەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلدىم. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلىنى قۇرۇش توغرۇلۇق قارار ماقۇللاپ، بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرغانىدى. مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ياشلار تەشكىلىنى قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ باردىم. ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتە سوۋېت كونسۇلخانىسى خەۋەر تېپىپ ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا قوشۇلمىدى. ئۇلار قوشۇلمىغان ئىشنى قىلىشقا بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاچقان 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنى يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە كېڭەيتىشنى قارار قىلىپ، بۇ ھەقتە بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلغانىدى، بۇنىڭغا گومىنداڭ تەرەپ قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىلا پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1948 ـ يىلى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئىتتىپاققا قوشۇلۇپ كەتتى. ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى قارمىقىدا ياشلار بۆلۈمى قۇرۇلدى.

## خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى



ئىدى. ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش لازىم ئىدى. پارتىيە قۇرغاندا چوقۇم كوممۇنىستىك پارتىيە بولۇشى شەرت ئىدى. بىز ئارزۇ قىلغان سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇش ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارتى بولغان كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىز پارتىيە قۇرۇشنى قارار قىلدۇق.

1946 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارتىيە قۇرۇلدى. پارتىيە قۇرغۇچىلار: ئابدۇكېرىم ئابباسوپ (لۇتفى)، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ (ئېلدان)، سەيپىدىن ئەزىزى (نۇر)، ئەسئەت ئىسھاقوپ (ئىجاد)، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوپ (نىجاد)، ئەنۋەر خانبابا (چولپان)، ئابدۇللا زاكىروپ (ئىلغار) لار ئىدى. تەخەللۇسلىرىنىڭ باش ھەرپىنى قوشقاندا «لېنىنچى» دېگەن سۆز ھاسىل بولاتتى. پارتىيىنىڭ نامىنى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيە»، قىسقارتىپ «خ. ئى. پ» دەپ ئاتىدۇق. سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى، نىزامنامىسىدىن ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ پارتىيىمىزنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدا ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتۇق. بىزدە پارتىيە قۇرۇش توغرۇلۇق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي تەجرىبىمىز يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، خاتالىقلاردىن خالىي بولۇش تەس ئىدى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى يەر ئاستى تەشكىلات ئىدى. شۇ زامان، شۇ ماكاندا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى ئوچۇق ئېلان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇنىڭغا شۇ ۋاقىتتىكى شارائىت يار بەرمەيتتى، رەھبەرلىك يول قويمايتتى. سوۋېت

تەرەپمۇ قوشۇلمايتتى. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى تەسىس قىلىشتىن بۇرۇن تەشكىل قىلىنغان «پەلسەپە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى»، «ماركسىزم - لېنىنىزم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» مۇ رەرھبەرلىككە مەلۇم بولغاندىن كېيىن، توختىتىپ قويۇلغانىدى. شۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نى سوۋېت تەرەپتىنمۇ مەخپىي تۇتتۇق. سوۋېت تەرەپكە مەلۇم قىلماسلىقنى بىر ئىنتىزام قىلىپ بېكىتتۇق. بىز سوۋېت تەرەپتىن مەخپىي تۇتۇشنى قارار قىلغان بولساقمۇ، بۇنىڭدىن سوۋېت تەرەپنىڭ قورغاس چېگرىسىدىكى رازۋېت ئورنى خەۋەر تېپىپ، موسكۋاغا مەلۇم قىپتۇ. بۇنىڭدىن موسكۋا خەۋەر تېپىپ، غۇلجا كونسۇلخانىسىدىن سۈرۈشتە قىلغاندا، غۇلجا كونسۇلخانىسىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيە تەشكىلى يوق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە پارتىيە مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن موسكۋا غۇلجا كونسۇلخانىسىنى تەنقىد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە نىسبەتەن پوزىتسىيىسى ياخشى بولمىدى. ئايرىم ئەزالىرىمىزغا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە نىسبەتەن نامۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. لېكىن موسكۋا پارتىيىمىزگە نىسبەتەن سۈكۈت قىلغانلىقى ئۈچۈن، غۇلجا كونسۇلخانىسى بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ئارىسىدا خىزمەت تەقسىم قىلىندى. مەن مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدۇم. چۈنكى مەن شۇ ۋاقىتلاردا مائارىپ ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، مائارىپ ساھەسىدە ئىش ئېلىپ بېرىش قولايلىق ئىدى. خىزمەتلەر باشلىنىپ كەتتى، ئەزالار قوبۇل قىلىندى،



تەشكىللەر قۇرۇلدى. بىز تەشۋىقات - تەرغىبات ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئارقىلىق ئېلىپ باردۇق. كۆپچىلىكىمىز ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئارقىلىق خىزمەت ئېلىپ بېرىش قولايلىق ئىدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋە ھەربىيلەر ئىچىدە پارتىيىنىڭ تەشكىللىرى قۇرۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» تۈزۈلۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ئۈرۈمچىگە كۆچتى. بىتىم جەريانىدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جىددىي سىياسىي كۆرەش بولدى. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى سىياسىي كۆرەشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتتى. ئۈرۈمچىدىكى ۋاقىتتا مەن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدىم.

## بىرلەشمە ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىدە

«11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»گە ئاساسەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، جاڭ جىجوڭ رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەر مۇئاۋىن رەئىس بولدى. سەيپىدىن ئەزىزى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ دەرسلىك تەييارلاش بۆلۈمىدە ئابدۇراخمان مۆھىتى، ئەلى ئىبراھىموپ، رەجەپ توختىلار، باشلانغۇچ مەكتەپلەر بۆلۈمىدە ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئابلىز شەرىپلەر، ئوتتۇرا مەكتەپلەر بۆلۈمىدە ئابلىمىت مەخسۇتوپ، كاتىبات بۆلۈمىدە ئەخمەت نەجەبى خىزمەت قىلدى. مەن مىشۇ جۇرىن (مۇدىر كاتىپ) بولۇپ ئىشلىدىم.

يەتتە ۋىلايەت مائارىپىنى ئۆزگەرتىشتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش، ئوقۇتۇش پروگراممىلارنى تۈزۈش، دەرسلىكلەر تەييارلاش، ھەر خىل تۈزۈملەرنى ئورنىتىش، تەشكىللەرنى تەرتىپكە سېلىش، خادىملارنى بەلگىلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش زۆرۈر ئىدى. ھەر بىر مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشتا، پىكىردە ئوخشاش بولماسلىق، تالاش - تارتىش بولۇپ تۇراتتى. لېكىن قانچە تالاش - تارتىشلارغا قارىماي بىز پىكرىمىزدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇراتتۇق. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەرگە سايلام خىزمىتى بىلەن كەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ كۈندۈزدىكى ۋاقتىم ئاساسەن نازارەتكە ئەرز - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىش، ئەرز ئېيتىپ كەلگۈچىلەرگە تېگىشلىك جاۋاب ۋە مەسلىھەت بېرىش، ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولغان ئىشلارنى ھەل قىلىپ بېرىش بىلەن ئۆتەتتى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيتتى. كۆرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئالاقە، ھۆججەتلەرنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ يېرىم كېچىگىچە كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى.

ۋەزىيەت جىددى، كۈرەش كەسكىن ئىدى.

## خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ 1946 - يىلى 11 - ئايدا ئېچىلغان دۆلەت قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى يولداش دوڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا



قويدى ھەمدە دوڭ بىۋۇنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئالدى. يولداش دوڭ بىۋۇ نۇرغۇن قىممەتلىك يوليورۇقلارنى بەردى. شۇنىڭ ئىچىدە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن پارتىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، پارتىيىمىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم يوليورۇق ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا كوممۇنىستىك خاراكتېرگە ئىگە پارتىيىلەردىن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بار ئىدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ يولداش دوڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، 1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى بىلەن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى مەسئۇللىرىنىڭ بىرلەشمە مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مەجلىسكە رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى تەرەپتىن ئابدۇكېرەم ئابباسوپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوپ، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوپ، ئەنۋەرخانبابالار، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىدىن لى تەيىيۇ، چېن شىخۇا، لو جىژلار قاتناشتى. مەجلىستە ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ نەنجىڭ سەپىرى توغرۇلۇق دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى بىرلەشتۈرۈش توغرۇلۇق قىزغىن مۇزاكىرىدىن كېيىن، ئىككى پارتىيىنى بىرلەشتۈرۈش توغرۇلۇق قارار قوبۇل قىلىندى. پارتىيىنىڭ نامى خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە دەپ ئۆزگەرتىلدى. قىسقارتىلغاندا «خى. ئى. پ» دەپ ئاتالدى. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پروگراما، نىزامنامىلىرى بېكىتىلدى. بۇ قېتىمقى پروگراما ۋە نىزامنامە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پروگراما ۋە نىزامنامىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ

ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ تۈزۈلگەنىدى.

خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى — مەركىزىي كومىتېت تەشكىل قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ رەئىسلىككە، لى تەيىۋ، ئەسئەت ئىسھاقوپلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوپ، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوپ، ئابدۇللا زاكىروپ، ئەنۋەرخانبابا، چىن شىخۇا، لو جىژ، يۇ جەنلىن، يۇ چاڭجىلار مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى. بىرلەشكەندىن كېيىن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە (خى. ئى. پ) سىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىككى پارتىيە بىرلەشكەندىن كېيىن، خىزمەتلەر ئۈستىدە قارار قوبۇل قىلىندى. قارارلارنىڭ بىرى، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىنى يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىگە كېڭەيتىش ئىدى.

1947 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا، جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجىيوپ، مەسئۇت سەبىرى، ئەيسا ئالىپتېكىن، جالالىدىن (ۋاڭ زىڭشەن)، چۇ ۋۇ، لىيۇ زىرۇڭلاردىن تەركىب تاپقان جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە باردى. بۇ ئۆمەك 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يولغا چىقىپ شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ئۆمەك بىلەن مەنمۇ بىللە باردىم. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى ماڭا قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە پارتىيە تەشكىلىنى قۇرۇشنى تاپشۇردى. ۋەزىيەت جىددى، سىياسىي كۈرەش كەسكىن ئىدى. ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش ھۆكۈم



سۈرەتتى. خەلق ئىنقىلاب تەرەپتە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە ئىدى. گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرىنى بېسىش، ئۇلارغا زەربە بېرىش، قاماققا ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، قولغا ئېلىنغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئاقسۇدا توختامىش، يەكەندە جۇ فاڭگاڭ، خوتەندە خۇ دۇڭباڭ (نۇربېك) لار ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، بۇ ئىشلارغا قوماندانلىق قىلاتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلەر ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە ئەھۋال ئالاھىدە ئىدى. خەلق ئەركىن، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغانىدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم خەلق ئارىسىدا چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ئىنقىلاب ئىرادىسى كۈچلۈك، قورقماس، يۈرەكلىك ئادەم ئىدى. ئۇ قەتئىي ئىنقىلاب تەرەپتە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە ئىدى. ئۇنىڭ ئورۇنباسارى قاسىمجان قەمبىرى ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئابلىز مۇھەممىدى، ئالىم ئاخۇن، نىزامىدىن، بارات ئاخۇن، ئۆمەر سەلەي، ئابدۇرېھىم پىتەك، ئابدۇلھەق، سۇزۇك ھاجى، سىدىق مۇسايوپ، ئابدۇرېھىم لىتىپ، مۇھەممەت ئەيسا قاتارلىق كۆپلىگەن ئىنقىلابىي كۈچلەر بار ئىدى. جاڭ جىجۇڭ قەشقەردە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ۋەزىيەت ئۈستىدە، گومىنداڭ ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلىرىنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدە پولاتتەك پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە قەشقەر خەلقى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، جاڭ جىجۇڭغا ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى تونۇتۇپ يولغا سالغانىدى.

مەن قەشقەرگە كېلىپ، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،

خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسىنى تەسىس قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم. نامزاتلار ئۈستىدە ئەھۋال بىر قەدەر ئېنىق ئىدى. چۈنكى، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەر ۋىلايىتىدە سايلام خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان ۋاقىتتا، كادىرلار ئۈستىدە ئىگىلىگەن ئەھۋالنى ۋە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئويلىنىشتىن كېيىن، ئابلىز مۇھەممىدى (رەئىس)، قاسىمجان قەمبىرى، ئالىم ئاخۇن، بارات ئاخۇن، نىزامىدىن، ئۆمەر سەلەي قاتارلىق يولداشلاردىن خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسى تەشكىل قىلىندى. بۇلارغا مەركىزىي كومىتېت تاپشۇرۇقلىرى يەتكۈزۈلدى. پارتىيىنىڭ پروگراما، نىزامنامىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھوشيارلىقنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، خۇسۇسەن ئەزا قوبۇل قىلغاندا قاتتىق دىققەت قىلىش تەكىتلەندى. پارتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لازىملىق مەبلەغ بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

بىز ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن ئاقسۇغا، ئاندىن قەشقەرگە كەلدۇق. قەشقەردىن ماشىنا (يۈك ماشىنىسى) بىلەن يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە باردۇق. يەكەن ۋىلايىتىمۇ گومىنداڭ تەرەپ تېرورلۇق يۈرگۈزۈۋاتقان ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن يەكەننىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن ئەنۋەر ئىسىملىك بىر خادىمنى جو فاڭگاڭ (يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى) ئىز - دېرەكسىز يوقاتقانىدى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇسالام سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنى قارشى ئېلىپ نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن خىيانەت قىلدى، دەپ تۆھمەت چاپلاپ



قولغا ئېلىپ، 12 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلغانىدى. مۇنداق ئەھۋاللار كۆپ بولۇپ، ئىنقىلابىي ئاممىنى زورلۇق يول بىلەن بېسىپ تۇراتتى.

خوتەن ۋىلايىتىمۇ گومىنداڭ ھەربىي كۈچلىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى قۇتراپ تۇرغان ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ناھەق ئىشلار كۈندە دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇراتتى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدە 1946 - يىلى 12 - ئايدا سايلام ئېلىپ بېرىلغاندا، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر مەجلىس مەيدانىغا ئوق ئېتىپ تۆت ئادەمنى ئۆلتۈرگەنىدى. سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى «تەشكىلات» قۇردى، دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنغانىدى. بىزنىڭ خوتەندىكى ۋاقتىمىزدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ياللۇۋېلىنغان لۈكچەكلەر «قىزىل پاچاقلار»نى يوقىتىمىز، دەپ كوچىلاردا يۈگۈرۈشۈپ يۈردى. «قىزىل پاچاق» دېگىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى ئىدى.

مەركىزىي كومىتېت ماڭا خوتەندە ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىل قىلىشنى تاپشۇرغانىدى. مەن خوتەنگە بارغاندىن كېيىن بىز چۈشكەن جاي خوتەن ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىگە ئابلىز قارى (ئازادلىقتىن كېيىن سودا نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولغان)نى چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ئادەملەر ئۈستىدە ئويلىنىشنى تاپشۇردۇم ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي سۆزلىشىش ئۈچۈن ئابلىز قارىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدۇم. ئەتىسى ئۆيىگە بارسام ئابلىز قارىنىڭ ھوشسىز ھالدا كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەسلىدە ئابلىز قارى مەن بىلەن سۆزلىشىپ قايتقان كۈنى چوماقچىلار ئۇنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇ، مەن بىلەن سۆزلەشكىنىنى كۆرگەن پايلاقچىلارنىڭ تەشكىللەپ

ئورۇنلاشتۇرغان ئىشى ئىكەن. مەقسەت ئۈچ ۋىلايەت كىشىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمەسلىك، كۆرۈشسەڭ هالىڭ ئابلىز قارىدەك بولىدۇ، دەپ هەيۋە قىلماقچى. لېكىن گومىنداڭ تەرەپنىڭ زورلۇق هەرىكەتلىرىگە قارىماي، ئىنقىلابىي ئامما ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشكىلى ۋە ئەهۋاللارنى ئېيتىش ئۈچۈن ئۈزۈلمەي ئايرىم ۋە توپلىشىپ كېلىپ تۇردى. ئاممىنىڭ ئىنكاسىدىن قارىغاندا، ئەهۋال هەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. مەسىلىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»نى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشتىن ئىبارەت ئىدى.

بىزنىڭ خوتەندە تۇرۇش ۋاقتىمىز قىسقا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابلىز قارىنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن خېلى ۋاقىت كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچلىك يولداش هوشۇر بىلەن خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنى قۇرۇش ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەشتىم. ئابلىز قارى ساقايغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن مەسلىهەتلىشىپ، ئېهتىياتچانلىق بىلەن نامزاتلار ئۈستىدە ئويلىشىپ، ۋىلايەتلىك كومىتېت قۇرۇشنى تاپشۇردۇم. خۇسۇسەن تەشكىلنى كېڭەيتىش مەسىلىسىدە ئەتراپلىق ئويلىشىپ، ئېهتىياتچانلىق بىلەن ئەزا قوبۇل قىلىشنى تاپىلىدىم. تېگىشلىك ماتېرىياللارنى ۋە خىراجەت ئۈچۈن مەبلەغ بەردىم.

بۇ كۈنلەردە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر ئىدى. بىر تەرەپتىن بەگ، پومېشچىكلارنىڭ ئېزىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تاران - تاراجى ئارقىسىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ يىلىكى قۇرۇپ، دەرمانى قالمىغانىدى. ناهەق ئىشلار كۆپ ئىدى. خەلقنىڭ ئەرز -



شىكايەتلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغۇچى ۋە هەل قىلغۇچىلار يوق ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆرۈش هەم ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئەرزلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. بىز ئەرزلەرنى تاغارلاپ ئېلىپ قايتتۇق. ئەرز ئەهۋاللىرىنى يۇقىرىغا يەتكۈزەلمەي، بويىنىغا بورا كىيىۋېلىپ كوچىدا يۈرگەنلەرنى كۆردۈم. ئىلگىرى ئەرز - شىكايەتلىرىنى يۇقىرىغا يەتكۈزەلمىگەنلەر بويىنىغا بورا كىيىپ كوچىغا چىقىدىكەن، بۇ، سەۋر - تاقەتنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىكەن.

تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنىڭ ئۈستىگە سىياسىي كۈرەش قوشۇلغانىدى. گومىنداڭ تەرەپ تۈرلۈك چارە - تەدبىر، هىيلە - مىكىر قوللىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرىغا زەربە بېرەتتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن، قامالغان ۋە باشقا تۈرلۈك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار نۇرغۇن ئىدى.

## ئۆلكىلىك مەسلىهەت كېڭىشى ۋە سىياسىي كۈرەش

«11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» بويىچە يەرلىك سايلاملار ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىدە مەسلىهەت كېڭىشى ئېچىلماقچى ئىدى. شۇنىڭغا بىنائەن 1947 - يىلى ماي ئېيىدا هەر بىر ئورۇنلاردىن سايلانغان ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە توپلاندى. مەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا ناهىيىسىدىن سايلانغان ۋەكىل ئىدىم. مەسلىهەت كېڭىشىنىڭ ۋەكىللىرى ئىككى گۇرۇهقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇلار ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى ۋە گومىنداڭ تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى بىتىمنى هىمايە قىلغۇچىلار بولۇپ، تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى. گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلەرى ۋە ئۇلارنىڭ قول - چوماقلىرىنىڭ زىيانكەشلىك ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلدى. بۇ چاغدا سىياسىي كۆرەش كەسكىن بولۇپ، ئۈستۈنلۈك ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە ئىدى. پىكىردە بىرلىك بولماي، مەجلىس ئېچىلىشنى كۈتۈپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ قىزىل بىناسىدا بىر ئاي ياتتۇق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەسئۇتنىڭ يۇقىرىدىن رەئىسلىككە تەيىنلىنىشى كۆپچىلىكنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىدى. ئۈچ ۋىلايەتنى ھىمايە قىلغۇچى ۋەكىللەر مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قەتئىي قارشى ئىدى. بۇ سىياسىي كۆرەشنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى ئۈچ ۋىلايەتتە خەلق نامايىشى بولدى. گومىنداڭ تەرەپنىڭ توسقۇنلۇقى نەتىجىسىدە مەجلىسنىڭ ئېچىلىشىغا كۆزىمىز يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ھەممە يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى قوللىغۇچىلار شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئوچۇق خەت يېزىپ، گېزىتتە ئېلان قىلدۇق. ئوچۇق خەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»گە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى، مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئېچىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى كونكرېت پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مەجلىستىن قايتىپ چىقتۇق.

مەن بۇ جەھەتتە ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، ئەخمەت ئەپەندىم شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەت قىلىپ يېزىلغان ئوچۇق خەتنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى، توغرا قىلغانلىقىمىزنى ئېيتقانىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمگە داۋاملىق قارشى تۇرۇشى، ئاخىرىدا بىتىمگە خىلاپ ھالدا مەسئۇتنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشى بىتىمنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ باردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غۇلجىغا قايتتى. مەن ئەڭ ئاخىرىدا رەھىمجان



سابىرھاجىيوپ بىلەن 1947 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى غۇلجىغا قايتتىم. ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن قەشقەر ۋىلايىتىدىن 25 نەپەر، ئاقسۇ، خوتەن، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىدىن بىر نەپەردىن، تۇرپان ناھىيىسىدىن ئىككى نەپەر بولۇپ، جەمئىي 30 نەپەر ۋەكىل ئۈچ ۋىلايەتكە قايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سىدىق مۇسايوپ، ئابدۇرېھىم لىتىپ، خەلپەت سۇزۇك ھاجى، ئەسئەت ياقۇپ، ئابدۇكېرىم ھاشىم، مەھەممەت ھەسەن، سىراجىدىن، مەھەممەتجان، ئوسمان تۇردى، ئوسمان ياقۇپ، مۇسا سايىت، سوپى سىدىقى، ئابدۇرېشىت ئەلەم قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا ئۈچ ۋىلايەتنى ھىمايە قىلغۇچى كۆپلىگەن كىشىلەر، مەسىلەن، ئۇيغۇر سايرانى، ئىبراھىم تۇردى، ئىسمايىل ياسىنوپ، پولات ئالىمى، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، نىغمەت خەلپىتىم قاتارلىق نۇرغۇن يولداشلار ئۈچ ۋىلايەتكە باردى.

مەن ئۈرۈمچىگە خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندىم. تاكى غۇلجىغا قايتقانغا قەدەر بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىدىم. بۇ يىللاردا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەركەزلىك ۋەزىپىسى سىياسىي كۆرەشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمكانىيەت دائىرىسىدە مەدەنىي ئاقارتىش خىزمەتلىرىمۇ ئىشلەندى. ئۆلكىلىك ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»نىڭ ئىجراسى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشتى.

## بىتىم بۇزۇلۇپ، غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن

تىنچلىق بىتىم بۇزۇلۇپ مەن غۇلجىغا قايتقىنىمدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا مالىيە باشقارمىسى، مائارىپ باشقارمىسى، ساقلىقنى ساقلاش باشقارمىسى ۋە ساقچى باشقارمىسى بار ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەتتە مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈندى. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ رەھبەرلىك ھەيئىتى قۇرۇلدى. تاكى ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر بۇ ھەيئەت مائارىپ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ كەلدى.

رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. مەكتەپلەرگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەيتتى، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلاتتى. ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىغا رەھبەرلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئاما يېقىندىن ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئالاھىدە نەتىجە كۆرۈلدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مۇقىملاشتى، سۈپىتى ياخشىلاندى. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مائاشى ئۆستۈرۈلۈپ، تۇرمۇشى ياخشىلاندى. يېڭى ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى تۈزۈلۈپ، دەرسلىكلەر بىلەن تەمىن ئېتىلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى كۆپەيتىلدى، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ، مەخسۇس كەسپىي سىنىپلار ئېچىلدى. چارۋىچى خەلق بالىلىرى ئۈچۈن ياتاقلىق مەركەزلەشكەن مەكتەپلەر قۇرۇپ بېرىلدى. موڭغۇل بالىلىرى ئۈچۈن غۇلجا



شەھىرىدە پۈتۈن تەمىناتلىق باشلانغۇچ مەكتەپ تەشكىل قىلىندى. ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى تەشكىل قىلىنىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي خادىملار يېتىشتۈرۈلدى. كەچكى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى ئېچىلدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

1948 ـ، 1949 ـ ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەتتە، يەنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە 545 باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، 1830 سىنىپ، 56 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى، 2059 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.

## شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى

1948 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى پارتىيە، تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ۋە خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا، مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كەلدى. مۇسكۋا تەرەپمۇ خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تەسىس قىلىنغۇسى تەشكىلات بىلەن قوشۇۋېتىش تەرەپدارى ئىدى. مەخسۇس مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق سۆزلىشىش ئۈچۈن موسكۋادىن كەلگەن ئادەم خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى بىلەن سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بىز ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىپ بەردۇق. سۆھبەتتە موسكۋا تەرەپ خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى، ياشلار تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ

قوشۇۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز بۇ ھەقتە مۇزاكىرە قىلىپ، گەرچە ئوخشىمىغان پىكىرلەر بولسىمۇ، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدۇق. ئاخىرى خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى قوشۇلۇپ كەتتى، ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى ئىتتىپاقىنىڭ ياشلار بۆلۈمى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى.

1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇست كۈنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. ئىتتىپاقنىڭ دائىمىي ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى. ئۇ، تەشكىلىي ھەيئەت دەپ ئاتالدى. تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىقىغا ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوپ، شەمشى مامىيوپ، ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئابدۇل مۇتالىپ خەلپەم، ئۇيغۇر سايرانى، ئىبراھىم تۇردى، ئەنۋەرخانبابا، قاسىم ئەپەندىلەردىن ئىبارەت 11 كىشى كۆرسىتىلدى. تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى بولدى. شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەتنامە چىقىرىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئالىي مەلۇماتلىق، ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسى يۇقىرى، باي تەجرىبىگە ئىگە، قابىلىيەتلىك، تەدبىرلىك، كەمتەر، قەلىمى كۈچلۈك، ئاتاقلىق ناتىق، تىرىشچان رەھبەر ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ تالانتلىق رەھبەر ئىكەنلىكىنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنى تەشكىللەشتە، ئۇنى تېزلىك بىلەن تەرەققىي ئەتكۈزۈشتە ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە نامايان قىلدى. ئەخمەتجان



قاسىمى گومىنداڭ تەرەپ بىلەن «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» تۈزۈش جەريانىدىمۇ ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىپ، جاڭ جىجوڭنى قايىل قىلغانىدى.

ئىتتىپاق قۇرۇلۇپ 1948 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان ئۈچ ئاي ئىچىدە، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋە مىللىي ئارمىيىدە تۆت ۋىلايەت دەرىجىلىك، 42 ناھىيە دەرىجىلىك، 386 رايون دەرىجىلىك تەشكىللىرى قۇرۇلۇپ بولدى. ئەزالار ئومۇمىي سانى 24 مىڭ 405 نەپەرگە يەتتى. مىللىي ئارمىيىدە ئىتتىپاق ئەزالىرى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر ئەزالار سانى 77 مىڭ 394 كە يەتكەنىدى.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھەممە ئېتىراپ قىلغان، يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تەشكىلاتقا ئايلاندى. ئىتتىپاق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەممە مۇھىم خىزمەتلىرىنى، جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت مالىيىسىنى، ئىشلەپچىقىرىشنى، مائارىپنى ۋە ياشلارنى تۇتتى. ئىمتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقىتلىرىدا ھەممە ئەزالارنى ئىمتىيازلىق تېرىلغۇنى غەلىبىلىك ئورۇنداشقا چاقىرىق قىلاتتى. تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرىمۇ ناھىيىلەرگە مەسئۇل قىلىناتتى. مەن سومۇل (ھازىرقى چاپچال) ناھىيىسىگە مەسئۇل ئىدىم. مەن ئۆز خىزمىتىمنى ئۆتەش بىلەن بىللە پات - پات سومۇل ناھىيىسىگە بېرىپ تېرىلغۇ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، خىزمەتلەرنى تەشكىللەپ، ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ ئەھۋالىنى ئىتتىپاق كومىتېتىغا يازما ۋە ئاغزاكى دوكلات قىلىپ تۇراتتىم.

ئىتتىپاق ئازادلىق ھارپىسىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ

شىنجاڭغا كېلىشىنى قارشى ئېلىش توغرىسىدا چوڭ تەشۋىقات ھەرىكىتى قوزغىدى. ئىتتىپاق تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىمۇ تەشۋىقات ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ناھىيىلەرگە بۆلۈندى. مەن بۇ خىزمەت بىلەن توققۇزتارا، تېكەس ۋە موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىگە باردىم. سۆھبەت مەجلىسى ئۆتكۈزۈپ، ناھىيە بويىچە چوڭ يىغىنلارنى ئاچتۇق. بۇنىڭدىكى مەقسەت، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش ۋە ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ئىدى. سۆھبەت مەجلىسلىرىدە، چوڭ يىغىنلاردا ئامما كومپارتىيىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا بەزى ئوخشىمىغان پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا چۈشتى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقان بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئۈرۈمچى ئارقىلىق غۇلجىغا قايتتى. غۇلجا ھەيرانباغ ئايرودورومىغا توپلانغان خەلق ئاممىسى تەشنالىق بىلەن ۋەكىللەرنى كۈتەتتى. ئايروپىلان قونۇپ، ئايروپىلاندىن سەيپىدىن ئەزىزى چۈشكەندىن كېيىن، خەلق خۇشاللىق ۋە گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە قارشى ئالدى. مەن ئىتتىپاق نامىدىن قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدىم. ئامما ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بولغانلىقتىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەللىلقان سۇگۇربايوپلار كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، بۇ نېمە ئىش دېگەن سوئال ھەممىنىڭ كاللىسىغا كەلدى.

يولداش سەيپىدىن ئەزىزى قايتقاندىن كېيىن، جىددىي مەجلىس ئېچىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، مۇنونوپ،



ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلىلىرىگە پاتىھە ئوقۇپ، خەۋەرلەندۈرمەكچى بولدۇق. شۇ كۈنى كەچتە ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلىسىگە قايغۇلۇق خەۋەر يەتكۈزۈلدى. پۈتۈن شەھەرنى قايغۇ قاپلىدى. مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىغانلار قاتتىق قايغۇ ئىچىگە چۆمدى ۋە كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. بۇنىڭدىن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي رەھبەرلەرگە خەلق چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقى ناھايىتى روشەن كۆرۈنەتتى.

خىزمەتلەر ئالدىراش ئىدى. ئىتتىپاق تەشكىلىي ھەيئىتى ئارقا - ئارقىدىن مەجلىس ئېچىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۈرۈمچىگە بېرىشنىڭ جىددىي تەييارلىقى كۆرۈلدى.

## ئازادلىق

ئازادلىققا ئېرىشتۇق. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەشنالىق بىلەن كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى.

بىز 1949 - يىلى 14 - دېكابىر كۈنى ئۈرۈمچىگە كەلدۇق، ئۈرۈمچىگە خەلق ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، گېنېرال پېڭ دېخۇەي كەلگەنىكەن. پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېن، شۇ لىچىڭ، دېڭ لىچۈن، راۋ جىڭشى، شىن لەنتىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇلار بىزنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، 17 - دېكابىر كۈنى شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىندى. يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان خەلق ھۆكۈمىتى 31 ئەزادىن تەركىب تاپتى. بۇنىڭ 13 نەپىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار

سەيپىدىن ئەزىزى، قېيۇمبەك خوجا، لىبىكىن، غېنى، ئەسئەت ئىسھاقوپ، ئەنۋەرخانبابا، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئىبراھىم تۇردى، پاتىقان سۇگۇربايوپ، ئۇبۇلخەيرى تۆرە، داشچاپ، شۇمۇتۇك، ئابدۇراخمان مۇھەممەدىلەردىن ئىبارەت. يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بۇرھان شەھىدى رەئىس، سەيپىدىن ئەزىزى، گاۋ جىڭچۈنلەر مۇئاۋىن رەئىس بولدى. مەن يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ھۆكۈمەتتە ئەزا، قوشۇمچە مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھەمدە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تەيىنلەندىم. ئازادلىقتىن بۇرۇن يەتتە ۋىلايەتتە مائارىپ ۋەيران قىلىنغانىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، پروگرامما دەرسلىكلەر يوق دېيەرلىك، تەجرىبە قوراللىرى يوق، دەپتەر، قېرىنداش كەمچىل، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن، مەكتەپ باشقۇرۇش ناچار، پارتا، ئورۇندۇقلار يېتەرسىز، مەكتەپ بىنالىرى خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىدى. بىر قىسىم مەكتەپلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن، بىر قىسىم مەكتەپلەر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. ئۆلكە ئازاد بولغاندا، ئۆلكە بويىچە 1882 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 200 مىڭ ئوقۇغۇچى، 21 ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، 9000 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بىرلا ئالىي مەكتەپ بولۇپ، شىنجاڭ شۆيۈەنى ئىدى. مائارىپ خىزمەتلىرىدە نۆۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ ئىدى. ئەمما ھەممە ئىشلارنى بىر يولىلا قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر ئىشلارنى ئالدى بىلەن قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى چىڭ تۇتۇلدى. بۇنىڭدا مۇھىمى سۈپەت مەسىلىسى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرمەي تۇرۇپ مائارىپنىڭ سۈپىتى توغرۇلۇق سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مائارىپ



خىزمىتىدە ئەڭ بىرىنچى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئوقۇتقۇچىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش مەسىلىسى. ئوقۇتقۇچىلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دەۋرگە لايىق بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى مەسىلىسى تۇتۇلدى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن دۇنيا قاراش، ئىدىئولوگىيە مەسىلىسى ھەل قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنى دۇنيا قاراش، ئىدىئولوگىيە مەسىلىسىدە توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن چارە - تەدبىرلەر كۆرۈلدى. يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار تەشكىل قىلىندى. خىزمەت جەريانىدا دائىملىق ئۆگىنىش ئىشلىرى يولغا قويۇلدى. پارتىيىمىزنىڭ تەربىيىسى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى نەتىجىسىدە ئىدىئولوگىيە جەھەتتە قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چارە - تەدبىرلەر كۆرۈلدى. بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەت ئىدى. رەھبەرلىك ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن بىلىم ئاشۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەردى. ئوقۇتقۇچىلار پەننىي ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشتى. ئىمكانىيەتنىڭ يارىتىلىشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىنتىلىشى، دەۋرگە لايىق ئوقۇتقۇچى بولۇشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەردى.

ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىدىن باشقا، يەنە ئوقۇتۇش سىستېمىسى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى، دەرسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش لازىم ئىدى. گەرچە بۇ ئىشلارغا مائارىپ مىنىستىرلىكى مەسئۇل بولسىمۇ، شىنجاڭ مىللىي رايون بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئىشلارنى قىلىشقا توغرا

كېلەتتى. دەرسلىكسىز ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش تەس ئىدى ياكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەرسلىك مەسىلىسىنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتۇش لازىم ئىدى. ئەمما شىنجاڭ يېڭى ئازاد بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە مەتبەئە ئىمكانىيىتى بىلەن لازىملىق دەرسلىكلەرنى بېسىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چارە ئىزدەش زۆرۈر ئىدى. بەختكە يارىشا، 1950 - يىلى ماۋجۇشى باشچىلىقىدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا باردى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزىمۇ مەزكۇر ئۆمەكنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. موسكۋاغا مېڭىش ئالدىدا، مەن يولداش سەيپىدىن ئەزىزگە مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ئەھۋالىنى دوكلات قىلدىم. ئىلاجى بولسا سوۋېت تەرەپ بىزگە مەكتەپلەرگە لازىملىق دەرسلىكلەرنى تەييارلاپ بېرىشنى بىر مەسىلە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئىلتىماس قىلدىم ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەييارلاپ بەردىم. يولداش سەيپىدىن بۇنى قوللىدى. موسكۋادا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن، سوۋېت تەرەپمۇ قوشۇلۇپتۇ. ستالىن ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ شىنجاڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا دەرسلىك تەييارلاپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزبېكىستان، قازاقىستانلاردا ئالاھىدە كۈچ تەشكىللەپ، شىنجاڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە دەرسلىك تەييارلىدى. مەزكۇر دەرسلىكلەر بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا قاتناش قوراللىرى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دەرسلىكلەرنى شىنجاڭنىڭ ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە تارقىتىش قىيىن ئىدى. مەن بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش توغرۇلۇق قوماندان ۋاڭ جېنغا مۇراجىئەت قىلدىم. ۋاڭ جېن شۇ چاغدا شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى، ھەربىي



رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئىدى. قوماندان ۋاڭ جېن مېنىڭ ئىلتىماسىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ، دەرسلىكلەرنى ۋاقتىدا تېگىشلىك ئورۇنلارغا ھەربىي ماشىنىلار بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىش توغرۇلۇق شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قارىتىپ دوكلاتىمغا تەستىق سېلىپ بەردى. بۇنىڭغا چەكسىز خۇرسەن بولدۇم ۋە قوماندان ۋاڭ جېندىن چوڭقۇر مىننەتدار بولدۇم. دەرۋەقە دەرسلىكلەر ئۆز ۋاقتىدا تېگىشلىك جايلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلار كىتابقا ئىگە بولدى. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى، مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە زور رول ئوينىدى.

يولداش ۋاڭ جېن شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە قىسقا ۋاقىت رەھبەرلىك قىلغان بولسىمۇ، مۇشۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەردى. شىنجاڭ سانائىتىنىڭ ئاساسىنى تىكلەپ بەردى. ھازىرقى 1 - ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى (ئەسلىدە ئاپتوموبىل ماشىنا رېمونت زاۋۇتى)، ۋېيخۇلياڭ ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى، 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، 1 - ماي توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئۈرۈمچى - كورلا تاشيولى، 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ بەردى. شىنجاڭ داشۆگە «ئازادلىق» ئوقۇتۇش بىناسىنى سېلىپ بەردى. بۇ قۇرۇلۇشلارغا كەتكەن مەبلەغنى شىنجاڭغا بېرىلگەن ھەربىي راسخوتتىن ئىقتىساد قىلىپ ھەل قىلغانىدى. بۇلاردىن باشقا، شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى بەرپا قىلدى. ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئىشلىرىغا دەسلەپكى قەدەمدە رەھبەرلىك قىلدى.

1952 - يىلى قوماندان ۋاڭ جېن شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتتى. گەرچە ئۇ شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، تاكى

ۋاپاتىغا قەدەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇنتۇمىدى. دائىم شىنجاڭغا غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى. ھەتتا ۋاپاتىدىن كېيىن جەسەت كۈلىنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا سېپىشنى تەۋسىيە قىلدى. مەن يولداش ۋاڭ جېننى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن. يولداش ۋاڭ جېن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

## پارتىيىگە كىرىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەممە ئىشلىرىمىز پارتىيىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. شىنجاڭدا پارتىيە تەشكىلىنىڭ قۇرۇلۇشى زور خۇشاللىق ئىش ئىدى. مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇشنى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلغانىدى. مەن پارتىيىگە كىرىش ئارزۇيۇمنى يولداش ۋاڭ جېن بىلەن يولداش دېڭ لىچۈنگە ئىزھار قىلدىم. پارتىيىگە كىرىش توغرۇلۇق ئىلتىماس يازدىم. مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. يولداش دېڭ لىچۈن مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئىگىلىدى، پارتىيىگە ئەزا بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى چۈشەندۈردى. مېنىڭ ياخشى پارتىيە ئەزاسى بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلدى. دېڭ لىچۈن، يۈ ۋېن يولداشلار مېنى پارتىيىگە تونۇشتۇردى. 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ بيۇروسى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش مۇراسىمى



ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئابدۇللا زاكىروپ، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئىسمايىل ياسىنوپ، ئەنۋەرخانبابا، ئىبراھىم تۇردى، ئۇيغۇر سايرانى، مەرغۇپ ئىسھاقوپ، شۇمۇتۇڭ، داشچاپ، ئابلىمىت مەخسۇتوپلارنى كاندىدات مۇددەتسىز رەسمىي پارتىيە ئەزاسى قىلىپ قوبۇل قىلدى. بۇلار سابىق خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرى ئىدى. پارتىيىگە قوبۇل قىلىش مۇراسىمىغا يولداش ۋاڭ جېن قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. 1949 - يىلى 31 دېكابىر كۈنى مېنىڭ ھاياتىمدا ماڭا زور خۇشاللىق بەخش ئەتكەن، ئۇنتۇلماس خاتىرە كۈن بولۇپ قالدى.

## ماۋجۇشى بىلەن سۆھبەتلەشتۇق

1950 - يىلى يازدا مەن ئىبراھىم تۇردى بىلەن بىرلىكتە شىئەندە ئېچىلىدىغان مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ مەجلىسىگە يوك ماشىنىسى بىلەن بارماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، بېيجىڭدا 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 2 - يىغىنى ئېچىلىدىغان بولۇپ، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزىلەرنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن مەخسۇس ئايروپىلان كېلىپ قالدى. بۇ قۇلايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بېيجىڭغا ئايروپىلان بىلەن بېرىپ ئاندىن شىئەنگە مەجلىسكە كەلمەكچى بولدۇق. بېيجىڭدا شى جۇڭشۈن بىلەن ئۇچراشقاندۇق، ئۇ شىئەندە ئېچىلغان مەدەنىيەت - مائارىپ مەجلىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزىلەر بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭدا تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى. بۇ جەرياندا سىياسىي مەسلىھەت

كېڭىشىنىڭ 2 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇق. ماۋجۇشىنىڭ مەجلىستە سۆزلىگەن نۇتقىنى ئاڭلىدۇق. مەركەزدىكى رەھبەرلەرنى كۆردۇق. بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئۇلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندۇق ۋە ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇردۇق. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئاسارە - ئەتىقە ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. بۇ بىزنىڭ بىرىنچى قېتىم بېيجىڭغا بېرىشىمىز ئىدى. شۇڭا بىز ئۈچۈن ھەممە نەرسە يېڭىلىق ئىدى. بېيجىڭدا بىر ئايغا يېقىن تۇرۇش جەريانىدا ھەر جەھەتتىن زور تەربىيىگە ئىگە بولدۇق.

بىز تۆتىمىز بېيجىڭنىڭ شىدەن دېگەن يېرىدە شۆيۈەن خۇتۇڭدىكى مەخسۇس بىر قورۇدا بىللە تۇردۇق. بىر كۈنى كەچتە يولداش سەيپىدىن بىزگە ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ماۋجۇشى بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن بىزمۇ ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشۈشنى، سۆھبەتلىشىشنى ئارزۇ قىلىمىز، دېدىم. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن سەيپىدىن ماۋجۇشىنىڭ بىزنى قوبۇل قىلماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئېنىق ۋاقتىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەن بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەن بەك جىددىيلىك ھېس قىلدىم. مېنىڭ جىددىيلەشكىنىمدىكى سەۋەب، ماۋجۇشى نېمە توغرۇلۇق سۆھبەتلىشەر، نېمە سوئاللارنى سوراپ قالار، دەپ ئويلايتتىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرۇلۇقمۇ، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرۇلۇقمۇ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى توغرۇلۇقمۇ، مائارىپ ئىشلىرى توغرۇلۇقمۇ . . . دەپ ئويلاپ، خاتىرىلىرىمنى ئاختۇردۇم ۋە بەزى سانلىق مەلۇماتلارنى ئەسكە ئالدىم. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مەن ئىبراھىم تۇردى بىلەن جۇڭنەنخەيدە ماۋجۇشى ھۇزۇرىدا ھازىر بولدۇق. يولداش دېلىن



بىزگە تەرجىمان بولۇپ باردى. ماۋجۇشى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئەھۋال سورىدى. مېنىڭ چوڭقۇر ھېس قىلغىنىم، ماۋجۇشى سۆزلەشكە ئوڭايلىق ۋە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدىكەن. مەن ئۆزۈم ئويلاپ يۈرگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەپ كەتتىم. ماۋجۇشى سۆزىمىزنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئارىلاپ سوئال سورىدى. بىزگە، ياخشى خىزمەت قىلدىڭلار، رەھمەت دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق بولۇشى لازىملىقىنى، تىرىشىپ خىزمەت قىلىشىمىزنى تاپىلىدى. بىز خېلى ئۇزاق ۋاقىت سۆزلەشتۇق. ئاخىرى ماۋجۇشىنى چارچىتىپ قويمايلى، دېگەن ئوي بىلەن ماۋجۇشىدىن قايتىشقا ئىجازەت سورىدۇق. خوشلىشىپ ماڭغىنىمىزدا، ماۋجۇشى بىزنى ئۇزاتماقچى بولۇپ بىللە ماڭدى. بىز تۇرۇپ قېلىپ، رەھمەت دەپ ماۋجۇشىنى توسقان بولساقمۇ، ئۇ ئۇنىماي بىزنى ھويلىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ماۋجۇشىنىڭ بۇ خىسلىتى ماڭا بەك تەسىر قىلدى. بۇ ئۇلۇغ ئادەم نېمىدېگەن ئاددىي ۋە كەمتەر! بۇ ئىشلار دائىم مېنىڭ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ ۋە يادىمدا تۇرىدۇ، ئۆيۈمگە كەلگەن مېھماننى ئۇزىتىپ قويغاندا بۇنى دائىم ئەسلەيمەن.

## ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى

مەن يولداش ۋاڭ جېنغا نەزەرىيە سەۋىيەمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن قوراللىنىش ئۈچۈن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلدىم. يولداش ۋاڭ جېن بۇنى توغرا تاپتى. ئەمما، ئالدى بىلەن شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىجارە

كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشنى تەۋسىيە قىلدى. مەنمۇ شۇنداق قىلىشنى لايىق كۆردۈم.

شىنجاڭدا ئىجارە كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىشى بىلەنلا، ئۈرۈمچىدىكى مىللىي مەسئۇل كادىرلار ئۆگىنىش ئېلىپ باردۇق. ئاندىن 1951 - يىلى 1 - سېنتەبىردىن باشلاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋ جىنچۈننىڭ رەھبەرلىكىدە تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئەنجان گۆڭشاڭ يېزىسىدا كەنتلەرگە بۆلۈنۈپ ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش سىناق خىزمىتىگە قاتناشتۇق. سىناق خىزمىتىگە قاتناشقانلار ئىچىدە ئابدۇراخمان مۇھىتى، سىدىق مۇسايوپ، ئىبراھىم تۇردى، مەخسۇت تېيىپوپ، ئىسمايىل ياسىنوپ، ئەنۋەر مۇسابايوپ، قېيۇمبەگ خوجا، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، توختى ئالىموپ، ياقۇپبەگ، تۇرسۇن ئىسرائىل، ئابدۇرېھىم سەئىدى، قاسىم پەرسايوپ، زۇنۇن تېيىپوپلار بار ئىدى. مەن پاقابۇلاق كەنتىدە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇم. بۇ كەنتتە يەنە قېيۇمبەگ خوجا، ئالىمجان ھاكىمبايوپ، تۇرسۇن ئىسرائىللار بار ئىدى. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلۈشى ئىدى. بىزنىڭمۇ تۇنجى قېتىم قاتنىشىشىمىز بولۇپ، بىز ئۈچۈن ھەممە ئىش يېڭىلىق ئىدى. بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى كۆپرەك كۆرۈشىمىزگە، ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. مۇھىمى، دېھقانلار ئىچىگە چۆكۈش، ئەھۋال ئىگىلەش، تۇرمۇش ئۆگىنىش، سىنىپىي تەركىبىنى ئايرىش، ئاممىنى قوزغاش، كۈرەش نىشانلىرىنى ئېنىقلاش، شىكايەت قىلغۇچىلارنى تەشكىللەش، تەربىيىلەش،



كۈرەش قىلىش، كۈرەش مېۋىلىرىنى تەقسىم قىلىش، سايلام ئۆتكۈزۈش، كەنت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشقا ئوخشاش بىر قاتار بىز بۇرۇن قىلىپ باقمىغان ئىشلار ئىدى. سىناق خىزمىتى ئارقىلىق تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇق. بىرىنچى قەدەمدە قىلىنغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى سەۋەنلىكلەرمۇ يۈز بەردى. پومېشچىكلارنىڭ يايلاقتىكى قويلىرىنى كەنتكە قايتۇرۇپ كېلىپ، كەمبەغەل دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردۇق. بىزنىڭ كەنتتە مىڭلاپ قويلىرى بار قاسىم، ساتتار قارىغا ئوخشاش پومېشچىكلار بار ئىدى. كېيىنكى تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، مۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس ئىكەن.

تۇرپاندا بىر نۆۋەت ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش سىناق خىزمىتىگە قاتنىشىش ئارقىلىق مەلۇم تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇق. تۇرپاندا سىناق خىزمىتى تاماملانغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆمەك تەشكىللەپ كۇچا، شايار، شىخخا (توقسۇ) ناھىيىلىرىنىڭ ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئىجارە كېمەيتىش ئۆمىكى تەركىبىدە تۇرپاندا ئىجارە كېمەيتىش سىناق خىزمىتىگە قاتناشقان مەسئۇل يولداشلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئىدارە كادىرلىرى، سەنئەتچىلەر، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ قانۇن سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، قوشۇنىمىز زورايغانىدى. مەن ئۆمەك باشلىقى، ۋاڭ سېيىڭ، ۋاڭ يۈيخلار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ئىدى. بىز كۇچاغا بارغان ۋاقتىمىزدا دەل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش سىناق خىزمىتى تاماملىنىپ، خىزمەتلەر خۇلاسىلەنگەن ۋاقىتقا توغرا كەلدى. بىز كۇچادا يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ

بويىچە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش سىناق خىزمىتىدىن چىقىرىلغان خۇلاسىسىنى ئاڭلىدۇق. بۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ باش كاتىپى شى جىنخى يەتكۈزدى. بۇ خۇلاسە خىزمىتىمىزنى پارتىيىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن توغرا ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن دەستۇر بولدى. بىز دەسلەپتە كۇچا 4 ـ رايون ئالاقاغا يېزىسىدا ۋە توقسۇ ناھىيىسىدە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتۇق. ئالاقاغادا خىزمەتلەر ئۇتۇقلۇق ئاياقلاشقاندىن كېيىن، شايار ناھىيىسىنىڭ مازارغوجام يېزىسىدە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ باردۇق. ئۆمىكىمىزدىكى كادىرلار ئاددى كىيىنەتتى، ئاددى تۇرمۇش كەچۈرەتتى، بېرىلىپ ئۆگىنەتتى. دائىم دېھقانلار بىلەن بىللە بولۇپ، خىزمەتنى نەتىجىلىك قىلىشقا تىرىشاتتى. ئاممىۋى خىزمەتكە قاتنىشىپ چېنىققانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىدە غۇرۇرلۇق ھېس قىلاتتى. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى، ئۆمىكىمىزدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا بېرىلىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، يەرلىك ئورۇنلارغا ياردەملىشىپ ئۈچ ناھىيىنىڭ ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتى ئۇتۇقلۇق تاماملاندى. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەر ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، كېيىن ئومۇميۈزلۈك يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. مەن كۇچادا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتناشتىم. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر پارتىيىمىزنىڭ سىنىپىي لۇشيەنى: كەمبەغەل، يالالنما دېھقانلارغا يۆلىنىش، ئوتتۇراھال دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، باي دېھقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇش، زومىگەر،



يومبىچىكلارغا زەربە بېرىش ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. خىزمەت جەريانىدا كۇچا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى خې جىڭنەن، ناھىيە ھاكىمى ئۆمەرجان باشلىق كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇنتۇلماس دوستلۇق ئورناتتۇق.

يەر ئىسلاھاتى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت دېھقانلىرى ھاياتىدا ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى روياپقا چىقاردى. يەرگە بولغان ئىگىلىك جەھەتتىكى ئادالەتسىزلىككە خاتىمە بېرىلدى. يالالنما كەمبەغەل دېھقانلار يەر بىلەن مۇۋاپىق دەرىجىدە تەمىن ئېتىلدى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەر ئىسلاھاتىدا ھەر بىر كىشىگە تەخمىنەن 2.5 مودىن يەر تەقسىم قىلىنىپ بېرىلدى. ئەڭ كۆپ بولغانلىرىغا 7.3 مودىن (گۇما ناھىيىسىدە)، ئەڭ ئاز بولغانلىرىغا 1.2 مودىن (خوتەن ناھىيىسىدە) يەر تەقسىم قىلىندى.

1952 ـ يىلى سېنتەبىردىن 1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتى ئورۇندىلىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا داۋام قىلىپ كەلگەن فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلىپ، يەرگە فېئوداللىق ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىندى. مىليونلىغان ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىندى. يەتتە مىليون 300 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر ۋە باشقا ھەر خىل مۈلۈكلەر مۇسادىرە قىلىندى ۋە تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇلار يەرسىز ۋە يېرى ئاز ئىككى مىليون 100 مىڭ دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

1954 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شىنجاڭ بويىچە 57 ناھىيە، ئۈچ شەھەردىكى 1520 يېزىدا يەر ئىسلاھاتىنىڭ تاماملانغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك يەر

ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ خىزمىتى رەسمىي ئاخىرلاشتى.

## مائارىپ ئېكسكۇرسىيىسى

1953 - يىلى مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىر، ئوقۇتقۇچى ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنى تەشكىللىدۇق. بۇ مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تۇنجى قېتىم ئېكسكۇرسىيە قىلىشى ئىدى. ئۆمەكنى مەن باشلاپ باردىم. بىز ئۆگىنىشتە بېيجىڭ شەھىرىنى، شەرقىي شىمالنى ئاساس قىلدۇق. بېيجىڭ شەھىرىنى، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاربىن شەھىرىنى ۋە لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ دالىيەن شەھىرىنى نۇقتا قىلدۇق. بۇ يېڭى ئازاد بولغان ۋاقىت بولغاچقا، بېيجىڭ شەھىرى ۋە پۈتۈن شەرقىي شىمال بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىدە سوۋېتتىن ئۆگىنىش ئەۋج ئالغانىدى. مەكتەپ باشقۇرۇش، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا كائىروۋ پېداگوگىكىسى ئاساس قىلىناتتى. سوۋېتتىن ئۆگىنىشتە بېيجىڭ شەھىرى ۋە شەرقىي شىمال ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. بىز بېيجىڭ، خاربىن، دالىيەن شەھەرلىرىنى نۇقتىلىق ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنياڭ، چاڭچۈن، تيەنجىن، ۋۇشى، سۇجۇ، شاڭخەي، ۋۇخەن، شىئەن شەھەرلىرىدە بولدۇق. بارغانلا يەردە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، دەرس ئاڭلىدۇق، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەت مەجلىسلىرى ئېچىپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردۇق. ئاسارە - ئەتىقە ئورۇنلىرىنى، مۇزېيخانا ۋە باشقا داڭلىق ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.



بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيىگە مائارىپ مىنىستىرلىكى ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مائارىپ مىنىستىرى جاڭ شىرۇ مەجلىس چاقىرىپ، شىنجاڭ مائارىپى ئۈستىدە بىزنىڭ دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى. ئۆمىكىمىزگە ئالاھىدە زىياپەت بەردى. ۋۇلاۋ (ۋۇ يۈجاڭ) ئالاھىدە يېزىق ئۆزگەرتىش ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ھەر مىللەت ئېلىپبەلىرىنى يازدۇرۇۋالدى. ۋۇلاۋ ئۆزىنىڭ موسكۋاغا بارغانلىقىنى، ستالىن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ستالىن خەنزۇ ھېروگلىپىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى سورىغانلىقىنى ۋە بۇ خىزمەتنى تېزلىتىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ۋە خەنزۇچە ھېروگلىپلەرنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا بارغانلا جايلاردا ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا ئىگە بولدۇق. بىزنىڭ ئۆمەكتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئىچكى ئۆلكىلەرگە تۇنجى قېتىم بېرىشى ئىدى. ئىچكى ئۆلكىدىكىلەرنىڭمۇ شىنجاڭلىقلارنى ئاز ئۇچراتقان ۋاقىت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇچرىشىش ناھايىتى قىزغىن، تۇغقانلار، دوستلار ئۇچراشقاندەك كەيپىياتتا ئۆتتى. بۇ خىل ئەھۋال يولداشلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىياتى، ۋەتەننىڭ گۈزەللىكى، خەنزۇ خەلقىنىڭ قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلىسى يولداشلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى ۋە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. يولداشلار مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش جەھەتتە بىلىم ئېلىش بىلەن بىللە ۋەتەنگە، خەنزۇ خەلقىگە قارىتا چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئىگە بولدى. ئېكسكۇرسىيىدىن قايتقاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى بارلىق باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى خەلق باغچىسىغا توپلاپ، ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا مەكتەپ باشقۇرۇش، تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش،

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىنى يەتكۈزدۇق ۋە جايلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئېكسكۇرسىيە خۇلاسىسىنى يېزىپ تارقاتتۇق. دەرۋەقە، ئېكسكۇرسىيىمىزنىڭ نەتىجىسى زور بولدى. مەكتەپلەردە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە خۇسۇسەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتە ئەھمىيىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى.

## ھەج سەپىرى

1956 - يىلى مەن ھەجگە باردىم. بۇ قېتىم تەشكىل قىلىنغان ھەج ئۆمىكى ئازادلىقتىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان 2 - نۆۋەتلىك ئۆمەك بولۇپ، دائىرىسى چوڭ ئىدى. ئۆمەك باشلىقى بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىنى مەن ۋە گەنسۇلۇق بىر خۇيزۇ ئاخۇن ئىدى. ئۆمەكتە 35 ئادەم بولۇپ، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. شىنجاڭدىن ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ، ياقۇپ داموللام، ھىلالىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا داموللام، ئارمىيە داموللام (نىم شېھىت)، بەردى داموللام قاتارلىق كىشىلەر. يەنە مۇخبىر، دوختۇر، تەرجىمان، خوجىلىق خىزمەتچىلىرى بار ئىدى. ئۆمەكتىكىلەر توپلىنىپ ئۆگىنىش ئېلىپ باردۇق. مۇناسىۋەتلىك ساتېرىياللارنى كۆردۇق. ئاندىن سەپەرگە ئاتلىنىپ ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭدىن شىئەنگە، شىئەندىن بىرمىنىڭ ماندالاي دېگەن شەھىرىگە، ماندالايدىن بىرمىنىڭ پايتەختى رانگونغا كەلدۇق. رانگوندا ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ، رانگوننىڭ ئاسارە - ئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بىرمىنىڭ ئەدلىيە



مىنىستىرى (مۇسۇلمان) نى زىيارەت قىلدۇق. ئۇ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە بىزنىڭ شەرىپىمىزگە زىياپەت بەردى. بىرمىدىكى كۈنلەر كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بۇ ياز ۋاقتى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ياق ياپيېشىللىققا چۆمگەن، ئەتراپنى چىمەنزارلىق قاپلىغانىدى. ئېگىز ئۆسكەن پالما دەرەخلىرى ئادەمنى زوقلاندۇراتتى.

رانگوندا ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ قايتقان جۇڭگو مەدەنىيەت دىلىگاتسىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. بۇلار ئىچىدە مەدەنىيەت دىلىگاتسىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما خېنىڭ[1] بار ئىدى. ما خېنىڭ ماڭا مەدەنىيەت دىلىگاتسىيىسىنى بۇرھان شەھىدى باشلاپ چىققانلىقىنى، بارغان دۆلەتلىرىنى، ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. بۇرھان شەھىدىنىڭ مەدەنىيەت دىلىگاتسىيىسى تاماملانغاندىن كېيىن، بىزنى كۈتۈپ قېپقالغانلىقىنى ئېيتتى. بىز رانگوندىن بومبايغا ئۇچتۇق. بومبايدا جۇڭگو كونسۇلتىۋاسى كۈتۈۋالدى. بىز بومبايدا ئەرەپ دېڭىزى بويىدىكى مېھمانخانىدا تۇردۇق. بۇ يەردىمۇ ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق، مەسچىتلەرگە باردۇق. بومبايدىن ئايروپىلان بىلەن بەھرەيىنگە باردۇق. بەھرەيىندە قاتتىق ئىسسىق ئىدى. سەراپ كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە كىيىم ئالماشتۇرۇپ ئېھرام كىيدۇق. ھەجگە بارغانلار ھەج قىلىشتىن بۇرۇن ئۆز كىيىمىنى سېلىپ، تىكىلمىگەن ئاق رەختكە ئورۇلۇۋالىدۇ. بۇنى ئېھرام دەپ ئاتايدۇ. ھەج قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن، ئېھرامنى سېلىپ ئۆز كىيىمىنى

---

① ما خېنىڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ شۆبە بيۇرو تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

كىيدۇ، چۈنكى ھەج ۋاقتىدا كىيگەن كىيىم - كېچەك يىڭنە بىلەن تىكىلمىگەن بولۇشى شەرت. بىز بەھرەيىندىن ئۇچۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پورت شەھىرى جىددەدە قونۇپ، ئاندىن ماشىنا بىلەن مەككىگە باردۇق. بۇرھان شەھىدى بىز بىلەن مەككىدە ئۇچراشتى ۋە ھەج ئۆمىكىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى. بۇرھان شەھىدى جۇڭگو مەدەنىيەت دىپلوماتىيىسىنى باشلاپ كۆپلىگەن ئەرەپ دۆلەتلىرىگە بارغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە مۆختەبەر زاتلار بىلەن تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرھان شەھىدى خارىجى ئىشلار بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان. ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان كۆزگە كۆرۈنەرلىك دىپلومات ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرھان ئەپەندىمنىڭ ئۆمىكىمىزگە رەھبەرلىك قىلىشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن كۆپ ئوڭايلىق تۇغدۇردى.

بىز بارغان ۋاقىتلار سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تەرەققىي قىلمىغان قالاق ۋاقتى ئىدى. مەككە شەھىرىدە ئىككى قەۋەتلىك كىچىك كۆلەملىك «مىسىر پىندىق» (مىسىر مېھمانخانىسى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مېھمانخانىدىن باشقا تۈزۈكرەك مېھمانخانا يوق ئىدى. مېھمانخانىنىڭ جاھازلىنىشىمۇ بەك ئاددى ئىدى. ئۆيلىرىدە پەقەت شامالدۇرغۇچلا بار ئىدى. ھەج قىلىشقا بارغانلار راباتلاردا ھەتتا كوچىلاردا يېتىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، مەدەنىيىتى ئارقىدا ئىدى. ئاشلىق، مېۋە - چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چەت دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلاتتى. بىر قىسىم ئادەملەر ھەج ۋاقتىدىكى كىرىم خەيرى - سەدىقە ھېسابىغا كۈن كەچۈرەتتى. بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ھەر بىر ناھىيىسى ئۈچۈن بىردىن دەلىل بار ئىكەن. دەلىل يول باشلىغۇچى دېگەن مەنادا بولۇپ، ھەجگە بارغانلارنى ھەج قىلدۇرۇشقا، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا



يارىدەملىشىدىكەن. دەلىللىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىكەن. شىنجاڭنىڭ قايسى ناھىيىسىدىن ھەجگە بارسا، شۇ ناھىيىنىڭ دەلىلى ئىگىدارچىلىق قىلىدىكەن. ھەج قىلىشتا باشلاپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن مەلۇم ھەق بېرىلىدىكەن. جۇڭگو ئازاد بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلەرنىڭ دەلىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن بىر دەلىل ساقلاپ قېلىنىپتۇ. جۇڭگو دەلىلى ياشىنىپ قالغان ئادەم بولۇپ، دەلىللىقنى ھۈسەيىن ئىسىملىك ئوغلىغا ھاۋالە قىپتۇ. ھۈسەيىن بىز مەككىگە بارغاندىن كېيىن، ئۆمىكىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەج قىلغاندا باشلاپ مېڭىش، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتۈرۈش، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش، ترانسپورت ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن بىز دەلىلگە بىر يىللىق ئائىلە خىراجىتىگە يېتەرلىك مەبلەغ بەردۇق.

ئۇيغۇرلار سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئاساسەن تايىف شەھىرىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭدىن ئادەم بارمىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا نىسبەتەنمۇ تۈرلۈك گۇمانلىق قاراشلار مەۋجۇت ئىكەن. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان كۆزگە كۆرۈنەرلىك بايلار يوق ئىكەن، ئادەتتىكى سودىگەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ناۋايچىلىق قىلىدىكەن، بىر قىسمى ئاق يىپەك رەختتىن ماشىنا بىلەن دوپپا تىكىپ ساتىدىكەن. مەككىنىڭ ئەرەپلىرى نان يېيىشكە، ئاق دوپپا كىيىشكە ئادەتلىنىپتۇ. مەككىدە كىنوخانا، تىياتىرخانا، زامانىۋى مەكتەپلەر يوق ئىكەن. پەقەت دىنىي مەدرىسلەر بار ئىكەن. ئۇيغۇرلاردىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتناشقان، كۆزگە كۆرۈنگەن بىرەر ئادەم يوق ئىكەن. ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىمۇ ئۇچراتمىدىم. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر

قىزنى مىسىر قاھىرە داشۆسىدە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قاھىرەگە بارغاندا بۇ ئوقۇغۇچى بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشتۇق، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ خىزمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق.

مەككىدىكى ۋاقتىمىزدا ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىزنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتۇق. ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلكىمىز شىنجاڭدا يۈز بەرگەن يېڭىلىقلارنى يېزا ئىگىلىك، سانائەت، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەردە يۈز بەرگەن تەرەققىياتلارنى، مىللىي سىياسىتىمىزنى، دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىمىزنى چۈشەندۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتى شىنجاڭغا بېرىپ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى دەۋەت قىلدۇق.

دۆلىتىمىزنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. شۇڭا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا بەزى قىيىنچىلىقلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى مەككىدە بىر قېتىم، مىنادا بىر قېتىم بىزنى قوبۇل قىلدى. پادىشاھ سارىيى ھەشەمەتلىك ئىدى. پادىشاھ بىزنى مەككىدىكى ئۆز سارىيىدا چوڭ بىر زالدا قوبۇل قىلدى. بۇنىڭدا كۆزگە چېلىققان بىر نەرسە زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە قولىدا قورالى بار ئادەملەر ئولتۇراتتى. بەزىلەرنىڭ قولىدا مىلتىقمۇ بار ئىدى. بىزگە بۇنى دەلىل تونۇشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە پادىشاھنىڭ 100 دىن ئوشۇق بالىسى بار ئىكەن.

پادىشاھ ساۋۇت ئىبنى ئابدۇلئەزىز قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بىزنى پادىشاھ سارىيىغا زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. زىياپەت باشلىنىشتىن بۇرۇن ۋەزىرلەردىن بىرى پادىشاھ نامىدىن تەبرىك سۆزى قىلدى. شائىرلاردىن بىرى مەدھىيە شېئىرى ئوقۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن زىياپەت باشلىنىپ كەتتى.



چوڭ لېگەنلەردە پولو تارتىلدى. ھەربىر تاۋاق ئۈستىگە بىردىن پۈتۈن قوي بېسىلغانىدى. يەنە ھەرخىل تائاملار كەلتۈرۈلدى.

مەككىدىكى ۋاقتىمىزدا پادىشاھ ھەممىمىزگە ئەرەپ نۇسخىسىدا تىكىلگەن بىردىن تون، باش كىيىمى ئورنىدا بىردىن رومال ۋە پادىشاھنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن سائەت تەقدىم قىلدى. باش ۋەزىر پايسال يەنە ئۆمەك باشلىقى ۋە مۇئاۋىنلىرىغا بىر قۇردىن تون كىيگۈزدى.

بىز مەككىدە كەئبە بەيتۇللانى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىش، ساپا ــ مەرۋە ئارىلىقىدا يۈگۈرۈش، مۇزدەلفەدە تاش يىغىپ مىنادا قونۇپ شەيتانغا تاش ئېتىش، ئاراپاتقا چىقىش قاتارلىق ھەج قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، رەسمىي ھاجى بولدۇق. ئېھراملىرىمىزنى سېلىپ، ئۆز كىيىملىرىمىزنى كىيدۇق.

كەئبەبەيتۇللا قارا يوپۇق بىلەن قاپلاپ قويۇلىدىكەن. ھەر يىلى ھەج ۋاقتىدا پادىشاھ كەئبەبەيتۇللانىڭ قارا يوپۇقىنى يېڭىلاپ، كەئبەبەيتۇللانىڭ ئىچىنى يۇيۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدىكەن. بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىدىن باشقا، چەت ئەلدىن كەلگەن دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، مەشھۇر ئەربابلارنى تەكلىپ قىلىدىكەن. بىز ھەج قىلغان يىلى مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن ھىندونېزىيە زۇڭتوڭى سۇكارنو قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. يوپۇق يۆتكەش، كەئبە يۇيۇش مۇراسىمىغا سۇكارنو ئىشتىراك قىلدى. بىزدىن بۇرھان شەھىدى باشلىق ئىككى ــ ئۈچ كىشى قاتناشتۇق. مۇراسىم ۋاقتىدا كەئبەبەيتۇللا مەسچىتىگە ھېچكىمنى كىرگۈزۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن. ھەج ۋاقىتلىرىدا كەئبەبەيتۇللا مەسچىتى كېچە ــ كۈندۈز مىڭ ــ مىڭ ئادەم بىلەن تولىدىكەن.

بىز بارغان ۋاقتىمىز يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى بولۇپ، تېمپېراتۇرا 50 — 40 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزى شامالدۇرغۇچ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، مۇز سۈيى ئىچىپ ئۆتكۈزدۇق. كېچىدىكى نىسبەتەن سالقىنراق ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ھەج رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىدۇق. ئاراپاتتىكى ۋاقتىمىزدا ئوچۇق ھاۋادا قولىمىزدا زومىتىك، بېشىمىزدا مۇز، يېنىمىزدا سۇدانغا سۇ ئېلىپ ئولتۇردۇق. ئەگەر سۇ بولمىسا ئادەم ئاز ۋاقىت ئىچىدە جىسمىدىن جۇدا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مېنىڭ قان بېسىمىم يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسسىقتىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلدىم. مەن ھەجگە سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن ياسىن ھاجىمنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىپ، ھەج سەپىرىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەنىدىم. ياسىن ھاجىم ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە ئىسسىق ھاۋادىن ساقلىنىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى. دەرۋەقە، بىزنىڭ مەككىنىڭ ھاۋاسىغا كۆنىشىمىز تەس ئىكەن. بىر كۈنى بازارغا چىققانىدۇق، ئابدۇرېھىمجان ھاجىم ھەسەتوپ ئادىشىپ قېلىپ، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ تەسلىكتە ساقايدى.

مەككىدىكى ھەج رەسمىيەتلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، ئايروپىلان بىلەن مەدىنىگە سەپەر قىلدۇق. مەدىنىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپنە قىلىنغان يېڭىدىن بىنا قىلىنغان ھەشەمەتلىك مەسچىتتىن باشقا زامانىۋى قۇرۇلۇشلار يوق ئىدى. شەھەر قۇرۇلۇشى ئۇنىڭ قەدىمىيلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەدىنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياشىغان ۋە مەقبەرىسى بار شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاھىدە خاسىيەتلىك شەھەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەدىنىدىكى ۋاقتىمىزدا بىر مازارنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا، دەلىل بىر قەبرىنى كۆرسىتىپ، بۇ ھەزرىتى ئىمام جەغبەرسادىقنىڭ قەبرىسى دېدى. ئىمام



جەغبەرسادىقنىڭ قەبرىسى خوتەندە دەپ ھەر يىلى ئادەملەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغانلىقى دەرھال خاتىرەمگە كەلدى. بىز مەدىنەدىن مەككىگە قايتىپ ئاندىن جىددەگە باردۇق. جىددە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پورت شەھىرى بولغانلىقى ئۈچۈن مەككە، مەدىنىلەرگە قارىغاندا قۇرۇلۇشلىرى بىر قەدەر زامانىۋى ئىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا كېيىنكى يىللاردا نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ نېفىت زاپاس مىقدارى دۇنيادىكى زاپاس نېفىت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى دۇنيا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 13 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تەبىئىي گازنىڭ زاپاس ساقلىنىش مىقدارى دۇنيا بويىچە ساقلىنىۋاتقان تەبىئىي گاز مىقدارىنىڭ 11 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1992 ـ يىلى نېفىت، تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 38 پىرسەنتىنى، ئېكسپورت قىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 87 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. 1966 ـ يىلغىچە يىللىق ئاشلىق ھوسۇلى ئاران ئۈچ مىڭ توننا بولۇپ، ئېھتىياج مىقدارىنىڭ ئون پىرسەنتىنىلا قامداپ، قالغاننى ئىمپورت قىلاتتى. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ زور كۆلەمدە قۇملۇقلارنى كۆكەرتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ھەر يىلى يېزا ئىگىلىكىگە سالغان مەبلىغى 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بىرىنچىدىن، ئىمپورت قىلىشتىن قۇتۇلۇش، ئىككىنچىدىن، مۇھىتنى ياخشىلاش. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى بۇغداي بىلەن ئۆز ـ

ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماي، دۇنيا بويىچە بۇغداي ئېكسپورت قىلىشتا 6 ـ دۆلەت بولۇپ قالدى. تۇخۇم بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنالايدۇ. ئۆي قۇشلىرى ۋە سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمۇ ناھايىتى يۇقىرى. زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن جاھازلانغان دوختۇرخانا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى قۇرغان. 1992 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 7900 ئامېرىكا دوللىرى بولغان.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز ھەج قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەج ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئەرەب دۆلەتلىرىدە زىيارەتتە بولۇش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى، دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى، مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى تونۇشتۇرۇش، دوستلۇق ئورنىتىش ئىدى. يۇقىرىدىن بىزگە بېرىشقا مۇمكىنلا بولغان مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېرىش، جامائەت ئەربابلىرى، مەشھۇر زاتلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئۇلارنى ۋەتىنىمىزگە ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىش تاپشۇرۇلغانىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز بېرىشقا مۇمكىن بولغان دۆلەتلەرگە بېرىشقا ھەرىكەت قىلدۇق. بىزنىڭ مىسىردىن باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئەلچىخانىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇناسىۋەت باغلاش ئوڭاي بولمىدى. بىز بارىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق ئالاقە باغلاپ، رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن باردۇق. ئالدى بىلەن سۈرىيىگە باردۇق. بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. سۈرىيىنىڭ زوڭتوڭى شۈكرى قۇۋۋەتلى بىزنى قوبۇل قىلدى. جامائەت ئەربابلىرى، مەشھۇر دىنىي زاتلار، مائارىپ ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. ئائىلىرىدە مېھمان بولدۇق. دەمەشقنىڭ ئاسارە ـ ئەتىقە ئورۇنلىرىنى



ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بىز بارغان ۋاقتىمىزدا سۈرىيىدە دۆلىتىمىزنىڭ سودا ۋەكالەتخانىسى بار ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ياردەملىشىپ كۆپ ئوڭايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەردى. شۇ چاغدا جۇڭگو بىلەن سۈرىيىنىڭ دىپلوماتىك ئالاقە ئورناتقانلىقى رادىئو ئارقىلىق ئېلان قىلىندى. ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەنلىك ھېس قىلدۇق. «شەرقنىڭ مەرۋايىتى» دەپ نام ئالغان دەمەشىق ھەقىقەتەن گۈزەل شەھەر ئىكەن. شەھەر تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، كېچىدە ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. دەمەشىقنىڭ تۆت تەرىپى باغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، لىمون، ئاپېلسىن، ئۈزۈم، ئالما، شاپتۇل، ئالگىرات قاتارلىق مېۋىلىك باغلار كۆپ ئىكەن، ھەر خىل مېۋىلەرگە باي بولۇپ، چەت ئەللەرگە مېۋە ئېكسپورت قىلىدىكەن.

سۈرىيىدىن كېيىن لىۋاننى زىيارەت قىلدۇق. پايتەختى بېيرۇتنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى بىر مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. مېھمانخانا دېرىزىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزدا يۈرگەن پاراخوتلارنى، دېڭىز ئۈستىدە ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان ئايروپىلانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. بېيرۇت ئايرودرومى چوڭ بولۇپ، قاتناش تۈگمىنى ئىدى. بېيرۇتتا لىۋاننىڭ زوڭتوڭى، زۇڭلىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشتۇق. لىۋاندا كاتولىكلارنىڭ مەشھۇر دىنىي ئۆلىماسى بولۇپ، تاغ ئىچىدە تۇرىدىكەن، ئۇنى زىيارەت قىلدۇق. يىراق يېزىلىرىدىمۇ ئادەملەر شەھەردىكىلەرنىڭكىدەك كېيىنىپ يۈرەتتى. ئاھالىسى مەدەنىيەتلىك، كىيگەن كىيىملىرى رەتلىك ۋە كۆركەم ئىدى. بېيرۇت ئۇچۇق شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن، مال باھالىرىمۇ ئەرزان ئىدى.

ئىوردانىيىدە پايتەختى ئاممان شەھىرىنىڭ «ئاممان»

مېھمانخانىسىدا تۇردۇق. بۇ مېھمانخانا قەدىمىي ئۈستى ئوچۇق تىياتىرخانا يېنىغا ئورۇنلاشقانىدى. بۇ قەدىمىي ئۈستى ئوچۇق تىياتىرخانا دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، بۇنى كۆرگەندە قەدىمىي زاماندىكى ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. پادىشاھ سارىيىدا پادىشاھ ھۇسەيىن بىلەن كۆرۈشتۇق. پادىشاھ سارىيى ئېگىز جايغا ئورۇنلاشقان، ھەشەمەتلىك ئىدى. مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئالدى بىلەن ھەشەمەتلىك ساراي، ئاندىن زور مەسچىت، ئاخىرىدا كۆركەم مەقبەرە سالدۇرىدىكەن. ئىوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۆلۈك دېڭىزىدا سۇغا چۈشتۇق. ئۆلۈك دېڭىزىدا گويا كارىۋاتتا ياتقاندەك، سۇغا چۆكمەي لەيلەپ يېتىش مۇمكىن ئىدى. سۇدا ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماي، جىمجىت يېتىش ئادەمگە ئالاھىدە ھوزۇرلىنىش بەخش ئېتەتتى. قۇددۇس (يېرۇسالېم)غا بېرىپ، ياشانغان، ئاپئاق ساقاللىق، مۇلايىم، مېھماندوست بىر ئۆلىمانىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق ۋە قىزغىن سۆھبەتلەشتۇق. ئەيسا ئەلەيھىسسالام قەبرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. ئاقسا مەسچىتىدە ناماز ئوقۇدۇق ۋە ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. قۇددۇس يەھۇدى، خرىستىيان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس شەھىرى. 1949 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇددۇس، ئىسرائىلىيە باشقۇرۇشىدىكى غەربىي رايون ۋە ئەرەبلەر باشقۇرۇشىدىكى شەرقىي رايونغا بۆلۈنگەن. 1967 - يىلىدىكى 3 - ئىيۇن ئۇرۇشىدا ئىسرائىلىيە شەرقىي رايونىنىمۇ ئىشغال قىلىۋالغان.

مىسىردا قاھىرەدىكى كونتىنېنتال مېھمانخانىسىدا تۇردۇق. بۇ زامانىۋى مېھمانخانا ئىكەن. مىسىر مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى چوڭ دۆلەت بولۇپ، مىسىر ئەرەب تىلىدا «بىپايان دۆلەت» دېگەن مەنادا بولىدۇ. مىسىر ئۆزىنىڭ قەدىمىي پىرامىدالىرى



بىلەن مەشھۇر. قاھىرەگە يېقىن جايدىكى قەدىمىي مىسىردا مىلادىدىن بىرقانچە ئەسىرلەر بۇرۇن ياسالغان خېئوپس پىرامىداسىنىڭ ئاساسى 52 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئېگىزلىكى 146.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ پىرامىداغا ھەر بىرى 2.5 توننا ئېغىرلىقتىكى شىبەن تاشتىن سىلىقلىنىپ ئىشلەنگەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن 23 مىليون دانە سەرپ قىلىنغانىكەن. بۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ زور قۇرۇلۇش يۈز مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. پىرامىدالار يېنىدا ئادەم باشلىق، ئارسلان تەنلىك بىر ھەيكەل — سفىنكس قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئەقىل بىلەن كۈچنىڭ بىرلىشىشىنىڭ سىمۋولى. بۇنىڭمۇ دۇنياغا داڭقى تارالغان. بىز پىرامىدانىڭ تار يولىنى بويلاپ ئەڭ تۆپىدىكى چوڭ بىر زالغا چىقتۇق. بۇ زالغا پىرئەۋننىڭ جەسىتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر قويۇلغانىكەن. بۇ زالغا قويۇلغان نەرسىلەردىن قاھىرەدە ئالاھىدە بىر تارىخىي مۇزېيخانا تەشكىل قىلىنىپتۇ. شۇڭا زال قۇپقۇرۇق ئىدى.

قاھىرە چوڭ ۋە گۈزەل شەھەر ئىكەن. نىل دەرياسى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، نىل دەرياسى ساھىلىغا سېلىنغان ئېگىز ئىمارەتلەر ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. نىل دەرياسىدا ساياھەت قىلغۇچىلار قاتناپ تۇراتتى. بىز نىل دەرياسىنى بويلاپ ساياھەت قىلدۇق. نىل دەرياسىدا ساياھەت قىلىش ئادەمنى راھەتلەندۈرەتتى، ھوزۇر بېغىشلايتتى.

بېيجىڭدا ئۆردەك كاۋىپى مەشھۇر بولغاندەك، قاھىرەدە باچكا كاۋىپى مەشھۇر ئىكەن. باچكا كاۋىپىنىڭ مەخسۇس دۇكانلىرى بولىدىكەن. دىنىي ۋازارەتنىڭ ۋەزىرى بىزنى باچكا كاۋىپىغا تەكلىپ قىلدى. لەززەتلىك باچكا كاۋاپلىرىنى يەپ ھوزۇرلاندۇق.

قاھىرەدە بىزنى ئەنۋەر سائادەت قوبۇل قىلدى. بىز بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتلەشتى. جامائەت ئەربابلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشتۇق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى ئورناتتۇق. قاھىرەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش بىز ئۈچۈن ئوڭاي بولدى. چۈنكى قاھىرەدە ئەلچىخانىمىز بار ئىدى. پات - پات ئەلچىخانىغا بېرىپ مەسلىھەت ئېلىپ تۇردۇق. ئەلچىخانىدا ۋەتىنىمىزدىن كەلگەن گېزىت، ژۇرنال ۋە ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ تۇردۇق. جۇڭگو تائاملىرىدىن ھوزۇرلاندۇق.

سەپەر ئۈستىدە بېيجىڭدىن بۇرھان ئەپەندىمنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇرھان شەھىدى 8 - قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتتى. بۇرھان شەھىدى ئۆمىكىمىز ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن كۆپ ئەمگەك سىڭدۈردى. ئۇنىڭ ئىقتىدارلىق رەھبەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئۆمىكىمىزدىكى كۆپچىلىك خادىملارمۇ بىللە قايتتى. مەن باشلىق ئون كىشى قېلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇردۇق. ئالدى بىلەن لىۋىيىگە باردۇق. ترىپولىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ باردۇق. پارلامېنت باشلىقى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. ترىپولى ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا ئورۇنلاشقان گۈزەل ساياھەت شەھىرى ئىكەن. بىزدە پەرۋىش قىلىپ تەشتەكلەردە ئۆستۈرىدىغان تال گۈللىرى كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە دەرەخ بولۇپ ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ. بىز ئاۋايلاپ تەشتەكلەردە ئۆستۈرىدىغان كاكتۇسلار يېزىلاردا يەرلەرنى ئىھاتە قىلىش ئۈچۈن سوقماتام ئورنىدا تېرىپ قويۇلۇپتۇ.

بىز تۇنىستا ئايروپىلاندىن چۈشكەندە، بىر ئەرەپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ مەھمۇدىيە ئىسىملىك زىيالىي سودىگەر



ئىكەن. بۇ ئادەم بىز بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. سۆزلىشىپ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، بىزنى «تۇنىس» ناملىق مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە پائالىيەتلىرىمىزگە ياردەملەشتى. ئۆز ئۆيىدە ۋە تۇغقانلىرىنىڭكىدە زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، سۆھبەتلىشىشىمىز ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىپ بەردى. ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. تۇنىستىكى ۋاقتىمىزدا بىزنى مائارىپ مىنىستىرى قوبۇل قىلدى. بىز تۇنىستىن قايتقىنىمىزدا مەھمۇدىيە ئائىلىسى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن ئايرودرومغا چىقىپ بىزنى ئۇزىتىپ قويدى. بۇ ناتونۇش ئادەم تۇنىسنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن غەمخورلۇقىغا ناھايىتى مىننەتدار بولدۇق. بۇ ئادەمنى جۇڭگوغا كېلىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. بۇ ئادەممۇ بىز تەكلىپ قىلغان باشقا ئادەملەر قاتارىدا بېيجىڭغا كېلىپ مېھمان بولۇپ كەتتى.

قاھىرەدىن ئايروپىلان بىلەن ئافغانىستانغا ئۇچتۇق. ئىراق ئۈستىدىن ئۆتكەندە باغداتنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشلىرى، دەريا ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈكلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەندىھاردا قونالمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يول ئۈستىدە تېھراندا قونۇپ، ئايروپىلان ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. تېھران تەرەپ بىزگە نىسبەتەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولمىدى. بىر كۈن ئايرودرومدىن چىقارتماي تۇرغۇزۇپ قويدى. ئافغانىستان ئەلچىخانىسىنىڭ تېھراندىكى مەخسۇس خادىمى، بۇلار بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ مېھمىنى، بۇلارغا كەچتە تېھرانغا كىرىپ مېھمانخانىدا قونۇشقا رۇخسەت قىلىنسا، دەپ تەكرار ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن ماقۇل بولدى. مېھمانخانىدا بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ئەتىگىنى تېھراندىن ئۇچۇپ قەندىھارغا كەلدۇق. قەندىھار ئۆلكە مەركىزى

ئىكەن. بىزنى قەنداھاردا قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۆلكە باشلىقى قوبۇل قىلدى. قەنداھار بىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىگە ئوخشايدىكەن. قۇرۇلۇشلىرى ئاددى، ھاۋا كىلىماتى، زىرائەتلىرى، مېۋىلىرى، سودا - سېتىق ئىشلىرى، ئاھالىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن. بىر ئالاھىدىلىكى، ئافغانىستانلىقلارنىڭ يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ھەممىسى باش كىيىمى ئورنىدا سەللە ئورايدىكەن. دىنىي ئېتىقادى بەك كۈچلۈك ئىكەن. قەنداھاردا بىر مەسچىت يېنىغا سېلىنغان بىر كۈلۈب بولۇپ، بۇ كۈلۈب سەھنىسىدە نەچچە قەۋەت ساندۇق ئىچىدە «موي مۇبارەك» يەنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلىنىڭ مويى بار ئىكەن. بۇ كۈلۈب ھەر جۈمە كۈنى ئېچىلىدىكەن. جۈمە نامىزىغا كەلگەنلەر نامازدىن كېيىن بۇ كۈلۈبقا كىرىپ، ساندۇق ئىچىدىكى «موي مۇبارەك»نى تاۋاپ قىلىپ، ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىدىكەن. ساندۇقتىكى «موي مۇبارەك»نى كۆرۈشمۇ يوق ئىكەن. بىز قاھىرەدىكى ۋاقتىمىزدا ئەرەب دۇنياسىنىڭ مەشھۇر، مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئەزھەر داشۆسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىنىمىزدا، مەكتەپتە ساقلىنىۋاتقان «موي مۇبارەك»نى بىزگە كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭغا قەنداھارنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. خۇراپاتلىق بەكمۇ ئېغىر ئىدى.

قەنداھاردىن ئانار بەك كۆپ چىقىدىكەن ھەم بەك ئوخشايدىكەن. ئانارى چوڭ، سۇلۇق ھەم تاتلىق بولىدىكەن. ئانارنى بازاردا قوغۇن - تاۋۇزدەك دۆۋە قىلىپ تاشلايدىكەن.

قەنداھاردىن كابۇلغا باردۇق. كابۇلدا پادىشاھ مۇھەممەد زاھىر شاھ بىزنى ئۆز سارىيىدا قوبۇل قىلدى. بىز پادىشاھقا سوۋغا تەقدىم قىلدۇق. پادىشاھ بىزگە خاتىرە ئۈچۈن ئافغانىستاندا بېسىلغان قۇرئان كەرىمدىن بىر نۇسخىدىن، يەنە



ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىنلىرىغا بىردىن گىلەم تەقدىم قىلدى.

كابۇلدا بىر مېھمانخانا سېلىنىۋاتقانىكەن، تېخى پۈتمەپتۇ. باشقا مېھمانخانا بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇق. كابۇلنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئاددى بولۇپ، قەۋەتلىك ئىمارەتلەر يوق ئىدى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى كابۇل شەھەر كوچىلىرىنى ياساپ بېرىپتۇ. چوڭ ماگىزىنلار يوق بولۇپ، سودىگەرلەرنىڭ كاتەكچە دۇكانلىرى بىلەن بازار تولغانىدى. ئافغانىستاندىن كاراكۆل چىقىدىكەن ھەم ئېكسپورتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ھاۋاسى، زىرائەتلىرى، دەل - دەرەخلىرى شىنجاڭنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىكەن. كابۇل كوچىلىرىدا يۈزى ئوچۇق يۈرگەن بىرمۇ ئايالنى ئۇچراتمىدۇق. ئاياللار پەرەنجە ئورنىدا قارا رەختتىن تىكىلگەن تاغارغا ئوخشاش كىيىمنى ئارتىۋالىدىكەن. كۆرۈش ئۈچۈن پەقەت ئىككى تۆشۈك ئېچىپ قويىدىكەن. ئافغانلار بۆدۈنە بېقىشقا بەك ئامراق ئىكەن. ئۆيلىرىدە، دۇكانلىرىدا قەپەستە بۆدۈنە باقىدىكەن. كابۇل شەھىرىدە تاڭ سەھەردە تەرەپ - تەرەپتىن بۆدۈنىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن، بۇنىڭدىن بەك ھۇزۇرلاندىم.

بىز بارغان دۆلەتلەردە قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا ئېرىشتۇق. دۆلەت، ھۆكۈمەت ۋە جامائەت ئەربابلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. قىزغىن سۆھبەتتە بولدۇق. بارغانلا دۆلەتلەردە، ئۇچرىشىشلىرىمىزدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋالىنى، قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىمىزنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىمىزنى، مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى تونۇشتۇردۇق. كۆپ سوۋغات

ئېلىپ بارغانىدۇق، دوستلارغا سوۋغا تەقدىم قىلدۇق. ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابلىرىنى جۇڭگوغا كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدۇق. سەپىرىمىز ئۇتۇقلۇق بولدى. مۇھىمى، مەملىكىتىمىز خەلقلىرى بىلەن ئەرەپ خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ئورنىتىشتا ئاز بولسىمۇ ھەسسە قوشتۇق. خەلقلەر ئارا ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق جەھەتتە ئاز - تولا ھەسسە قوشقانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزدە مەمنۇنلۇق ۋە خۇرسەنلىك ھېس قىلدۇق. چۈنكى، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق بىباھا گۆھەر.

ۋەتەنگە ھىندىستان ئارقىلىق قايتتۇق. يولدا يېڭى دېھلى، كالكوتتا شەھەرلىرىدە توختاپ، مۇھىم جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. يېڭى دېھلى ياپېشىللىق بىلەن قاپلانغان، بۈك باراقسان دەرەخزارلىققا ئورالغان گۈزەل شەھەر ئىكەن. كالكوتتا ھىندىستاننىڭ سانائەت شەھىرى ۋە ئەڭ چوڭ شەھىرى ئىكەن.

ھەج قىلىش ھال سوراش ۋە ئېكسكۇرسىيە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، چەت دۆلەتلەردە ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى كۈنمىڭ ئارقىلىق بېيجىڭغا قايتتۇق. شۇنىڭ بىلەن سەپەر ئاخىرلاشتى.

1956 - يىلى ئىيولنىڭ 9 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 35 ئادەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەزالىقىغا، 13 ئادەم كاندىدات ئەزالىقىغا سايلاندى. مەنمۇ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندىم. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىيولنىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي



يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا مەركەز تەستىقلىغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى. مەن مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدۇم. ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن، مائارىپ نازارىتىدىن يۆتكىلىپ، يېڭى ۋەزىپىنى ئۆتەشكە باشلىدىم. مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى پارتىيە نۇقتىسىدىن ئىدىيە، پارتىيە تەشكىلى ۋە كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش بىلەن بىللە كەسپىي خىزمەتلەرنىمۇ تۇتاتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا تۈرلۈك ھەرىكەتلەر كۆپ بولاتتى. پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلاتتى.

## مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە

1958 - يىلى 9 - ئايدا مەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا باردىم. بۇ مېنىڭ ئازادلىقتىن بېرى كۈتكەن ئارزۇيۇم ئىدى. بۇ پارتىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ 3 - قارارى ئىدى. بۇ قاراردا پارتىيە مەكتىپىگە مىللىيلاردىن بىر مەسئۇل كادىرلار سىنىپى، ياشلاردىن نەزەرىيە سىنىپى قوبۇل قىلىندى. بۇ يىلى پارتىيە مەكتىپىگە باشقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنماي، پەقەت خەنزۇ ياشلىرى ئۈچۈن تەبىئەت دىئالېكتىكىسى سىنىپى ئېچىلدى. مەسئۇل كادىرلار سىنىپىدا مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوپ، ئابلىمىت ھاجىيوپ، سىدىق مۇسايوپ، پاتىقان سۇگۇربايوپ، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، نۇسرەت شەھىدى، ئابدۇرېھىم لېتىپ، گەرچە، ماغاۋىيە،

سەيت تۇرسۇن، توختى قاسىموپ، مەخمۇتجان سايىتوپ، ئابدۇسالام ئاباسوپ، باھار رەھمى، ئابلىز شەرىپى، ئابلىز نازىرى، توختى ئابدۇللا، ئەيسا نىياز، جىلانوپ قاتارلىق يولداشلار بار ئىدى.

بىزنىڭ ئوقۇش مۇددىتىمىز بىر يىل ئىدى. يولداشلارنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپرەك ئوقۇش مەقسىتىدە ئۆگىنىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش توغرۇلۇق ئىلتىماس قىلدۇق. رەھبەرلىك ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئوقۇش مۇددىتىنى بىر يېرىم يىل قىلىپ ئۇزارتتى. بىز ئىلمىي سوتسىيالىزم، پەلسەپە، سىياسىي - ئىقتىساد، پارتىيە تارىخى قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيە ھۆججەتلىرىنى، دۆلىتىمىزدە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنى دەرسىمىزگە كىرىشتۈرۈپ ئۆگەندۇق. پارتىيە مەكتىپىدە «نەزەرىيە ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش، تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيە ئۆزگەرتىش» فاڭجېنى ئاساسىدا ئۆگىنىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردۇق. مەكتەپتە ياڭ شەنجاڭ، ئەي سىچى، سۇڭ دىڭگو قاتارلىق داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتتى. بىز ئۇلارنىڭ دەرسلىرىدىن مەمنۇن بولدۇق. مەكتەپ مۇدىرى ياڭ شەنجاڭ ئاددىي، كەمتەر، پىشقەدەم رەھبەر بولۇش بىلەن بىللە دەرس ئۆتۈشكە ئالاھىدە ماھىر ئىكەن. پەلسەپە — ماتېرىيالىزمدىن دەرس ئۆتكەندە، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ دەرس ئۆتۈشتە بىزنى قايىل قىلدى. بىزدىن بۇرۇن 1 ـ، 2 ـ قاراردا ئوقۇغان مىللىي يولداشلار ۋە پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان خەنزۇ يولداشلارنىڭمۇ ياڭ شەنجاڭنىڭ ئوقۇتۇشىغا يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

نەزەرىيىۋى ئاڭنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىدا تونۇشنى



ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىۋى خاتالىقلارنى تونۇش ۋە ئىدىيىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىدىيە ئۆزگەرتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت بېرىلىدىكەن. بىز ئۈرۈمچىدە مىللەتچىلىككە قارشى كېڭەيتىلگەن مەجلىس تاماملانغاندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي ئوقۇشقا كەلدۇق. بۇ ۋاقىتتا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغانىدى. پارتىيە مەكتىپىدىمۇ مىللەتچىلىككە دائىر ئىدىيە ۋە سۆزلەرنى تەكشۈرۈش، ئىدىيە تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى. ھەممە مىللەتچىلىككە دائىر خاتالىقلار ئۈستىدە ئويلاندى. سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىككە دائىر خاتالىقلىرىنى تەكشۈردى. مەن ياچېيكا شۇجىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن تەكشۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. مەن بۇ جەھەتتە نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى كۆپ ئويلىدىم. مىللەتچىلىككە دائىر خاتالىقلاردىن خالى ئىدىم. مېنىڭ ئۈستۈمدە مىللىي مەسىلىگە دائىر خاتالىق توغرۇلۇق ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان مىللەتچىلىككە قارشى كېڭەيتىلگەن مەجلىس جەريانىدىمۇ بىرەر مەسىلە ئوتتۇرىغا چۈشمىدى.

پارتىيە مەكتىپىدە ئۆزۈمنى تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كەلدى. بۇ «51 چىلەر» مەجلىسىنىڭ خاتىرىسى ئىدى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر سوئال ئوتتۇرىغا چىقتى:

— سەن «51 چىلەر» مەجلىسىنىڭ خاتىرىسىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

— ئۇنىڭغا ئۆز پوزىتسىيەڭنى بىلدۈردىڭمۇ؟

— بىلدۈرمىدىم.

— بۇ ھەقتە رەھبەرلىككە مەلۇم قىلدىڭمۇ؟

— قىلمىدىم.

سەن بۇنىڭغا قارشى پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەن بولساڭ، رەھبەرلىككە مەلۇم قىلمىغان بولساڭ، دېمەك قوشۇلغانسەن. سۈكۈت ئالامىتى رىزا. ئۇلار بىلەن ئىدىيەڭ ئوخشاش، بۇنى تەكشۈرۈش كېرەك، دېگەن خۇلاسە چىقىرىلدى. بۇ مېنىڭ «مىللەتچى» لىكىمنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. مەتىمىن جىلانوپ «51 چىلەر» مەجلىسىنىڭ خاتىرىسىنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئالغاچ بارغانىكەن. شۇ خاتىرە ئاساسىدا ئۆزۈمنى ماددىمۇماددا تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

بۇ مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىدى. 1951 - يىلى بېيجىڭغا مائارىپ مەجلىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىش ئالدىدا، غۇلجىدىن يولداش سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مەجلىس خاتىرىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىش تاپشۇرۇلغانىكەن. ئۇ، مەندىن «51 چىلەر» مەجلىس خاتىرىسىنى غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. مەن مەجلىس خاتىرىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بېيجىڭدىن قايتىشىمدا غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇم. مەن بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر سايرانى (ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر سايرانى ئالماتادا تۇرۇشلۇق جۇڭگو كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ئىدى) ئالماتادىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق بېيجىڭغا تاشقى ئىشلار خىزمەت مەجلىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇ ماڭا «51 چىلەر» مەجلىسىدە خاتالىق بار ئىكەن، ۋاڭ جېن سىلىڭيۈەن تەنقىد قىپتۇ، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ مەن مەجلىس خاتىرىسىنى غەربىي شىمال مىللىي



ئىشلار كومىتېتىغا تاپشۇرماي، قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلدىم.

«51 چىلەر» مەجلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىدى: 1951 - يىلى غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتى شىنجاڭدىكى بىر قىسىم مىللىي مەسئۇل يولداشلارغا ئالاقە يېزىپ مىللەتلەرنىڭ سانى، ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادىتى، تارىخى، شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇشقا دائىر پىكىرلىرى ئۈستىدە ماتېرىيال يېزىپ، ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى. بۇ خىل ئالاقە ماڭىمۇ كەلگەنىدى.

غۇلجىدا قېيۇمبەگ خوجا بۇ خىل ئۆتۈنۈشنى تاپشۇرۇۋالغانىكەن. قېيۇمبەگ خوجا پىكىر تەييارلاش ئۈچۈن ياسىن خۇدابەردى، ئوسمان زىيامىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر سۆھبەت مەجلىسى ئېچىشنى لايىق كۆرۈپ، يەرلىك كومىتېتنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، 1951 - يىلى 4 - مارت كۈنى مەجلىس چاقىرىدۇ. بۇ مەجلىسكە سەيدۇللا سەيپۇللايوپمۇ تەكلىپ بىلەن قاتنىشىدۇ. مەجلىسكە پارتىيىلىك ۋە پارتىيىسىزلەرمۇ ئىشتىراك قىلىدۇ. مەجلىستە غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتى تارقاتقان تەكشۈرۈش تىزىمىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە بولىدۇ. مەجلىس مۇزاكىرىسى جەريانىدا ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن بەزى مىللەتچىلىككە دائىر خاتا كۆزقاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەجلىس ئاخىرىدا مەجلىس خۇلاسىسى تەرىقىسىدە مەجلىس خاتىرىسى يېزىپ چىقىلىدۇ. بۇ مەجلىسكە 51 كىشى قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، كېيىن «51 چىلەر» مەجلىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەجلىس خاتىرىسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئۈچ قىسىمغا

بۆلۈنگەن:

1. شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش كېرەك.

2. شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ شەرت - شارائىتلىرى ھازىرلاندى.

3. شىنجاڭدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانداق ئاپتونومىيە بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە 12 ماددىلىق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

1) كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى بولىدۇ.

2) ئاپتونوم رېسپۇبلىكا ئۆز دائىرىسىدىكى ھەممە مەسىلىلەردە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمان بولۇشى كېرەك. ھەردەرىجىلىك ئاپتونوم ھۆكۈمەتلەر، يۇقىرى دەرىجىلىكتىن يېزا - قىشلاق دەرىجىلىكلەرگىچە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىدىن پايدىلىنىشى كېرەك. مەركەزگە قارىتا ئىككى خىل يېزىق (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە)نى ئاساس قىلىشى كېرەك.

3) ئاپتونوم ھۆكۈمىتى ئورتاق پروگراما ۋە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سىياسىي پروگراما ۋە تەشكىلىي نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

4) ئاپتونوم ھۆكۈمىتى مەركەز جاكارلىغان قانۇنلارغا ئاساسەن ئۆز قانۇنلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ئۇ قانۇننى پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئىجرا قىلىشى كېرەك.

5) ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى تەۋەلىكىدىكى يەرلەرنىڭ دائىرىسىنى ئاپتونوم ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ چېگرىسىنى ئۆزگەرتىشنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ



تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

6) ئاپتونوم رېسپۇبلىكا زېمىنى ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رېسپۇبلىكىنىڭ پۇقراسى، شۇنداقلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى بولىدۇ.

7) ئاپتونوم رېسپۇبلىكا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بەلگىسى ۋە دۆلەت بايرىقىنىڭ بىرلىكىنى ساقلىشى لازىم.

8) دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە ئىدارە قىلىشىدا بولىدۇ.

9) ئاپتونوم رېسپۇبلىكا زېمىنى ئىچىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن يەرلىك خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايون دائىرىسى ئىچىدە يەرلىك خەلقتىن ئامانلىق ساقلاش قوشۇنلىرى تەشكىللەش كېرەك.

10) مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالىغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بىۋاستە ھالدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولۇشى كېرەك.

11) ئاپتونوم رېسپۇبلىكا دائىرىسىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپتونوم ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم يېزىلىق ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرۇش كېرەك.

12) ئاپتونوم رېسپۇبلىكىنىڭ نامى توغرىسىدا ئايرىم كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەت بىلەن باشقا رايونلارغا «تيانشان» ياكى «تۈركىستان» دەپ نام قويۇش كېرەك، ئۈچ ۋىلايەت ۋە باشقا رايونلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون قۇرۇش كېرەك،

دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەرنى قويدى. ئۇ پىكىرلەر ستالىننىڭ مىللىي سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن رەت قىلىندى. ئاپتونوم رېسپۇبلىكا نامىدا تاغ ياكى چۆل - جەزىرىنىڭ نامىنى ئاساس قىلماستىن، كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدىغان مىللەتنىڭ نامىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلكىمىزدىكى مىللىي ئاپتونوم رايوننىڭ نامىدا شىنجاڭدىكى ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان، شۇنىڭدەك شىنجاڭدا ئەسلىدە بار بولغان يەرلىك خەلق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نامىنى ئاساس قىلىش، يەنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرىستان رېسپۇبلىكىسى دەپ ئاتاش كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتىدىكىلەردىن باشقا قالغان مىللەتلەرمۇ مۇشۇ نامغا قوشۇلدى.

«51 چىلەر» مەجلىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە مەجلىس خاتىرىسى رەھبەرلىككە مەلۇم بولغاندىن كېيىن، 1951 - يىلى 13 - مارتتىن 19 - مارتقىچە شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلغان كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ۋاڭ جېن شۇجى مۇھىم سۆز قىلىپ، «51 چىلەر» مەجلىسىنىڭ خاتالىقلىرى ئۈستىدە توختىلىش بىلەن بىللە، پارتىيىمىزنىڭ چىڭ تۇرىدىغان سىياسىتى — سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورتاق پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ئىكەنلىكى، بۇ سىياسەت جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكى، ھەمكارلىقى، ئىتتىپاقلىقى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئاساس قىلغان توغرا سىياسەت ئىكەنلىكىنى مەركەزلىك ھالدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى، كېڭەيتىلگەن يىغىننىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان قىسقا خەۋىرىدە، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر تولۇق مۇزاكىرە قىلىپ، بىردەك



مۇنداق دەپ قارىدى: 1950 - يىلى بەزى يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغان «مۇستەقىل بولۇش» قاتارلىق مەسىلىلەر ۋە 1951 - يىلى 3 - ئايدا ئىلىدىكى 50 نەچچە كىشىلىك سۆھبەت يىغىنىنىڭ پىكىرلىرى پۈتۈنلەي خاتا، ئۇنى تەنقىد قىلىش كېرەك.

پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋاقتىغا توغرا كەلدى. خېنەن ئۆلكىسى شۈيشۈي ناھىيىسىنىڭ چىلىيىڭ يېزىسىدا مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. بۇ خەۋەر تېزلىكتە پۈتۈن مەملىكەتكە تارالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەملىكەت بويىچە خەلق گۇڭشېسى تېزلىك بىلەن قانات يايدى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلاردا يۈز بەرگەن يېڭىلىقلارنى كۆرستىش ئۈچۈن پارتىيە مەكتىپى بىزنى خېنەن ئۆلكىسى شۈيشۈي ناھىيىسىنىڭ چىلىيىڭ گۇڭشېسىغا ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ باردى. بۇ يەردە تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۇ يېزا ئادەم قاينىمىغا ئايلانغانىدى. بۇ يەردە بىز ئادەملەرنىڭ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ھەممە يەردە ماۋجۇشىنىڭ «خەلق گۇڭشېسى ياخشى» دېگەن شوئارى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كۆكتاتچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرۇلۇق يېزىلغان لوزۇنكا ۋە پلاكاتلار كۆزنى قاماشتۇراتتى. تامغا يېزىلغان پلاكاتلاردا بىر مو يەردىن 10 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئالىمىز، بىر بەسەينى 200 جىڭغا يەتكۈزىمىز، بىر چوشقىنى 1000 جىڭغا يەتكۈزىمىز. ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن قورقمايمىز، ئويلىيالماسلىقتىن قورقىمىز، دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار بار ئىدى. مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دېھقانلار ئېتىزلارنى ئادەم بويى چوڭقۇر كولاپ، ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئۇرۇق چېچىپ ۋە باشقا

تەدبىرلەر قوللىنىپ ئىشلىمەكتە ئىدى. ئائىلىلار يەسلى ۋە بالىلار باغچىلىرىغا يىغىلغان، ياشانغانلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا توپلىنىلغان، ئامما ئومۇمىي ئاشخانىلاردا تاماق يېيىشكە تەشكىللەنگەن، ساتىراشخانىغا ئوخشاش مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا ھەقسىز ئىشلەش يولغا قويۇلغانىدى. ئاشلىقنى پۇلسىز قىلىش مۇزاكىرە قىلىنماقتا ئىدى. سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم قۇرۇش مۇئامىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش بەلگىلەنگەنىدى.

پولات - تۆمۈر تاۋلاش ھەرىكىتىمۇ بىز مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدا يۈز بەردى. مەملىكەت بويىچە قوزغالغان بۇ ھەرىكەتكە بىزنىڭمۇ ئاۋاز قوشۇشىمىزغا توغرا كەلدى. بۇ بېيجىڭ شەھىرىدە پولات تاۋلاشنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىت ئىدى. بىزمۇ ئوقۇشنى توختىتىپ، كىچىك بىر ئوچاق قۇرۇپ، كېچە - كۈندۈز پولات تاۋلاشقا كىرىشىپ كەتتۇق. مەكتەپتىكى ئۆز ۋاقتىدىن بېرى توپلىنىپ قالغان ئوتۇنلارنى ۋە يىغىلىپ قالغان چۆيۈنلەرنى پۈتۈنلەي تۈگەتتۇق. ئاخىرىدا پولات تاۋلىيالمىساقمۇ، ئۆزىمىزنى تاۋلىدۇق، دېگەن خۇلاسە بىلەن قانائەتلەندۇق.

بىز مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدا دۆلىتىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىق تويى بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېيجىڭدا ئون چوڭ قۇرۇلۇش بىنا قىلىندى. بۇنىڭ بىرى خەلق سارىيى ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئون يىللىق مەرىكىسى يېڭى پۈتكەن خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئون يىللىق مەرىكىگە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى تەكلىپ قىلىنغانىدى. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېلېگاتسىيە كەلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە سېكرېتارلىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سوسلوپ



(كېيىن خرۇشچوپ ئامېرىكىدىن كەلدى)، ۋېيتنامدىن خۇزېمىن، چاۋشيەندىن كىمئىرسېن، ئالبانىيەدىن ئەنۋەر خوجا، ۋېنگرىيەدىن كادار، بۇلغارىيەدىن ژىۋكوپ، رۇمىنىيەدىن چېئاۋۇسسكو، ئىسپانىيەدىن دوللىرىس، ئىبارورى (ئۇ ۋاقىتتا موسكۋادا تۇراتتى) ۋە باشقىلار قاتناشتى ۋە تەبرىك نۇتقى سۆزلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋەكىل بولۇپ لىيۇ شاۋچى سۆز قىلدى. مەن 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغانلىقىم ئۈچۈن، تەكلىپ قىلىنغانىدىم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەممە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىن كەلگەن كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىرىنى كۆرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ مەجلىستە قىلغان نۇتۇقلىرىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ ماڭا زور خۇشاللىق بەخش ئەتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئون يىللىق تويى ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتتى.

## ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى 4 - تومىنىڭ تەرجىمە ۋە تەھرىرلىكى

1960 - يىلىنىڭ بېشىدا پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ ئۈرۈمچىگە قايتتۇق. مەن پارتكومنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىدە خىزمەتنى داۋاملاشتۇردۇم.

1960 - يىلى ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى 4 - تومىنىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىك خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، مەتبەئەگە تەييارلانماقتا ئىدى. بۇ، نۆۋەتتە ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. 4 - تومىنىڭ نەشىر قىلىنىشىنى كىتابخانىلار تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى تەرجىمە - تەھرىرلەش ۋە نەشىر قىلىشقا مەسئۇل رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى. بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى ئىدى. بۇ خىزمەت ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەندى. ئالدى بىلەن يۇقىرى سەۋىيىلىك تەرجىمانلار بىرلىكتە 4 - تومنى تەرجىمە قىلدى. تەرجىمە خىزمىتى تاماملانغاندىن كېيىن، ماھىر تەھرىرلەرنىڭ بىرلىكتە تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى. ئاندىن مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە بېرىپ ئايرىم ماقالىلەرنى كادىرلارغا ۋە ئاممىغا ئوقۇپ بېرىپ، چۈشىنىكسىز بولغان يەرلىرىگە قايتا - قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بېيجىڭدا ئاخىرقى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولۇپ بېيجىڭغا باردىم. بۇ گۇرۇپپىدا دېلىن، ئابدۇسالام ئابباسوپ، باھار رەھىمى، تۇرسۇن مۇھەممەت پەخىردىن ۋە خەنزۇ تەھرىر، تەرجىمانلار بار ئىدى. گۇرۇپپىمىز بىرلىكتە ئولتۇرۇپ، ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئەسلى تېكىستى بىلەن جۈملىمۇ-جۈملە سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردۇق. مەن رۇسچە تەرجىمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باردىم. ئۇ ۋاقىتتا 4 - تومنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى رەسمىي بېسىلىپ چىقمىغان بولسىمۇ، رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا چاۋشيەن گۇرۇپپىسىمۇ بېيجىڭدا 4 - توم تەرجىمىسى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇلار بىلەنمۇ تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ تۇردۇق. خىزمىتىمىزگە مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىكى يولداشلار، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار كۆڭۈل بۆلدى. تەرجىمە خىزمىتىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ بەردى. بىز بېيجىڭ



مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلىدۇق. خىزمىتىمىز يەتتە ئاي داۋام قىلدى. تەرجىمە خىزمىتىدە ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش مەسىلىسىدە كۆپ باش قاتۇرۇشقا توغرا كەلدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتا ئىلاجىنىڭ بارىچە خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنسا، كۆپلەپ قوبۇل قىلىنسا، مىللىي ئىتتىپاقلىققا، تىللارنىڭ يېقىنلىشىشىغا، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىپ، كوممۇنىزم قۇرۇشنى ئالغا سۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ، دەيدىغان قاراش بار ئىدى. بەزى ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە يىراق كەلگۈسى يېقىندىلا ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك تۇراتتى. بۇ خىل قاراش ئىنقىلابىي تۈس ئالغان بولۇپ، بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەنزۇ تىلىدىن كۆپلەپ ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى. ئاخىرى تەرجىمىمىزنىڭ ئايرىم جۈملىلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. خەنزۇچە ئاتالغۇلار كۆپ قوبۇل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە قىيىن بولۇپ قالدى. بۇنداق بولغاندا، تەبىئىيكى تەرجىمە تېكىستىنى چۈشىنىش تەس بولاتتى. كىتابخانلارنى رازى قىلىش قىيىن بولاتتى. ئەسەرنى ئاممىباپ تىلدا، چۈشىنىشلىك قىلىپ، ئەسلىگە سادىق بولۇپ تەرجىمە قىلمىساق، مەقسەتكە خىلاپلىق قىلغان بولاتتۇق. بۇ جىددىي، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىدە يولداش سەيپىدىن شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەجلىسىنى چاقىردى. بۇ يولداش سەيپىدىننىڭ بېيجىڭدا يۇقىرى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتى ئىدى. بىز كونكرېت خىزمەت ئىشلەۋاتقان يولداشلار ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتىكى ئېغىشلارنى ئىزاھلاش بىلەن بىللە ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشتىكى

كونكرېت پرىنسىپىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. جىددىي تالاش - تارتىش بولدى. كەچ سائەت يەتتىدە باشلانغان مەجلىس تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى. ئاخىرى يولداش سەيپىدىن ئۆزىنىڭ خۇلاسە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭغىمۇ ئايرىم يولداشلار قارشىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلاجىسىزلىقتىن، ئۇ، ماڭا سىز ئەتە ۋاڭ ئېنماۋ شۇجىغا يولۇقۇپ، ئەھۋالنى دوكلات قىلىڭ، ۋاڭ شۇجى قانداق قارار قىلسا شۇنداق بولسۇن، دېدى. شۇنداق قىلىپ تاڭ ئاتقاندا مەجلىستىن تارقىدۇق. بۇ ۋاقىتتا بېيجىڭدا يەتتە مىڭ كىشىلىك مەجلىس ئېچىلىۋاتاتتى. شىنجاڭ ۋەكىللىرى بېيجىڭ مىللەتلەر مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشقانىدى. مەن ئەتىگىنى چايغا ئۈلگۈرۈپ ۋاڭ شۇجىنى تېپىپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي دوكلات قىلدىم. ۋاڭ ئېنماۋ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يولداش سەيپىدىننىڭ پىكرىنى قوللايمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز يولداش سەيپىدىننىڭ چىقارغان خۇلاسىسى ئاساسىدا 4 - تومنىڭ تەرجىمىسىنى قايتا قاراپ، ئاتالغۇلارنى بىرقەدەر توغرا بىر تەرەپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ 4 - تومىنى نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق.

1960 - يىلى مەملىكەت بويىچە بېيجىڭدا مەدەنىيەت - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە، ئاخبارات، نەشرىيات ساھەلىرىنىڭ قەھرىمانلار ئۇچرىشىشى بولدى. شىنجاڭدىن ئالاھىدە بىر ئۆمەك تەشكىللىنىپ مەدەنىيەت - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە، ئاخبارات، نەشرىيات ساھەلىرىدىن 30 دىن ئوشۇق ھەر مىللەت نەمۇنىچىلىرى قاتناشتى. بۇ ئۆمەكنى مەن باشلاپ باردىم. ئىسھاقجان، لانكا يولداشلارمۇ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ باردى. مەجلىس ناھايىتى تەنتەنىلىك ئېچىلدى. نەمۇنىچىلار مۇكاپاتلاندى. لىيۇ شاۋچى مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. بېيجىڭ،



شىئەن، لەنجۇ شەھەرلىرىدە ئاسارە - ئەتىقە ۋە مەشھۇر ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. سەپىرىمىز ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ۋە ئۈنۈملۈك بولدى. بۇ قەھرىمانلار ئۇچرىشىشىغا قاتناشقان يولداشلار بىرلىكتە خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى تا ھازىرغىچە سېغىنىش بىلەن ئەسلەيدۇ.

## شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە

ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقى سوۋېت ئىتتىپاقىدا شيۇجېڭجۇيىلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئىدىيە، نەزەرىيە ساھەسىدە كەسكىن كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئەمەلىي خىزمەتلەرگىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگودا ئىشلەۋاتقان مۇتەخەسسىسلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ياردەم بېرىشنى توختىتىپ قويدى. 1962 - يىلىغا كەلگەندە ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىن سوۋېتكە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ ئەھۋال شىنجاڭنىڭ سوۋېت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئىچكى جەھەتتە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىمۇ جىددىيلىك پەيدا بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، شيۇجېڭجۇيىچىلىققا قارشى تۇرۇلدى. بۇ يىغىندا نۇقتا قىلىنغان ئادەملەر ئۆزىنى تەكشۈردى. تەلەپ قاتتىق بولدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن كەلگەنلەردىن ئەسئەت ئىسھاقوپ، ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئەنۋەرخانبابا، توختى ئالىموپ قاتارلىقلار نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى. كېيىن شيۇجېڭجۇيىچىلارغا قارشى ھەرىكەت ئۆلكە دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئۈچ ۋىلايەت

كادىرلىرىغا ئىشەنمەسلىك، گۇمانلىق قاراش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. ئاز بولمىغان كادىرلار شىۋجېڭجۇيىنىڭ دەردىنى تارتتى. دىلى ئازار يېدى.

1962 - يىلى ئۆلكە بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە يۈرگۈزۈلدى. مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكى كادىرلارنىڭ نۇقتىسى خوتەن ۋىلايىتى ئىدى. مەن ئاپتونوم رايون مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىن تەشكىل قىلىنغان ئۆمەككە باشلىق بولۇپ خوتەن ۋىلايىتىگە باردىم. بىزنىڭ ئۆمىكىمىز دەسلەپتە خوتەن ناھىيىسىنىڭ قىزىل بايراق، ۋىشىنىڭ (خانئېرىق) گۇڭشېلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ باردى. كېيىن تاۋيەن تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئادەم دېڭىزى تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋىلايەت بىلەن بىرلىكتە چەك ئېلىپ باردۇق. ۋىلايەتنىڭ شۇجىسى، ۋالىيلىرىمۇ نۇقتىدا تۇرۇپ خىزمەت ئىشلىدى. بۇ ۋاقىتتا مەن لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگى گۇڭشېسى 3 - مەھۆري كەنتىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ باردىم. بۇ كەنتتە يەتتە ئاي ئىشلىشكە توغرا كەلدى. تاماق، ياتاق، ئەمگەكتە دېھقانلار بىلەن بىللە بولدۇق. ئىنتىزام ناھايىتى چىڭ بولدى. بازاردىن تاماق يېيىشكە ياكى تاماق ئالدۇرۇپ يېيىشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايتتى. بىللە تۇرغان دېھقان ئائىلىسى نېمە يېسە، شۇنى يېيىش ئىنتىزام قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. بىز بىر تەرەپتىن سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ باردۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتتۇق. ئەمما مەھسۇلات تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ دارامىتى يىللىق ئاشلىقىغا يەتمەيتتى. خېلى كۆپ دېھقانلار قەرز بولۇپ قالاتتى. ئەمگەك ئېغىر، تۇرمۇش قىيىن ئىدى. تاڭ ئېتىشى بىلەن دېھقانلار توپلىنىپ ئەر - ئايال تاغار بىلەن قىغ توشۇيتتى. ئاندىن



ئەتىگەنلىك تاماققا ئۆيىگە قايتۇرۇلاتتى. ھەممە ئائىلىلەر داغ سۇدا قوناق ئۇنى بىلەن ئوماچ ئېتىپ ئىچەتتى. چامغۇر تاپقانلار چامغۇر سالاتتى. ئەتىياز ۋاقىتلىرىدا چامغۇرمۇ تۈگەيتتى. ئوماچ ئىچىپ قورساقنى توقلىغاندىن كېيىن، يەنە ئەمگەك ئورنىغا باراتتى. چۈشكىچە قاتتىق ئەمگەك قىلىپ، چۈشتە ئېتىز بېشىدا دەم ئالغاچ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن زاغرىنى كۆلنىڭ سوغۇق سۈيىگە چىلاپ يەيتتى. ياز كۈنلىرى تاپالىسا ئازىراق قېتىق بىلەن دوغاپ قىلىپ ئىچەتتى. بىزمۇ تاماقتا بىللە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئېلىپ بارغان زاغرىمىزنى غاجىلايتتۇق. ئېتىزدا چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن دېھقانلار كەچكىچە ئەمگەك قىلاتتى. كەچ كىرگەندە دېھقانلارنى باشلاپ داۋۇي، شياۋدۇي ئىشخانىلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، كەچ سائەت توققۇز - ئونلارغىچە مەجلىس ئېچىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە، تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتۇق. ئۇششاق باللىق ئاياللار باللىرى ئۈچۈن يەسلى ياكى ئۆيىدە قارايدىغان ئادىمى بولمىغانلىقتىن، باللىرىنى ئېتىزغىمۇ، مەجلىسكىمۇ بىللە ئېلىپ باراتتى. تۈندە ئۆيىگە قايتىپ ھەممە ئۆيدە ئوماچ، قىسىراق ياكى بىشمۇللەك پىشۇرۇپ غىزالانغاندىن كېيىن ئۇيقۇغا كېتىشەتتى. ئاق ئۇندىن ئەتكەن تاماقنى بىر ھەپتىدە بىر قېتىم يېيىشمۇ تەسكە چۈشەتتى. چۈنكى بۇغداي ئۇنى كۈزلۈك ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن چىقاتتى. قوناق ئۇنى تېخى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن يەپ تۈگەپ كېتەتتى. گۆشتىن ئېغىز ئېچىش تەس ئىدى. كۆكتات جەھەتتە ئەتىيازدا بېدە، كېيىنرەك چامغۇر يوپۇرمىقى، كۈز ۋاقتىدا چامغۇر ئىدى، خالاس.

پات - پات دولقۇن قوزغىلىپ تۇراتتى. دولقۇن قوزغالغان چاغدا دېھقانلار يېرىم كېچىدە ئەمگەك ئورنىدا تەييار بولاتتى. ھايات شۇنداق داۋام قىلاتتى.

خەلق تۇرمۇشى قىيىن ئىدى. ئۆي جاھاز مۈلۈكلىرىدىن سانىغۇدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. كىگىز، يوتقان - كۆرپە كونا، كىر بولۇپ ئازلىق قىلاتتى. گىلەم ماكانى بولغان خوتەننىڭ يېزا ئائىلىلىرىدە گىلەم كۆزگە چېلىقمايتتى. ئاممىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى كونا، يىرتىق، ياماق چۈشكەن بولۇپ، بەزى ئاياللارنىڭ كۆكسى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا رەخلەر بېلەتلىك بولۇپ، تارقىتىلغان بېلەتلەرگە سېتىۋېلىشقا بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادى يار بەرمەيتتى. كىيىم - كېچەكنىڭ كىرلىكىدىن ئادەم قاراشقا خىجالەت بولاتتى. تازىلىق قىلىش ئۈچۈن سوپۇن ئېلىشقا بېلەت، پۇل لازىم بولاتتى. مۇنچا يېزىدا ئەمەس ناھىيىلەردىمۇ يوق ئىدى. ئادەملەر ئارىسىدا تازلار، پوقاقلار ۋە باشقا يەرلىك ئاغرىقلار خېلى كۆپ ئۇچرايتتى. بىز ئىچكى تەرەپتە سىنىپى تەركىبىنى قايتا تەكشۈرۈش، يۇقىرى كۆتۈرۈش، دېھقان - كادىرلار ئىچىدىن «زوزىپەي» (كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار) لەرنى تېپىش بىلەن ئالدىراش ۋە ئاۋارە ئىدۇق. مەن سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ باشتىن ئاخىرىغىچە خوتەن ۋىلايىتىدە بولدۇم. جاپاكەش دېھقانلار ئاممىسى بىلەن بىللە ئىشلەش جەريانىدا خوتەن دېھقانلىرى ۋە خوتەن خەلقىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، ئىنتىزامچانلىقى، قىيىنچىلىقنى يېڭىش روھى ۋە مۇلايىملىقى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەن خوتەن دېھقانلىرى بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىمنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن.

## مەدەنىيەت ئىنقىلابى

شەھەر ۋە يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ كەتتى.



مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىش بىلەنلا مېنىڭ بېشىمدا ئوت كۆيۈشكە باشلىدى. مەن تۇرغان ئۆينىڭ ھەممە تاملىرىغا دازىباۋ (چوڭ خەتلىك گېزىت) چاپلاندى. ئۆيۈمدىن كۆچۈرۈۋەتتى. كىيىم - كېچەك، ئۆيدىكى جاھاز - مۈلۈكلەر مۇسادىرە قىلىنىپ، جان بېشىغا بىردىن چىنە، بىردىن تەخسە، بىردىن قوشۇق، بىر قۇردىن سىرتقى كىيىم قالدۇرۇلدى، ئىشخانامدىن كۆچۈرۈلدۈم. ماشىنا تارتىۋېلىندى. كۆپ ئۆتمەي «خوڭۋېيبىڭ» سۇ ئامبىرىغا ئەمگەك قىلىشقا ئەۋەتىلدىم. ھە دېگەندە بىر «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» ئويدۇرۇپ چىقىلدى. سەيپىدىن ئەزىزى ئۇنىڭ باشلىقى قىلىنماقچى ئىدى. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كولۇبى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدىكى خەلق مەيدانى) سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىدە چىققان دازىباۋ (چوڭ خەتلىك گېزىتلەر) لەر بىلەن تولغانىدى. مەن سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» نىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى قىلىنماقچى ئىدىم. بەختكە يارىشا مەركەزدىن سەيپىدىن ئەزىزىنى ساقلاپ قېلىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتوماتىك ھالدا «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» نىڭ باشلىقى بۇرھان شەھىدىگە ئۆزگەرتىلدى. مەنمۇ ئاپتوماتىك ھالدا بۇرھان شەھىدى «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» نىڭ سەركەردىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ئۆزگەرتىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرلىكتە بىرىنچى قېتىم تەنتەربىيە سارىيىدا ئون نەچچە ئادەم كۈرەشكە تارتىلدۇق. ئىككىنچى قېتىم خەلق مەيدانىدا پۈتۈن ئۈرۈمچى خەلقى قاتنىشىپ، بۇرھان شەھىدى باشلىق بۇرھان «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» نىڭ سەركەردىلىرى كۈرەش قىلىندى. كۈرەشكە تارتىلغانلار: بۇرھان شەھىدى، ئابدۇللا زاكىروپ، ئەسئەت ئىسھاقوپ، پاتىقان سۇگۇربايوپ، ئابلىمىت

ھاجىيوپ، ئېنۋەر جاكولىن، ئەنۋەرخانبابا، ياسىن خۇدابەردى، نۇسرەت بۇرھان، جاڭ دۇڭيۈ، جاۋ شىگۇاڭ، ۋاڭ خېتىڭلار ئىدى. كۈرەش قىلىنغانلارنى ھەممىگە نامايىش قىلدۇرۇش ئۈچۈن تاختايدىن ئېگىز سەھنە تەييارلانغانىدى. كۈرەش قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەربىرىنى تۆتتىن مۇھاپىزەتچى قورشاپ چىققانلىقى ئۈچۈن، سەھنە كۆتۈرەلمەي ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى. ھەممىمىز يىقىلىپ يەرگە چۈشتۇق. كۈرەشكە تارتىلغانلار ئۈستىدە «ناتىقلار» تۈفى - لەنەتلەر ئوقۇدى، شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، لازىم بولغان سورۇندا، كۈرەش مەيدانلىرىدا بۇرھان شەھىدى قاتارىدىن ماڭىمۇ ئورۇن بېرىلدى. قانچە قېتىم كۈرەش قىلىنغانلىقىمنى خاتىرىلەپ قويمىغانلىقىم ئۈچۈن ئېسىمدە قالماپتۇ. ھەتتا ئوما ئورغىلى چىققاندىمۇ كۈرەشكە تارتىلدۇق. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش سىياسىي بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىگەندە خاتالىق يۈز بېرەتتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئىدارىدە، «خۇڭگۇيبىڭ» سو ئامبىرىدا، سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا، ۋىنجاۋ دېھقانچىلىق مەيدانىدا، فاڭساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلدىم. ئەمگەك تۈرلىرى ھەرخىل ئىدى. كۆل قېزىش، كوچىدا يەر ئاستىغا تۇرۇبا ياتقۇزۇش، گولو يېقىش، دېھقانچىلىق قىلىش، پادا بېقىش، چوشقا بېقىش، ئەخلەت توشۇش، قۇرۇلۇشتا ئىشلەش، ھويلا تازىلاش ۋە پارچە - پۇرات ئەمگەكلەرنى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. تۇرمۇش ئېغىر بولدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ قىينالدىم. ئايلىق مائاشىم توختىتىلىپ، ئايدا ئائىلىمىزدىكى ئالتە جانغا 60 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىلىدىغان بولدى. ئائىلىدىن ئايرىلىپ، تۇرۇشتا توغرا كەلگەنلىكتىن خىراجەت كۆپرەك بولاتتى. مېنىڭ ئۆزۈمگىلا تېجەپ ئىشلەتكەندە



تاماق ئۈچۈن 20 يۈەن كېتەتتى. قورساق تويمايتتى، راستىنى ئېيتقاندا قورساق تويغاننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. ئەمگەك ئېغىر ئىدى، كۈن بويى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. قورساقنىڭ تويمىغانلىقى، ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن بەك ئورۇقلاپ كەتتىم. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن مېنىڭ ئېغىرلىقىم 96 كىلوگرام ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا 40 كىلو ئورۇقلاپ 56 كىلوغا چۈشۈپ قالدىم. جىسمانىي جەھەتتە ئاجىزلاشتىم، روھىي جەھەتتە كەيپىياتىم تۆۋەن ئىدى. چۈنكى ماڭا ھېچكىم گەپ قىلمايتتى، مېنىڭمۇ باشقىلارغا گەپ قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. مەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ ئاخىرىغىچە دوستۇم مەرھۇم ئابلىمىت ھاجىيوپ بىلەن بىللە بولدۇم. ئەمما ئىككىمىزنىڭ ئۆزئارا گەپلىشىشىمىزگە رۇخسەت يوق ئىدى. گەمىدە بىللە ياتاتتۇق، مەخسۇس بىر ئادەم بىزنى كۆزىتىپ بىز بىلەن بىللە تۇرغانلىقى ئۈچۈن گەپلىشىشكە ئىمكانىيەت يوق ئىدى. ئەمگەككە بارغاندا ئىككىمىزنى تىزىپ ئېلىپ ماڭاتتى، گەپلىشىشكە تېخىمۇ ئىمكانىيەت يوق ئىدى، كۈندۈزى كۆپچىلىك بىلەن ئەمگەك قىلغاندا سۆزلىشىشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايتتى؛ بالىلىرىم ناۋادا مېنى يوقلاپ فاڭساۋخۇغا بارسا، بالىلىرىم بىلەن سۆزلەشكەندە بىر ئادەم كۆزىتىپ تۇراتتى. ۋەھالەنكى، تۇرمىدىمۇ كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنغاندا، ئەركىن سۆزلىشىشكە يول قويىدۇ. يېمەكلىك ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. بىر قېتىم بالىلىرىم ئۈرۈمچىدىن فاڭساۋخۇغا (ئارىلىقى 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ) قوناق ئۇنىغا جىگىردەك ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغانىدى، شۇنىمۇ قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئۆيگە قايتىپ بالىلار بىلەن كۆرۈشۈشكە قەتئىي رۇخسەت يوق ئىدى. ئابلىمىت ھاجىيوپ

قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، دوختۇر شەھەرگە بېرىپ داۋالانمىسا ئۆلىدۇ، دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە بېرىپ دوختۇرخانىدا يېتىشقا رۇخسەت قىلىندى.

فاڭساۋخۇدىكى ۋاقتىمىزدا، دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغاندا، سەھەر تۇرۇپ قول ھارۋىسىنى تارتىپ، بىر مۇھاپىزەتچىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ئىنقىلابىي ئامما بېرىشتىن ئاۋۋال ئېتىزدا تەييار بولۇپ ئەمگەك قىلىشقا باشلايمىز. باشقىلار كەلگەندىن كېيىن، ئەمگەكنى بىللە داۋاملاشتۇرىمىز. ئەمگەك ۋاقتىدا سۆزلىشىشكە، دەم ئېلىشقا رۇخسەت يوق. ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك تاماقنى ئېتىزدا يەيمىز، بىرگە تاماق ۋاقتىدا بىللە ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. قاچىغا تاماقنى ئۇسۇپ بەرگەندىن كېيىن، بىرسى: ھاجىيوپ سەن ئاۋۇ يەرگە بېرىپ تاماق يە، ئەنۋەر سەن ئاۋۇ يەرگە بېرىپ تاماق يە، دەپ قارىمۇقارشى تەرەپكە ھەيدەيدۇ. ئېھتىمال ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالىدۇ، دەپ ئېھتىيات قىلسا كېرەك. ئامما تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن دەم ئېلىشقا باشلايدۇ. ئىككىمىزنى قايناق سۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆزئارا سۆزلىشىپ تىل بېرىكتۈرۈۋالمىسۇن دەپ بىر ئادەم بىزنى نازارەت قىلىپ بىللە بارىدۇ. بىر چېلەك بىلەن قايناق سۇ ئېلىپ كېلىشىمىزگە ئەمگەك باشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن مەھرۇم بولىمىز. كەچتە ئەمگەكتىن چۈشۈپ ھەممە ماڭىدۇ، بىز يىغىشتۇرىدىغان نەرسىلەرنى يىغىپ ھارۋىغا بېسىپ بىر مۇھاپىزەتچىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياتاققا قايتىمىز. بىز قايتقىچە كەچلىك تاماق سوۋۇپ قالىدۇ. يۈز - كۆزنى يۇيۇپ ئەمدى تاماق يەپ بولۇشىمىزغا بىرسى كېلىپ ئاشخانىدىكى مەنتاڭنى ياكى قالغان - قاتقان نەرسىلەرنى چوشقىغا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇيدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كۆمۈر توشۇپ بېرىشمۇ بىزنىڭ



ئۈستىمىزدە، يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ جاھازلىرىنى توشۇپ بېرىشمۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، بوش ۋاقىت تاپساق كىر يۇيىمىز، يىرتىلىپ كەتكەن كىيىملىرىمىزنى يامايمىز، كىيگەن كىيىملىرىمىز ياماۋېرىپ قوراققا ئايلانغان، ھەتتا شەپكىلىرىمىزمۇ ياماق بىلەن تولغانىدى.

بىز تىلى يوق، ھوقۇقى يوق مەخلۇققا ئايلانغانىدۇق. كىم نېمە دېسە خوپ دېمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1966 - يىلى 8 - ئايدا خوڭزۈبىيىڭ سۇ ئامبىرىدا ئەمگەك قىلىشقا ئەۋەتىلدىم. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مېنىڭ قاتارىمغا ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئەسئەت ئىسھاقوپ، پاتىقان سۇگۇربايوپ، ئاياللاردىن مۇقەددەس ھاجىيوۋا، ماھىنۇر خانىم، پاتىمە جاكۇلىنالار قوشۇلدى. زىمىستان قىشتىمۇ ئەمگەك قىلىشقا توغرا كەلدى. كېيىن بىزنى خوڭزۈبىيىڭ سۇ ئامبىرىدىن جەنۇبىي شىنخۇا يولىدا يەر ئاستىغا تۇرۇبا كۆمۈش ئۈچۈن يۆتكىدى. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن كۈندۈزى ئەمگەك قىلىۋاتقاندا يۈزۈمنى ئۈششۈتۈۋالدىم. ئۇ يىل سوغۇق ھەقىقەتەن بەك قاتتىق بولدى.

1967 - يىلى يازدا ئەسئەت ئىسھاقوپ بىلەن مېنى مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا، پاتىقان سۇگۇربايوپ بىلەن ئەنۋەر جاكۇلىننى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەمگەك قىلىش ئۈچۈن چىقاردى. مەدەنىيەت - مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىزدىن باشقا ليۇ شاۋۋۇ، ۋاڭ يۇخۇ، تىيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجايوپ، پەتتارجانلار بار ئىكەن. دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئاممىدىن يىراقراق بىر ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق. تامىقىمىز ئايرىم ئىدى. نۆۋەت بىلەن تاماق ئېتىپ يەيتتۇق. تاماق ئېتىشتە بەزىلىرىمىز قىينالساقمۇ بىر

ئامال قىلدۇق. ئەمما، بىزدە تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجايوپ، ۋالىڭ يۇخۇدەك ماھىر ئاشپەزلەرمۇ بار ئىدى. گەرچە گۆش، سەيلەر كامچىل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى ئالاھىدە لەززەتلىك ئىدى.

ئەمگەكنى تاپشۇرۇق بويىچە ئىشلىدۇق. مەن، ئەسئەت ئىسھاقوپ، پەتتارجانلار كېسەك قۇيدۇق، دەسلەپتە خېلى قىينالدۇق، سۈرئىتىمىزمۇ ئاستا بولدى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنىمۇ ئۆگىنىۋالدۇق.

مۇشۇنداق ھايات كەچۈرۈۋاتقان بىر كۈنى كەچتە، قوراللانغان ئادەملەر چۈشكەن، كابىنكا ئۈستىگە پىلىموت ئورنىتىلغان بىر يۈك ماشىنىسى بىزنىڭ ئۆيىمىز ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇلار ئەسئەت ئىسھاقوپ بىلەن مېنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن چىققانىكەن. بىللە مېڭىشقا توغرا كەلدى. يولدا ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق مەيدانىدىن پاتىقان سۆگۈربايوپ بىلەن ئەنۋەر جاكۇلىننى ئالدى. تۆتىمىز ماشىنىنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپ، قوراللانغان ئادەملەرنىڭ قورشاۋىدا ئۈرۈمچىگە يول ئالدۇق. بىزنى تۈن بولغاندا خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىنىڭ ئاشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يەردە بىر كېچە تاڭ ئاتقۇزۇشقا توغرا كەلدى. ئەتىسى بىزنى سەپكە تىزىپ ئېلىپ ماڭدى. خەلق مەيدانىغا كەلسەك قاتار تىزىپ قويۇلغان يۈك ماشىنىلىرىنى، بۇنىڭ ئۈستىدە قاتار تۇرغان بىرقانچە يۈز ئادەمنى كۆردۇق. شۇ ۋاقىتتىلا مەدەنىي ـ مائارىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كۆرەش قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەنلىكىمىزنى بىلدۇق. بۇ خەلق مەيدانىدا ئىككىنچى قېتىم كۆرەش قىلىنىشىمىز ئىدى. بۇ قېتىم ماڭا كۆرەش بىرىنچى قېتىمدىكىدەك سۈرلۈك سېزىلمىدى. چۈنكى، مېنىڭ سەبداشلىرىم ئاز ئەمەس ئىكەن، دەپ خاتىرجەم بولدۇم. كۆرەش تاماملانغاندىن كېيىن، بىزنى ئاپتوبۇسقا



سېلىپ بىر ئىدارىگە ئېلىپ باردى. ئىدارىنىڭ پۈتۈن دېرىزىلىرى كىرپىچ بىلەن قاپلانغان، باسقۇچلىرىمۇ كىرپىچ بىلەن توسۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۆتۈپ يۇقىرى قەۋەتكە چىقىش تەس ئىدى. بۇ يەردە كەچكىچە نەزەربەندتە تۇردۇق. كەچتە بىزنى يەنە ئاپتوبۇسقا سېلىپ، چىداۋان دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ بىر كېچە قوندۇرۇپ، ئەتىسى 1 ـ ئاپتو ماشىنا رېمونت زاۋۇتىغا ئېلىپ باردى. كۆرەشتىن كېيىن، بىزنىڭ سېپىمىز كېڭىيىپ بىزگە يەنە لۇ جيەنرىن، چىگو، ئابدۇللا زاكىروپ ۋە پىلان كومىتېتىنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇلغانىدى. زاۋۇتتا ئون كۈن تۇرۇشقا توغرا كەلدى. لازىم بولغاندا كۆرەشكە تارتىلدۇق. ئاخىرى يەنە ئىدارىمىزگە ئېلىپ بېرىپ قويدى. ئىدارىدە گولوغا ئوت قالاش بىلەن شۇغۇللاندۇق.

ئەسئەت ئىسھاقوپ بىلەن مەن مەدەنىي ـ مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلغاندا ھەممە نەرسىلىرىمىز شۇ يەردە قالغانىدى. قالغان نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، تەشكىلدىن رۇخسەت ئېلىپ مەدەنىي ـ مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ شوپۇرى بىلەن بىللە چىقماقچى بولدۇق. شوپۇر بىزگە جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، گۈللۈك ئەتراپىدا كۈتۈپ تۇرساڭلار، سىلەرنى شۇ يەردىن ئېلىپ كېتەي، دېدى. ئەسئەت ئىسھاقوپ ئىككىمىز بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ كۈتتۇق. ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ شوپۇر كەلمىدى. بىر چاغدا، بىرنەچچە ساقچى كېلىپ، قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، سىلەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، نەق مەيداندا قولغا چۈشۈردۇق، دەپ بىزنى جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر قورۇغا باشلاپ كىرىپ سوراققا تارتتى. نېمە غەرەز بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى ئەتراپىدا رازۋېتكا قىلىپ

يۈرگەنلىكىڭلارنى تاپشۇرىسىلەر، دەپ قىستىدى. يېرىم كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بەختكە يارىشا، بىز بىلەن خۇكۇۋېيىمىلىك سۇ ئامبىرىدا بىللە ئىشلىگەن بىر ساقچى ئوفىتسېرى پەيدا بولدى. بىللە ئىشلىگەن ۋاقتىمىزدا بىزگە نىسبەتەن ئىشەنچ ھاسىل قىلغان بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇق تۆھمەتتىن قۇتۇلۇپ قالدۇق. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا بىزگە نىسبەتەن ئىشەنمەسلىك شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدى.

بىز ئىدارىدە ئەمگەك قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتاتتۇق. بىر كۈنى تەشكىل بۇنىڭدىن كېيىن ئىدارىدە ياتىسىلەر، ئۆيگە بېرىپ ئۆيۈڭلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭلار، دېدى. ئۆيگە بېرىپ ئىدارىگە قايتىپ كېتىۋاتساق، نەنلياڭدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدا، ماڭا ھۆكۈمەت مەدەنىي - مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ بىر باشقارما باشلىقى ئۇچراپ قالدى. ئۇ مەندىن نەگە بارىسىز، دەپ سورىدى. مەن ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا سىز ئىدارىگە بارماڭ، ئۆيگە قايتىپ كېتىڭ دەپ، مېنىڭ ئىدارىگە بېرىشىمغا يول قويمىدى. مەن ئىدارىگە ئۆزىڭىز مەلۇم قىلىپ قويۇڭ، دەپ ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ مەن بىلەن بىللە ماڭدى. بىز مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، جۈرۈڭ مائارىپ نازارىتىگە كىرمەمسىز دېدى. بىز بىللە كىردۇق. ئۇ مېنى مەدەنىي - مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ بىر ئىش بىجىرگۈچىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ مېنى بىر سوغۇق ئىسكىلاتقا سولاپ قويدى. ئۇ قايتا كىرىپ ماڭا، جىنايەتلىرىمنى يېزىپ تاپشۇرۇشنى ئېيتتى. قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى دېدى. ھەمدە قەلەم، قەغەز بەردى. مەن ئۇنىڭدىن ئىدارىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشنى، مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمدىن ئۆيدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنى، ئۆيدىن ماڭا يوتقان - كۆرپە ئەكەلدۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ



ئىلتىماسىمنى ئورۇندىمىدى. سوغۇق ئىسكىلاتتا تەكشۈرۈش يېزىشقا كىرىشتىم. ئىسكىلاتتا بەندىڭلار بار ئىكەن. شۇلارنى تۈزەپ، شۇنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاشقا توغرا كەلدى. كېچىلىرى سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. بۇنىڭغا چىدىماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ھەركۈنى يازغانلىرىمنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، سوراققا تارتاتتى. بىر كۈنى سوراق قىلىۋاتقاندا تالادا قىزىم مەرھابانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. سوراقچىنىڭ ۋارقىرىغىنىغا قارىماي، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ، مەن بۇ يەردە، دەپ ۋارقىرىدىم. شۇ ۋاقىتتىلا ئائىلەم ئاندىن مېنىڭ مائارىپ نازارىتىدە قاماقتا ئىكەنلىكىمدىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭغىچە مېنى ھەر يەردىن ئىزدەپ كۆپ جاپا تارتىپتۇ. ئىدارىگە بېرىپ مېنى تېپىپ بېرىڭلار، دەپ يالۋۇرسا، ھەيۋە قىلىپ، مىلتىقتىن ئوق چىقىرىپ، ھەيدىۋېتىپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ۋەزىيەت تامامىلانغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئىدارىگە قايتۇرۇۋەتتى. مەن ئىدارىگە بارسام ئەسئەت ئىسھاقوپ، ئابلىمىت ھاجىيوپ، ئەنۋەر جاكولىن، مۇقەددەس ھاجىيوۋا، ماھىنۇر خانىم، پاتىمە جاكولىنالار ۋورۇۋ تازىلاش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. ماھىنۇر خانىم مېنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭغا مەن گويا ئۆلگەن ئادەم قايتا تىرىلگەندەك كۆرۈنۈپ كېتىپتىمەن.

مېنى مائارىپ نازارىتىدە بىر ھەپتە قاماپ سوراق قىلغان باشقارما باشلىقى ئىدارىمىزنىڭ نامايىشقا چىقىپ ئىنقىلاپ قىلىۋاتقان ئىسيانچىلىرىدىن ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە خالىغانچە سوراق قىلىش، قاماپ قويۇش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى. شەخسىي ئەركىنلىك، ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندە قىلىنغانىدى.

فاكساۋخۇدىكى ۋاقتىمىزدا ئابلىمىت ھاجىيوپ بىلەن ئىككىمىز بىر مەزگىل چوشقا بېقىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئابلىمىت

ھاجىيوپ ھەركۈنى چوشقىلار ئۈچۈن داشقازاندا 50 — 60 چېلەك يېمەكلىك تەييارلايتتى. مەن چوشقا ئېغىللىرىنى تازىلاپ، چوشقىلارنى بېقىشقا مەسئۇل ئىدىم. بىر كۈنى چوشقىلارنىڭ بېقىلىش ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولۇپ كەلگەن تەكشۈرگۈچى بىزنىڭ ئالدىمىزدىلا «بۇلارغا پوشقا باقتۇرۇش خەتەرلىك، زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن» دېدى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، بىزگە چوشقا باققۇزۇشتىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا مېنى بىزار قىلغان بىر ئىش، ئىدارىلەردىن ئادەم كېلىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ تۇراتتى، ئەگەر سىز ئۇلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، ئۇلار ئۆزلىرى كۈتكەن ماتېرىيالغا ئېرىشەلمىسە، سىزدىن نارازى بولاتتى، ھاقارەتلەيتتى، ئازار بېرەتتى. ئۇلارنى خۇشال قىلىمەن دەپ ئادەملەرگە بۆھتان چاپلاشقا ۋىجدان يول قويمايتتى.

بىر كۈنى تىل - يېزىق كومىتېتىدىن كەلگەن بىر كادىر، ئەلقەم ئەختەم موسكۋا بىلەن ئالاقە باغلاپ، سىلاۋىيان يېزىق لايىھىسىنى موسكۋادا تەييارلىتىپ ئالدۇرغان ئىكەن، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ، دەپ سورىدى. مەن خەۋىرىم يوق دېدىم. ئەھۋال ئىگىلىگىلى كەلگەن كادىر مەندىن نارازى بولدى. مەدەنىيەت نازارىتىدىن كەلگەن بىر كادىر، مەن بىلەن كۆرۈشۈپلا، ماڭا قويغان بىرىنچى سوئالى: سىز سوۋېت ئىشپىيونىمۇ؟ دېدى. مەن ياق دېدىم. ئىككىنچى سوئالى: سوۋېت كونسۇلى ××× بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭغا قانداق تاپشۇرۇقلارنى بەردى، دېدى. مەن سوۋېت كونسۇلى، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇق بەرگەندە، سۆھبەتكە مېنى تەكلىپ قىلمىغان، دېدىم. ئۇ مەندىن بەك رەنجىدى، بۇنداق رەنجىشلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا پات - پات بولۇپ تۇراتتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلقىگە بالايى - ئاپەت ئېلىپ



كەلدى. يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىغا چېكىندى، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر يېپىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشسىز قالدى. مائارىپ، مەدەنىيەت ۋەيران بولدى. ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى، دۆلىتىمىزدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. باشقا دۆلەتلەر پەن - تېخنىكىدا ئۇچقاندەك ئالغا بېسىۋاتقان بىر مەزگىلدە، بىزدە تۇرغۇنلۇق، تەرەققىيات ئورنىغا چېكىنىش بولدى.

نۇرغۇن ئادەملەر مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قۇربانى بولدى ياكى ئۇنىڭ دەردىنى يېتەرلىك تارتتى. ليۇ شاۋچى، پېڭ دېخۇەي، خې لۇڭ، چېن يىدەك پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ داڭلىق رەھبەرلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قۇربانى بولدى. يېقىن دوستلىرىمدىن مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوپ، ئەسئەت ئىسھاقوپ، ئەنۋەر جاكۇلىن، مۇھەممەت ئىمىن خەلپەت ھاجى قاتارلىقلار بۇ قاباھەتلىك يىللاردا بىزدىن ۋاقىتسىز مەڭگۈگە ئايرىلدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ھەر جەھەتتىن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولساممۇ، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىدىم. پارتىيىگە ئىشەندىم، دۆلىتىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا ئىشەندىم. 1973 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا چى گو، ليۇ شۆبىن، ئابلىمىت ھاجىيوپ، يۇ جەنلىن ۋە مېنىڭ رەسمىي ئازاد قىلىنغانلىقىم ئېلان قىلىندى. مېنىڭ ئازاد بولغانلىقىمنى ئۇرۇق - تۇغقانلار، دوستلار، يار - بۇرادەرلەر، تونۇشلار ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىسى كېلىپ تەبرىكلەشكە باشلىدى. ئۆيۈم گويا ھېيتقا ئايلاندى. مەن ئۆتكەندە ھەجگە بېرىپ قايتقىنىمدىمۇ ئۆيۈمگە بۇنچىلىك ئادەم پەتىھەگە كەلمىگەنىدى.

## تىل يېزىق خىزمىتى

مەن پارتكوم مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىدە، خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشخانىسىدا ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تىل - يېزىق ئىشلىرىغا كۆپرەك ئارىلىشىشقا توغرا كەلدى. تىل - يېزىق خىزمىتى مۇھىم خىزمەت. تىل — مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى. تىل - يېزىق خىزمىتى جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1952 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 10 - سانلىق ئەزالار مەجلىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىپ ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى» تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تىل - يېزىق جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمەتلىرى باشلىنىپ كەتتى.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنى 10 - ئەسىردىن باشلاپ قەشقەر ئارقىلىق تارقىلىشقا باشلىدى. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەرەپ ھەرپى ئاساسىدىكى يېزىقمۇ قوبۇل قىلىندى. گەرچە ئەرەپ يېزىقىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئۇيغۇر يېزىقى جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي ئاساسىدىكى ئىملا قائىدىلىرى يوق ئىدى. بىر خىل ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىق ھەرخىل قوللىناتتى. بۇ ئەھۋالغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن 1954 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى 21 - سانلىق مەمۇرىي مەجلىسى «ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىلىرى نىزامى»نى تەستىقلاپ، ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئېلان قىلدى. گەرچە يېزىقتا باشلانغۇچ قەدەمدە



ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، تىلچىلىرىمىز بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمىدى. يېزىقنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش پىكرىدە بولدى، يېزىق ئۆزگەرتىشتە سىلاۋيان يېزىقىنى قوبۇل قىلىشنى لايىق كۆرەتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب قوشنا دۆلىتىمىز سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، تاتار قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر ئەرەپ يېزىقىدىن لاتىن يېزىقىغا، ئاندىن سىلاۋيان يېزىقىغا كۆچكەنىدى. ئەگەر يېزىقىمىز سىلاۋيان ھەرپى ئاساسىدىكى يېزىققا ئۆزگەرتىلسە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ نەشر قىلغان كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىلاتتى.

1956 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىدە مىللىي تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مەجلىسكە چەت ئەل ئالىملىرىمۇ قاتناشتى. مەجلىستە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى سىلاۋيان ھەرپىنى ئاساس قىلغان يېڭى يېزىققا كۆچۈش قارار قىلىندى. بۇ قارار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن شۇ يىلى 31 - دېكابىر كۈنى ئېلان قىلىندى.

جۇ ئېنلەي زۇڭلى 1957 - يىلى چىڭداۋ مىللەتلەر مەجلىسىدە بەرگەن مۇھىم دوكلاتىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق ئۆزگەرتكەندە خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى لاتىن ھەرپىنى قوبۇل قىلىش مۇۋاپىقلىقى ھەققىدە تەكلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە باشلىنىپ كەتتى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى

ئاساسىدىكى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىلمەي، سىلاۋيان ھەرپى ئاساسىدىكى يېزىققا ئۆزگەرتىلگەنلىكى توغرۇلۇق تەنقىدىي پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1958 - يىلى 28 - مارتتىن 16 - ئاپرېلغىچە بېيجىڭدا 2 - قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق مۇھاكىمە مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مەجلىستە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىسلاھاتىدا يېڭى فاڭجېن، سىياسەت بەلگىلەندى. سىلاۋيان يېزىقى ئاساسىدىكى بارلىق يېڭى يېزىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1959 - يىلى 25 - نويابىردىن 11 - دېكابىرغىچە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى. مەجلىس ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئەرەپ ھەرپى ئاساسىدىكى كونا يېزىقنى توختىتىپ، خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىق (لاتىنچە) نى قوللىنىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇيغۇر، قازاق يېزىق لايىھىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن قوللىنىش قارار قىلىندى.

1965 - يىلى 1 - يانۋار كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى (لاتىنچە ھەرپ) رەسمىي قوللىنىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى لاتىنچە يېڭى يېزىق باشلانغۇچ مەكتەپ بىرىنچى سىنىپتىن باشلاپ ئوقۇتۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار لاتىن يېزىقى بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈردى. ئالىي مەكتەپلەردىمۇ لاتىن يېزىقى قوللىنىلدى. ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كاساپىتى بىلەن



ئامىمىنىڭ يېڭى يېزىقتا ساۋات چىقىرىش خىزمىتى ياخشى تۇتۇلمىدى، ئىدارە كادىرلىرىنىڭ يېڭى يېزىقنى ئۆگىنىشى يېتەرلىك بولمىدى. ئاقىۋەتتە ئوقۇغۇچىلار يېڭى يېزىقنى، چوڭلار كونا يېزىقنى قوللىنىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. بالىلىرى يازغان خەتنى ئاتا - ئانىسى ئوقۇيالمايدىغان، ئاتا - ئانىسى يازغان خەتنى بالىلىرى ئوقۇيالمايدىغان ئەھۋال يۈز بەردى. كادىرلارمۇ يېڭى يېزىقنى قوللىنىشتا قىينالدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە جىددىي زىددىيەت پەيدا بولدى. كونا يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلىپى كۈچلۈك بولدى. ئاخىرى كونا يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەي مۇمكىن بولمىدى. 1982 - يىلى 11 - نويابىر كۈنى خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ 17 - سانلىق مەجلىسى ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش توغرۇلۇق قارار قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت ھەل بولدى. ئەمما بىر ئەۋلاد ياشلار ساۋاتسىز بولۇپ قالدى. ئۇلارغا ئەرەپ يېزىقىنى ئۆگىتىشكە توغرا كەلدى. كونا يېزىقنى سىلاۋيان يېزىقىغا ئۆزگەرتىش، سىلاۋيان يېزىقىدىن لاتىن يېزىقىغا ئۆتۈش، لاتىن يېزىقىدىن يەنە كونا يېزىققا قايتىش، خىزمەتلەرگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق تۇغدۇردى. دۆلەت مالىيىسىدىن نۇرغۇن بىھۇدە راسخوت قىلىندى.

لاتىن يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا نېمە سەۋەب بولدى؟

1. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كاساپىتى بىلەن لاتىن يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەت ياخشى ئىشلەنمىدى. ساۋات چىقىرىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلمىدى، ئىدارە كادىرلىرى ئارىسىدا يېڭى يېزىق ئۆگىنىش ئىشلىرى ئوبدان تەشكىللەنمىدى، ۋاقىت ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى.

2. خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى لاتىن يېزىقىنىڭ ئىلمىيلىكى يېتەرلىك بولمىدى.

ئۇيغۇر يېزىقى تەركىبىگە ئۇيغۇرلاردا بولمىغان قوشما ھەرپلەر كىرگۈزۈلدى. بىر «چ» ئورنىغا ئىككى «چ» يەنى «q، ch»، بىر «ج» ئورنىغا ئىككى «ج» يەنى «j، zh»، «ش» ئورنىغا ئىككى «ش» يەنى «x، sh» كىرگۈزۈلدى. خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ توغرا يېزىشى تەس ياكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

3. يېزىق خىزمىتىدە ئىككى سەپ مەيدانغا كەلدى، بىرى يېڭى يېزىق قوللانغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار سېپى، ئىككىنچىسى كونا يېزىقنى قوللانغان كادىرلار - چوڭلار سېپى. بۇلار ئارىسىدا زىددىيەت كۈچلۈك بولدى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ چارە قوللىنىپ يەنى كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا يېڭى يېزىق ئۆگىنىشىنى كۈچەپ ئالغا سۈرۈپ زىددىيەتنى ھەل قىلماي، قايتا كونا يېزىق قوللىنىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئون يىل داۋامىدا يېڭى يېزىق ئۆگەنگەن ياشلار ساۋاتسىزلارغا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساۋاتىنى كونا يېزىق بىلەن قايتىدىن چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ يېزىق خىزمىتىدە ئېچىنىشلىق ساۋاق بولدى. قىلىنغان نۇرغۇن ئەمگەك زايە بولدى.

## شىنجاڭ داشۆدە

مەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن 1973 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ داشۆگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. يەنى مۇئاۋىن مۇدىر بولدۇم. بۇ تېخى تۆت كىشىلىك گۇرۇھ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلار ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى داۋامىدا ئۇزۇن ۋاقىت توختاپ قالغان بۇ مەكتەپ پەقەت 1972 -،



1973 - ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، يېڭىدىن سىناق سىنىپلىرىنى ئېچىپ ئىش باشلىغان ۋاقىت ئىدى، مەكتەپ كۆلىمى كىچىك بولۇپ، سىنىپلار سانى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتاتتى. بەزى فاكۇلتېتلارنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمايتتى. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بىئولوگىيە دەرسى ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈن، بىئولوگىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەت ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن رۇس تىلى خادىملىرىغا ئېھتىياج تۆۋەنلەپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت رۇس تىلى كافىدراسىنى ساقلاپ قېلىش ۋە رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئىش بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە ھەر يىللىقتا بىردىن سىنىپ ساقلاپ قېلىنغانىدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ رۇس تىلى ئۆگىنىشكە ئانچە قىزىقمايتتى. چۈنكى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تەقسىماتى بىر مەسىلە ئىدى. سىياسىي فاكۇلتېتتا ئىلمىي سوتسىيالىزم، پەلسەپە، سىياسىي - ئىقتىساد، پارتىيە تارىخى دەرسلىرىنى سىستېمىلىق ئوقۇتۇشقا قارشى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن بۇنىڭغا يول قويۇلمىدى.

ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەرخىل سەۋىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىناتتى. بىر سىنىپتا باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس بېرىشى تەس ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى تۆۋەن ئىدى. چۈنكى ئوقۇغۇچىلار دەرس ئۆگىنىشكە قىزىقىپ كەتمەيتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسى بىلەن مەكتەپكە كىرگەنلىكى ئۈچۈن، دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى تەس ئىدى. بۇلارنىڭ گۇڭ نۇڭ بىڭ (ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر)

ئوقۇغۇچىلىرى دەپ نامى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلاردا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى تۈگەپ كەتمىگەنىدى. ئوقۇغۇچىلار دەرس ۋاقتىدا سىنىپتا تاماكا چېكەتتى، ياتاقلاردا ھاراق ئىچەتتى، مېھماندارچىلىق ئويناپ، قىزلار بىلەن تانسا ئوينايتتى، ئەتىگەنلىك تەنتەربىيە دەرسىگە تولۇق چىقمايتتى. بۇ ئىشلارغا مەكتەپنىڭ چارىسى يوق ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارغا قوپال مۇئامىلە قىلاتتى، مەكتەپكە ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قوياتتى. بۇ ئەھۋال خېلى ۋاقىت داۋام قىلدى.

تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭ داشۆدە بىر ئۆزبېك سىنىپى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۆزبېكلەردىن رادىئو خادىملىرىنى تەييارلاپ، بېيجىڭدا سوۋېت شيۇجيېنجۇيىچىلىرىگە قارشى ئۆزبېك تىلىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارماقچى ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بۇ سىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1976 - يىلى ماۋجۇشى، جۇ ئېنلەي زۇڭلىلار ئىلگىرى كېيىن دۇنيادىن ئۆتتى. تۆت كىشىلىك گۇرۇھ سۆيۈملۈك زۇڭلى جۇئېنلەيگە ئۆزىنىڭ تىغ ئۇچىنى قاراتقانىدى. ھەرقانچە ياۋۇزلۇق قىلسىمۇ زۇڭلىنى باشقىلارغا ئوخشاش ئاغدۇرۇۋېتىش قولىدىن كەلمىدى. زۇڭلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماتەم مۇراسىملىرىنى ئېچىشقا يول قويمىدى. شىنجاڭ داشۆنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلىرى تەزىيە مەجلىسى ئېچىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئاما سۆيۈملۈك زۇڭلى جۇ ئېنلەيگە ئۆزلىرىنىڭ قايغۇلىرىنى ئىزھار قىلىشنى خالايتتى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەن تەزىيە سۆزى قىلدىم. سۆزلەۋېتىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتىم. پۈتۈن مەجلىس قاتناشچىلىرى كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، چوڭقۇر قايغۇ بىلەن زۇڭلى بىلەن



ۋىدالاشتى. دەرۋەقە جۇ زۇڭلى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقانىدى. سۆيۈملۈك زۇڭلى جۇ ئېنلەي ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋەزىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. بەختكە يارىشا 1976 - يىلى تۆت كىشىلىك گۇرۇھ تارمار قىلىندى. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى مەملىكىتىمىز ھاياتىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. بۇ يېڭى دەۋرنىڭ تەشكىلاتچىسى، باش لايىھىلىگۈچى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈپ كەتتى. شىنجاڭ داشۆنىڭمۇ تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلدى.

1980 -، 1981 - ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ داشۆدە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، جۇغراپىيە، جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى، جۇڭگو تىلى، سىياسىي، تارىخ بولۇپ ئون فاكۇلتېت، 18 كەسىپ بار ئىدى. يەنە مىللىيلار ئۈچۈن خەنزۇچە ئۆگىنىش تەييارلىق سىنىپى بار ئىدى. ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 3154 نەپەرگە يەتكەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1728 نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 54.76 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. 1978 - يىلىدىن باشلاپ ئاسپىرانت قوبۇل قىلىنىدى. جەمئىي 35 ئاسپىرانت بولۇپ، بۇنىڭ 11 نەپىرى مىللىيلار ئىدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 1413 بولۇپ، بۇنىڭ 556 سى مىللىيلار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار 627 بولۇپ، 258 نەپىرى مىللىيلار ئىدى. مۇئاۋىن پروفېسسور 36 بولۇپ، سەككىز نەپىرى مىللىيلار ئىدى. لېكتورلار 323 بولۇپ، مىللىيلار 145 نەپەر ئىدى. كۇتۇپخانىدا 725 مىڭ 608 نۇسخا كىتاب بار بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا 57 مىڭ 742، چەت ئەل تىلىدا

69 مىڭ 548 كىتاب بار ئىدى.

شىنجاڭ داشۆ بۇرۇنقى شىنجاڭ شۆيۈەنى ئاساسىدا 1935 - يىلى تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، 31 يىل داۋامىدا 12 مىڭدىن كۆپ ھەرمىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلىدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ھەسسىلەرنى قوشتى.

## مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىدا

1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشخانىسى مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىدى. مەن 1982 - يىلى فېۋرالدا مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسى شۇجىسى ۋە مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەندىم، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدىم. يېڭىدىن نېفىت شۆيۈەنى، سەنئەت شۆيۈەنى قۇرۇلدى. ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ۋاڭ ئېنماۋ شۇجى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى 60 پىرسەنتتىن كام بولماسلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن خېلى خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانا، تەجرىبىخانا، كىتابخانا، ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى قاتارلىق قۇرۇلۇشلىرى بەكمۇ كەمچىل ئىدى. مەكتەپ تەجرىبىخانىلىرى ۋە داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلىنىشى بەكمۇ يېتەرسىز ئىدى. بۇلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مائارىپ راسخوتىنى كۆپەيتىشكە



توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپ راسخوتىنى ئاشۇرۇش توغرۇلۇق چارە - تەدبىر كۆرۈلدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئاز ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلمىسىدا كەسپىي مەكتەپلەر ۋە كەسپىي سىنىپلار بەك ئاز بولۇپ، بۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر ئىدى. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇلدى.

مەن مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىدا ئىشلىگەن ۋاقتىمدا، كۆكخوتتا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا شىنجاڭ تەنتەربىيىچىلىرى ئۆمىكىنى باشلاپ بېرىشقا توغرا كەلدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چوڭ تەييارلىق قىپتۇ. تەييارلىق خىزمىتىدە مۇلازىمەت خىزمىتىدىن تارتىپ رەھبەرلىك خىزمىتىگىچە بولغان ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى موڭغۇللار ئۈستىگە ئېلىپتۇ. كۈتكۈچىلىك خىزمىتىنى قىلغۇچىلاردىن تارتىپ رەئىسلەرگىچە موڭغۇللارنىڭ مىللىي كىيىمىنى كېيىپتۇ. بۇ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئۈچۈن ئوبدان مەنزىرە شەكىللەندۈرۈپتۇ.

بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنى تەنتەنىلىك بولدى. جۇڭگودىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت تەنتەربىيىچىلىرىدىن باشقا، مەركەزنىڭ رەھبەرلىرىمۇ كېلىپ قاتناشتى. ئېچىلىش مۇراسىمى ئۈچۈن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ھەرخىل چوڭ تېپتىكى، ئاجايىپ نومۇرلار تەييارلىنىپتۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى مەپتۇن قىلاتتى. تەنھەرىكەت يىغىنىغا ھەممە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە نومۇرلىرىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن ھەرقايسى مىللەتلەر بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆز

كارامەتلىرىنى كۆرسەتتى. بىز شىنجاڭدىن ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە نومۇرلىرىدىن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تەڭگە ئېلىش، دارۋازلىق، ساغادى، ئىلەڭگۈچ قاتارلىقلارنى نامايىش قىلدۇق. دارۋازلىق ئېچكى موڭغۇلدا بىرىنچى قېتىم نامايىش قىلىنىشى ئىدى. بۇ مۇسابىقە مەيدانىدا ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. دار ئوينالغان كۈنلەردە تاماشىبىنلار بەكمۇ كۆپ بولدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىدىن ناھايىتى زوقلاندى، ئاپىرىن ئوقۇدى. ئوغلاق تارتىشىش شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەۋەس قىلىدىغان بىر خىل تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ چەۋەندازلىرى مەيدانغا چۈشۈپ ئوغلاق تارتىشقاندا ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. چەۋەندازلارنىڭ جاسارىتى تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇردى. ئات بەيگىسىمۇ شىنجاڭ ئاتلىرىنىڭ يۈگۈرۈكلىكىنى، چەۋەندازلارنىڭ ماھىرلىقىنى نامايان قىلدى.

باشقا مىللەت تەنھەركەتچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزدە تەنتەربىيىنىڭ شەكىللىرىمۇ كۆپ ئىدى. مۇسابىقىدە ھەممە بەس - بەستە سايراش، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش مەنزىرىسى شەكىللەندى.

مۇسابىقە دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق كەيپىياتىدا ئۆتتى. مۇسابىقە جەريانىدا بىز ۋاڭ جاۋجۈن مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. ۋاڭ جاۋجۈن خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسى بولۇپ، خەنزۇلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىدا ئۆزىنىڭ زور ھەسسىسىنى قوشقان. بۇ جايدا ئىتتىپاقلىق ئۈستىدە توختالدۇق. تارىختىمۇ ئادەملەر ئىتتىپاقلىققا مۇھتاج بولغانلىقىنى، خۇسۇسەن بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە



ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قەيت قىلدۇق. چۈنكى، ئىتتىپاقلىق غەلىبىلىرىمىزنىڭ ئاساسى.

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە

ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش مۇناسىۋىتى بىلەن مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدە مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى تەشكىل قىلىندى.

مەن 1983 - يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ كەلدىم. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلگەنىدىم. سىياسىي كېڭەشتە خىزمەت تەقسىماتى بويىچە مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى ۋە تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىغا مەسئۇل بولدۇم. سىياسىي كېڭەشتە ۋاقىت چىقىرىپ كۆپرەك تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەممە ۋىلايەت، ناھىيە ۋە شەھەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردۈم. قان بېسىمىم يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ بىرلا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە بارمىدىم. مەن بارغان يەرلەردە مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدىم، مائارىپ خىزمىتىدىكى مۇھىم مەسىلە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك مەسىلىسى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، تەربىيىۋى خىزمەتنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇقىمسىزلىقى، تەنتەربىيە، رەسىم ۋە خەنزۇ

تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى، ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلمىسىدا كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە كەسپىي سىنىپلارنىڭ ئاز بولۇشى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوقۇش ۋاقتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، مەكتەپ جاھاز - مۈلكى ۋە تەجرىبە سايمانلىرىنىڭ كاملىقى، تەنتەربىيە قوراللىرىنىڭ ئاز بولۇشى، تازىلىق ئىشلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى، مەكتەپ بىنالىرىنىڭ خەتەرلىكى، ئوقۇتقۇچىلار ياتىقىنىڭ قىسلىقى، ئوقۇتقۇچىلار مائاشىنىڭ ۋاقتىدا بېرىلمەسلىكى، مەكتەپ خىراجىتىنىڭ بەكمۇ يېتىشمەسلىكى، ئوقۇغۇچىلار سېلىقىنىڭ كۆپلۈكى، ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلىكى ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ھەتتا بور ئېلىشقا پۇل چىقىرالماسلىق ئەھۋاللىرى بار ئىدى. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ مەسلىھەتلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ۋە بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىمنى رەھبەرلىككە دوكلات قىلدىم.

سىياسىي كېڭەش خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئومۇمىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەش بىلەن بىللە، تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنى نۇقتىلىق تەكشۈردۈم. بۇ ھەقتىكى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ۋە مەجلىسلەرنىڭ روھىنى يەتكۈزدۈم. تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىدە قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى، ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشنى، ئىلاجى بولغاندا، ئۆزلىرى نەشر قىلىشنى، ئىمكانىيەت بولمىسا، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ماتېرىياللارنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىدىم. جايلارنىڭ تارىخ ماتېرىياللار خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى نەتىجىسىدە، بەزى ئورۇنلار تارىخ ماتېرىياللارنى نەشر قىلدى،



كۆپلىگەن ئورۇنلار توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىغا يوللاپ بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تارىخ ماتېرىياللىرى ئۈزۈلمەي، داۋاملىق نەشر قىلىنىپ تۇردى.

تارىخ ماتېرىياللار خىزمىتىنى ئوبدانراق ئىشلەش، بەزى ماتېرىياللارنى بىرلىشىپ ئىشلەش مەقسىتىدە شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشا ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون نۆۋەت بىلەن مەجلىس ئېچىپ، خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان بەزى تېمىلارنى خىزمەت تەقسىم قىلىپ بىرلىكتە ئىشلىدۇق. بۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولدى. بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بىرلىكتە تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتى تەسىس قىلدۇق.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ خىزمىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە، ئىشخانا ئورنى، شتات، ترانسپورت قورالى، خىراجەت مەسىلىسى قاتارلىقلار ئىدى. بۇ مەسىلىلەر سىياسىي كېڭەش خىزمەت مەجلىسىدە مۇزاكىرە قىلىنىپ، پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكى ھەل قىلىپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولۇپ كەتمىدى.

بەزى ناھىيىلەرنىڭ شۇجى، ھاكىملىرى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھىم مەسىلىلەر بىرتەرەپ قىلىنىپ، بەزىلەرنىڭ خىزمەتلىرى سىياسىي كېڭەشكە يۆتكەلگەندە، ئۆز خىزمىتىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلدى. ئايرىم ناھىيە رەھبەرلىرى ھوقۇقى بار ۋاقىتتا سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە دىگۈدەك كۆڭۈل بۆلمەي، خىزمىتى سىياسىي كېڭەشكە يۆتكەلگەندە پۇشايمان قىلغان ئەھۋاللارمۇ

كۆرۈلدى.

ئومۇمەن، پارتىيە رەھبەرلىكىدە سىياسىي كېڭەش خىزمەتلىرى يىلدىن - يىلغا ياخشىلاندى. سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

مەن مائارىپ نازارىتىدە «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ، شىنجاڭ داشۆدە: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ، سىياسىي كېڭەشتە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ باش مۇھەررىرى ئىدىم. بېسىشقا تەييارلانغان ھەر بىر ماقالىنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە توغرا، سۈپىتى يۇقىرى، ئەدەبىي جەھەتتە تىللىرىنىڭ چۈشىنىشلىك ۋە راۋان بولۇشى ئۈچۈن تىرىشتىم.

## دانەنگۇ ئۆزبېك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مىللىي يېزا قەيت قىلىنغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 12 - ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دائىرىسىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا شۇنىڭغا مۇناسىپ ئاپتونومىيىلىك جايلار ياكى مىللىي يېزىلار قۇرۇلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە 30 - ماددىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئاپتونومىيىلىك جاي ياكى مىللىي يېزا قۇرۇشىغا ياردەم



بېرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

مورى ناھىيە دانەنگو يېزىسىدا ياشىغۇچى ئۆزبېكلەرنىڭ تەلىپى ۋە يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن 1987 - يىلى 2 - ئىيولدا دانەنگودا ئۆزبېكلەر مىللىي يېزىسى قۇرۇلدى. بۇ مورى ناھىيە دانەنگو يېزىسىدا ياشىغۇچى شۇنىڭدەك شىنجاڭدا ياشىغۇچى ئۆزبېكلەر ئۈچۈنمۇ زور خۇشاللىق بولدى. بۇ مەملىكەت بويىچە قۇرۇلغان 2945 - مىللىي يېزا بولۇپ تارىختىن ئورۇن ئالدى.

مورى ناھىيە دانەنگو ئۆزبېك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇرۇلۇش تويىغا تەكلىپ قىلىنغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىز ئۆزبېك جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىگە ۋەكالىتەن تەبرىكلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ، مىللىي يېزا قۇرۇش تويىغا قاتناشتۇق. دانەنگو ئۆزبېك مىللىي يېزىسى قۇرۇش تويي مۇراسىمىدا شىنجاڭ ئۆزبېكلىرىگە ۋەكالىتەن تەبرىك سۆزى قىلدۇق ۋە لەۋھە تەقدىم قىلدۇق. دانەنگو ئۆزبېكلىرىنىڭ خۇشاللىق كۈنلىرىنى بىللە ئۆتكۈزدۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن ساھىبخانلار بەك خۇرسەن بولدى. بىزمۇ قېرىنداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن شادلىققا چۆمدۇق.

دانەنگو ئۆزبېك مىللىي يېزىسى دانەنگو ۋە دوڭگو دادۇيلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەزكۇر ئىككى دادۇي گوڭشېلاشقان ۋاقىتتا شىجىر گوڭشېسى قارمىقىدا بولغان. 1984 - يىلى گوڭشېلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر تەشكىل قىلىنغاندا دوڭگو دادۇي ئىنگىبۇلاق يېزىلىق ھۆكۈمەتكە، دانەنگو بۇرۇنقىدەك شىجىر يېزىلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدا بولغان. كېيىن مەزكۇر ئىككى دادۇي بىرلەشتۈرۈلۈپ، دانەنگو ئۆزبېك مىللىي يېزىسى قىلىپ قۇرۇلغان.

دانەنگو ئۆزبېك مىللىي يېزىسىدا 346 ئائىلە، 2384 ئاھالە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزبېك 613 نەپەر، قازاق 1544 نەپەر، خەنزۇ 152 نەپەر، ئۇيغۇر 38 نەپەر، تاتار 37 نەپەر.

دانەنگو مىللىي يېزىسىنىڭ ئاھالىلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يېزىدا 24 مىڭ 360 باش ھەر خىل چارۋا مال بولۇپ، ئادەم بېشىغا چارۋا سانى ئوندىن توغرا كېلىدۇ. مىللىي يېزا قارمىقىدا 150 مىڭ مو يايلاق، 10 مىڭ مو تەبىئىي چۆپ چاپىدىغان يەر، 400 مو بېدىلىك بولۇپ، چارۋا مال بېشىغا 6.5 مودىن يايلاق توغرا كېلىدۇ. چارۋىچىلىقتا قوي ئاساس قىلىنىپ، سىيىر، يىلقا قوشۇمچە قىلىنىدۇ. مىللىي يېزىدا 554 ئادەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1544 مو تېرىلغۇ يېرى بار. بىر كەشتىچىلىك كارخانىسى بولۇپ، بۇنىڭدا 35 ئادەم ئىشلەيدۇ. ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 291 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ 82 پىرسەنتى مەكتەپ قويىنىغا ئېلىنغان. مەكتەپتە 25 نەپەر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرى 11 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ بەش نەپىرى ئۆزبېك، كەنت كادىرلىرى ئون نەپەر.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالمىش ئاپەتلىك يىللاردا دانەنگو، دوڭگو يېزىلىرىمۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتلەردە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 1965 - يىلى دانەنگو، دوڭگو يېزىلىرىنىڭ چارۋا مال سانى 36 مىڭ 900 تۇياق بولغان بولسا، مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا 13 مىڭ تۇياققا چۈشۈپ قالغان.

دانەنگو ئۆزبېك مىللىي يېزىسىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بۇنىڭدىن 150 يىللار بۇرۇن بۇ جايلارغا كېلىپ ماكانلاشقان. بۇ يەردىكى ئۆزبېك خەلقى ئەسىرلەر داۋامىدا قازاق



خەلقى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرغانلىقى ۋە قازاق خەلقى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، دانەنگو ئۆزبېكلىرى ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇغان، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆرپ - ئادەتلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولغان. ھازىرقى كۈندە دانەنگو ئۆزبېكلىرىنىڭ تىلى، كىيىم - كېچىكى، يېمەك - ئىچمىكى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قازاقلاشقان. دانەنگو ئۆزبېكلىرى ئۆزبېك تىلىنى ئۆگىنىشنى، بالىلىرىنى ئۆزبېك تىلىدا ئوقۇتۇشنى، ئۆزبېك ئادەتلىرى بويىچە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆزبېك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزبېك مىللىي يېزىسى قۇرۇشتىكى ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۈچۈن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن چوڭقۇر مىننەتدار.

## ئۆزبېك مەدەنىيەت - تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىنىشى

1980 - يىللىرى شىنجاڭدىكى ئۆزبېك جامائەتچىلىكى ئىچىدە ئۆزبېك جەمئىيىتى تەسىس قىلىش پىكرى تۇغۇلدى. سەۋەب، ئۆزبېكلەر تەشكىللىنىپ مىللەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن پايدىلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئارزۇ قىلىشنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىمۇ بار ئىدى. 1933 - يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، 1938 - يىلى شىنجاڭدىكى ئۆزبېك جامائەتچىلىكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت - مائارىپ، تەشۋىقات، سەنئەت ساھەلىرىدە خەلق ئۈچۈن پايدىلىق

خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى. بۇ ئۆتمۈش ئۆزبېك خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تەرەققىيات ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەممە ساھە بويىچە تەرەققىياتلار باشلىنىپ كەتتى. زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تەرەققىياتىمىزنى ئالغا سۈردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن تەلىماتى پەن - تېخنىكىغا يۈرۈش قىلىشقا كەڭ سەپەرۋەرلىك قوزغىدى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر ساھەدە تەتقىقات خىزمەتلىرىنى تۇتۇشقا توغرا كەلدى. ئۆزبېكلەرمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش خىزمەتلىرىگە ئۆز ساھەلىرى بويىچە پائال قاتناشقانىنىڭ سىرتىدا، ئۆزبېك مىللىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزبېك تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، مەدەنىيىتى، مائارىپى، تىل ۋە ئەدەبىياتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. بۇ جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھاۋالە قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئاز بولمىدى. ئۆزبېك تىلى تەزكىرىسى، ئۆزبېك ئەدەبىياتى بايانى، ئۆزبېك خەلق ئېرتەكلىرى، ئۆزبېك خەلق داستانلىرى، ئۆزبېك خەلق مۇزىكىلىرى، رەقسلىرى، ناخشىلىرى، ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى، ئۆزبېك تارىخى قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، ئەسەرلەر يېزىلىپ نەشر قىلىندى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.



شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ نوپۇسى 1982 - يىلىدىكى روييخەتتە 12 مىڭ 434 نەپەر بولۇپ، گەرچە شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەر ئاز سانلىقنىڭ ئاز سانلىقى بولسىمۇ، ھەممىسى ساۋاتلىق، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئاھالىنىڭ 7%ى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن. ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە زىيالىيلار 60 دىن ئاشىدۇ. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 400 دىن ئوشۇق ئۆزبېك زىيالىيلىرى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆزبېكلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇئەسسەسىلىرىدە، ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىدا، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا، ئەدەبىيات - سەنئەت، مېدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك، سانائەت ۋە باشقا ساھەلەردە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزغا پائال ئىشتىراك قىلىپ كەلمەكتە. ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇپ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن مەلۇم ئاساس بار. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۆزبېك ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇش توغرۇلۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزبېك جامائەتچىلىكىنىڭ ماقۇللىشىدىن كېيىن، ئىلمىي جەمئىيەتنى قۇرۇش قارارىغا كەلدۇق. ئاخىرى، 1986 - يىلى 2 - ئايدا 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئۆزبېك تىل - ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇش تەييارلىق ھەيئىتىنى قۇردۇق. مەن تەييارلىق ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بولدۇم. شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى ئىلتىماسىمىزنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ خامىي ئورنى بولۇشقا قوشۇلدى. 1988 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى ئۆزبېك تىل - ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى

تاماملانغاندىن كېيىن 1988 - يىلى ماي ئېيىدا قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ، ئۆزبېك تىل - ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى تەسىس قىلىندى. قۇرۇلتايغا پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قاتناشتى. ئۇلار قۇرۇلتاينى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەجلىستە جەمئىيەتنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىلدى. جەمئىيەتنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى، ئىجرائىيە دائىمىي ھەيئىتى، نىزامنامىسى، رەھبەرلىك ئورگىنى ئېلان قىلىندى. 1988 – 1990 - يىللىق تەتقىقاتلار پىلانى بېكىتىلدى.

ئۆزبېك تىل - ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 49 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. بۇ 49 نەپەر ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى تىل - ئەدەبىيات، مائارىپ، سەنئەت، پەلسەپە، مىللەتشۇناسلىق، ئىقتىساد، ساقلىقنى ساقلاش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سانائەت ساھەسىدىكى مەلىكىلىك ئىلمىي خادىملاردىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرى ئۇنۋانغا ئىگە بولغانلار 15 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە بولغانلار 30 نەپەر.

ئىجرائىيە ھەيئىتى دائىمىي ئەزالىرى 15 بولۇپ، ئۇلار: ئەنۋەرخانبابا، مەخسۇت ئەكپەر، ئابدۇشۈكۈر يالقىن، باھار رەھىمى، قادىر ئەكپەر، زەينەپ سىدىق، ئامانۇللا مۇسا، تەلئەت ناسىرى، مەخمۇت دالىم، مۇختەبەر رەھىموۋا، ئابدۇراخمان ۋەكىلى، سالامەت ئالىم، ئەكرەم خەمىدى، پەيزۇللا ئىكرام، دولقۇن مەخمۇتجانلاردىن تەركىب تاپتى.

پەخرى رەئىس، مەسلىھەتچىلەر، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلار بولۇپ تۆۋەندىكىلەر سايلاندى:

پەخرى رەئىس: ئەنۋەرخانبابا.



مەسلىھەتچىلەر: مۇھەممەت ئىمىن يۇسۇپ، سەيىد تۇرسۇن، سەيد ئەخمەت، ئابلىز ياقۇپ، مۇقەددەس ھاجىيۋا.

رەئىس: مەخسۇت ئەكپەر.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ئابدۇشۈكۈر يالقىن، باھار رەھىمى، قادىر ئەكپەر، زەينەپ سىدىق.

باش كاتىپ: قادىر ئەكپەر (قوشۇمچە).

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: مەخمۇت دالىم، تەلئەت ناسىرى، دولقۇن مەخمۇتجان.

قۇرۇلتاي نەتىجىلىك تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزبېك تىل - ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. 1993 - يىلى ئېچىلغان 2 - قۇرۇلتايدا جەمئىيەت نامى «ئۆزبېك مەدەنىيەت - تەتقىقات جەمئىيىتى»گە ئۆزگەرتىلدى. مەقسەت پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىدى.

## تۇرمۇشتىكى بەزى ئادەتلىرىم

1. ۋاقىتقا رىئايە قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىمەن. چۈنكى، ۋاقىت قىممەتلىك بايلىق. ۋاقىتنى چىڭ تۇتقاندىلا خىزمەتنى نەتىجىلىك قىلغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتقا رىئايە قىلىشنى تۇرمۇشتا مۇھىم ئورۇنغا قويدۇم. خىزمەت ۋاقتىغا رىئايە قىلدىم. مەجلىسلەرگە ۋاقتىدا قاتناشتىم. خوسۇسەن ئۆزۈم باشقۇرغان مەجلىسلەرگە بالدۇرراق بېرىپ، باشقىلارنى كۈتتۈم. مېنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلىشىمنى مەن بىلەن بىللە ئىشلىگەن كۆپ يولداشلار ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن چاقىرغان مەجلىسلەرگە يولداشلار ۋاقتىدا كېلەتتى. مەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا باشقىلار رىئايە قىلاتتى. چۈنكى، ۋاقىتقا

رىئايە قىلىشتا مەن باشقىلارغا ئۈلگە بولالايتتىم. پارچە - پۇرات ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىش، ۋاقىتنى تېجەشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى. ئۆمۈر ۋاقىتتۇر. ھەربىر مىنۇت، سېكۇنتلار ئۆمۈرنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۆمۈرنى زايا قىلىشنى خالىمىساڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇت.

2. تۇرمۇشنى تەرتىپلىك ئۆتكۈزىمەن. كۈندۈلۈك كۈن تەقسىماتىم بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىمەن. ۋاقتىدا تۇرىمەن، ۋاقتىدا ياتىمەن، ۋاقتىدا تاماق يەيمەن، ۋاقتىدا مەشغۇلات قىلىمەن، ۋاقتىدا دەم ئالىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ھەر كۈنلۈك ۋاقتىم تەرتىپلىك ئۆتىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت شۇنداق قىلغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ماڭا ئادەتكە ئايلانغان. تۇرمۇشتا تەرتىپلىك بولۇش سالامەتلىككە پايدىلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن سالامەتلىكىم بىرقەدەر ياخشى. ئەنگلىيىلىكلەردە «تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك بولۇشى ئەڭ ئېسىل دورىدۇر» دېگەن ماقال بار.

3. مەن تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئاسىيالىقلاردا يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ھەر كۈنى سەھەر تۇرىمەن. «سەھەر تۇرۇشقا ئادەتلەنسەڭ، سەكسەن ياشقا كىرگەندىمۇ قېرىلىق ھېس قىلمايسەن» دېگەن سۆز بار. ئەتىگەن تۇرۇپ تەنتەربىيە ئويناش بىلەن شۇغۇللىنىمەن. گىمناستىكا، تەيجى گۇڭفۇسى، تەيجى شەمشىرى ئوينايمەن. تەيجى گۇڭفۇسى بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا 35 يىلدىن ئاشتى. بۇرۇن ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈگۈرەتتىم. يېشىم چوڭ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن يۈگۈرمەيدىغان بولدۇم. شۇنداق بولسىمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر سائەت يول يۈرىمەن. جۇڭگودا «بولسىمۇ زىمىستان قىش، توختىماسۇن چېنىقىش» دېگەن ماقال بار. ئەتىگەنكى تەنھەرىكەتتىن كېيىن ئۆزۈمدە بىر خىل يەڭگىللىك ۋە روھلۇق ھېس قىلىمەن. ئاندىن ئىشتىھا بىلەن ئەتىگەنلىك چاينى



ئىچىپ، كۈندۈلۈك مەشغۇلاتقا كىرىشىمەن.

4. مەن ئۇزۇن يىل مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. پۈتۈن ئۆمرۈم مائارىپ خىزمىتى بىلەن ئۆتتى دېسەممۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مائارىپ خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈشنى، مائارىپ ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇمۇ مېنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمگە ئايلاندى. ھازىرقى كۈندە مەملىكىتىمىزدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن ئىجرا قىلىنماقتا. ئىسلاھات ھەممە ساھەلەردە، ئىقتىسادىي ساھەدىمۇ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ، جۈملىدىن مائارىپ ساھەسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلماقتا. مائارىپ ساھەسىدە ئىسلاھاتنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ بۇ بىر چوڭ مەسىلە. ئىسلاھات ئارقىلىق مائارىپىمىزدا ساقلىنىۋاتقان نۇقسانلارنى تۈگىتىش، نەتىجىلەرنى يارىتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش ۋە ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتلەرنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان قىلىپ تەربىيىلەپ، دەۋرىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھاتنى مائارىپ ساھەسىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى ئىجادىي يوسۇندا قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن گەرچە دەم ئېلىشقا چىققان بولساممۇ، بۇ جەھەتتە ئۆز ھەسسەمنى قوشۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

# ئىتتىپاقلىق

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نۇرغۇن مىللەتلەر ياشايدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن 13 مىللەت ياشايتتى. ھازىرقى كۈندە مىللىي تەركىب 40 تىن ئاشتى. كۆپ مىللەتلىك رايوندا ئىتتىپاقلىق ھەممە ئىشنىڭ ئاساسى. تىنچ بولۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق بولۇش كېرەك. مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ھەمكارلىقى كۈچەيگەندىلا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبىسىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

مەن دائىم ئىتتىپاق بولۇشقا تىرىشتىم، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلىدىم. مېنىڭ مۇھىم بىر تەجرىبەم: بىر ئىدارىدە ئىتتىپاقلىقنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىدارە باشلىقلىرى ئۆزئارا ئىتتىپاق بولۇشى كېرەك. مەن ئىشلىگەن ھەممە ئورۇنلاردا باشلىقلار ئىتتىپاق ئۆتتۇق. ئۆزئارا ئۆگەندۇق. ئۆزئارا ياردەم قىلدۇق. ئەمما پارتىيە پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق.

مەن ئۇزۇن يىللىق خىزمەت جەريانىدا، ئىتتىپاقلىققا دىققەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ھەر مىللەت قېرىنداشلار بىلەن خۇسۇسەن خەنزۇ يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئىشلەش ناھايىتى مۇھىم. مەن خەنزۇ يولداشلاردىن مائارىپ نازارىتىدە ما شاۋيۈن، پارتكومنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشخانىسىدا گۇەن ۋۇلۇ بىلەن، شىنجاڭ داشۆدە ليۇ شۇبىڭ، ۋېن خۇخۇا، جاڭ دوڭيۈ قاتارلىقلار بىلەن، مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىدا فىڭ دا بىلەن سىياسىي كېڭەشتە مىڭ شۇلىن، فىڭ دا، لى جىڭشۇەنلەر بىلەن بىللە



ئىشلىدىم. مەن دائىم خەنزۇ يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلدىم. ئۇلارنى ھۆرمەت قىلدىم. ئۇلارمۇ مېنى ھۆرمەت قىلدى ۋە ماڭا يېقىندىن ياردەم قىلدى. رەھبەرلىك ئىتتىپاق بولۇپ ئىشلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ھەممە كادىرلارنىڭ ئىتتىپاقى ياخشى بولدى، خىزمەتلىرىمىز نەتىجىلىك بولدى. بىللە ئىشلىگەن خەنزۇ خىزمەتداشلىرىمدىن ما شاۋيۈن، گۇەن ۋۇلۇ، لى جىڭشۇەنلەر ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ئۇلارنى دائىم سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن.

«ئىتتىپاقلىق — كۈچ» دېگەن خەلق ماقالىسى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ھەمكارلىقى ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ تەلىپى. ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاق بولۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىز.

مەن ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1 -، 2 - نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1 -، 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 1 -، 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى، 4 -، 5 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدۇم. مائارىپ نازارىتى، پارتكوم مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشخانىسى، شىنجاڭ داشۆ، خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق

سىياسىي كېڭەشتە خىزمەت قىلدىم. يېشىم توشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن 1987 - يىلى 7 - دېكابىر كۈنى تەشكىلدىن دەم ئېلىشقا چىقىش توغرۇلۇق ئىلتىماس قىلدىم. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى 1988 - يىلى 19 - مارت كۈنى دەم ئېلىشقا چىقىشىمنى تەستىقلىدى.

1988 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا، گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ ئازادلىقتىن كېيىن تۇنجى قېتىم چاقىرىلغان يىغىن بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ۋەقە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تەنتەنىلىك كۆۋرۈكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، دوسلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئىدى. يىغىننىڭ كۆلىمى زور بولۇپ، جەمئىي تەقدىرلىنىدىغانلار 1166 نەپەر ئىدى. بۇلاردىن ئىلغار كوللېكتىپ 565، ئىلغار شەخس 601 ئىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن تەقدىرلەشكە سازاۋەر بولغان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر 85 بولۇپ، بۇلاردىن بېيجىڭغا بېرىپ يىغىنغا قاتناشقانلار 25 نەپەر ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا مەملىكەت بويىچە 23 كىشى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمايىل ياسىنوپ ۋە مەن ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇق.

تەقدىرلەشكە سازاۋەر بولغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر، مىنىستىرلىك، كومىتېت، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن سايلانغان بولۇپ، بۇلار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك



ساھەلىرىدە تىرىشىپ ئىشلەپ، نەتىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ نەمۇنىچىلىرى ئىدى. تەقدىرلەش يىغىنى خەلق سارىيىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ئالدى بىلەن مەركەزدىكى مەسئۇل يولداشلار مۇھىم سۆز قىلدى، ئاندىن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، مىنىستىرلىك، كومىتېتلار مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ۋە ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى. چوڭ يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە شىنجاڭدىكى 14 مىليون ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى تەسىراتلىرىنى ۋە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلىدى.

شىنجاڭدىن بارغان ھەممە ۋەكىللەر گۇرۇپپا مەجلىسىدە ئارقا - ئارقىدىن ئۆزلىرىنىڭ يىغىندىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ۋە مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى پىكىر - تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چوڭ يىغىندا بولسۇن، گۇرۇپپا مەجلىسلىرىدە بولسۇن قىزغىن، روھلۇق، جۇشقۇن بولدى.

مەنمۇ گۇرۇپپا مەجلىسىدە ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: «1984 - يىلى ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى› جاكالاندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىز شارائىتىدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئوبدان چارىسى، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتىكى

تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە باشقا جەھەتتىكى تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇزۇن ۋاقىت جاپالىق كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىنى ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، مۇۋاپىق تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلمىغاندا تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلەرگە يېتىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى تەرەققىي قىلغان رايونلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قولايلىق شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، يەنىمۇ تەرەققىيات يولىدا ئىلگىرىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ مەركەزنىڭ ھەر جەھەتتىكى چوڭ ياردىمىگە موھتاج، مەركەزنىڭ بۇ ھەقتە ئويلاپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا ئىگە بولدۇق. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ھوقۇقىنىڭ قانۇنىي رەۋىشتە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى، لېكىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنى تولۇق بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى كونكرېت ئىزچىللاشتۇرىدىغان نىزامنى ئىشلەپ چىقىش لازىم. بۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا قېرىنداش ئۆلكىلەردىن پەرقى، ئاپتونوم رايونلارغا بېرىلىدىغان ئىمتىيازلىق ھوقۇقلار ئوچۇق ۋە كونكرېت كۆرسىتىلىشى لازىم. بۇ ھوقۇقلاردىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى قانۇنىي ئاساستا تولۇق بەھرىمەن بولۇشى لازىم».



يىغىن داۋامىدا مىللەتلەر كۆرگەزمىسى ۋە مىللىي تاۋارلار يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتۇق. ماۋجۇشى دىدارىنى كۆردۇق. ماۋجۇشى خاتىرە سارىيىدا تەشكىل قىلىنغان ماۋجۇشى، جوۋ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، جۇ دې قاتارلىق ئىنقىلابىي رەھبەرلەرنىڭ كۆرگەزمىسىنى كۆردۇق. جۇڭنەنخەينى، تيەنئەنمېن راۋىقىنى، گۇگۇڭ سارىيىنى، سەددىچىن سېپىلىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

يىغىن ئاخىرىدا ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى. مەنمۇ تارقىتىلغان سوۋغىلاردىن بەھرىمەن بولدۇم. گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان شەرەپ گۇۋاھنامىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىدى: «شەرەپ گۇۋاھنامىسى، يولداش ئەنۋەرخانبابا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىلى»

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنى
1988 ـ يىلى. ئاپرېل

ئۈمىدىم ئۆتمىسۇن ئۆمرۈڭ ھەرگىز بىھۇدە،
تىرىشىپ ئۆگەن، ھارماي ئىشلە ھايات دەۋرىدە.
تۆھپە يارات، ھەيكەل تىكلە ئەۋلادلار ئۈچۈن،
مەمنۇن بولۇپ شادلانسۇن سېنى ئەسلىگەندە.

1995 ـ يىل. ئاپرېل
ئۈرۈمچى

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: جۈرئەت ئابلىمىت

# توققۇزاقتىكى خەلقپەرۋەر، ئىلغار دېموكراتىك زات ئۆمەر چوڭخام ھەققىدە ئەسلىمە

ئابدۇرېھىم رازى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ئەمگەكچى خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، كەمبەغەل - يوقسۇللارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىچىسىگە ئايلانغان؛ ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيۈپ، يېڭى پەننىي - مائارىپنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللاپ مەدەت بەرگەن؛ فېئودال - ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ تەھدىت ۋە بېسىملىرىدىن قورقماي، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئىلغار زاتلار ئاز ئەمەس. مەرھۇم ئۆمەر چوڭخام توققۇزاق تەۋەسىدە ئۆزىنىڭ تەسىرلىك ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق خەلق قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن، خەلق ئاممىسى ھازىرغىچە ئەسلەپ ياد ئېتىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى. خەلق ئارىسىدا «ياخشىلىق مەڭگۈ ئۇنتۇلماس»، دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك تەمسىل بار. مەن بىر ئۆمۈر خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغان بۇ خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ھەققانىيەتچى، ئىلغار دېموكراتىك زاتنىڭ ئۆمۈر ھاياتىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ياش ئەۋلادلارغا تەسىر قالدۇرۇش مەقسىتىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغاندىم.



مەن مەرھۇم ئۆمەر چوڭخام بىلەن بىر يۇرتتا تۇغۇلغان، كىچىك ۋاقتىمىزدىن تارتىپ تونۇش، يېقىن بۇرادەر بولۇپ، ياخشى ئۆتكەن. مەن 50 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۆزۈم بىلگەن، ئۇققان، كۆرگەن ئەھۋاللار بويىچە بۇ ئەسلىمىنى يازدىم. مەرھۇمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان باشقا بارلىق يولداشلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىن تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(1)

ئۆمەر چوڭخام 1901 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ توققۇزاق يۇقىرىقى مەنگەن يېزىسىدىكى بىر ئېختىساسلىق ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا تەرەپ چوڭ دادىسى روزى چوڭ دېگەن كىشى بولۇپ، توققۇزاق بويىچە ئەڭ ئابرويلۇق يۇرت باشلىقى، ھۆكۈمەت ۋە خەلق بىردەك ئېتىبار قىلغان يۇرت ئاقساقالى بولغانلىقتىن، ئۇلاردىن كېيىنكىلەرمۇ شۇ نەسەب تەرتىپى بويىچە چوڭخام دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. روزى چوڭنىڭ ئولتۇراق جايى كونا توققۇزاقنىڭ مەنگەن يېرىدە بولۇپ، ئەينى چاغلاردىكى «چارشەنبە بازار»نىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇن توققۇزاقتا بىرەر چوڭ بازار بولمىغانلىقتىن دېھقانلارنىڭ سودا، ئېلىم - بېرىم، ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى تازا ياخشى يۈرۈشمىگەن. ھەج قىلىشتا كىشىلەر بېسىپ ئۆتىدىغان جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى بويىغا جايلاشقان بۇ جايدا بىرەر سودا - تىجارەت بازىرىنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم ئىكەن. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا ئۆمەر چوڭخامنىڭ چوڭ دادىسى روزى چوڭ يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ كېڭەش يىغىنى ئېچىپ، مەنگەن يېزىسىنى

چۆرىدىگەن ھالدا بىر كىچىك بازار قۇرغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كىچىك بازارنى چوڭ بازارغا كېڭەيتىپ، تۈرلۈك سودا - تىجارەت ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرگەن. چوڭ يولنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن تەرىپىگە ئورۇنلاشقان ئىككى مەنگەندىكى 1000 دىن ئارتۇق ئائىلە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئوغۇساق، ئىنساق، ئويباغ، زەمىن، سايباغ، پاختەكلى، بورىقتاي (بۇلاقسۇ) قاتارلىق يۇرتتىكىلەر روزى چوڭنىڭ شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى ئۇيۇشتۇرۇشى، باشقۇرۇشى ئارقىسىدا ھەرقايسىسى ئۆزىگە لايىق دۇكان - بازار ئىگىلەپ، توققۇزاق بازىرىنى يىلمۇيىل، ئەۋلادمۇئەۋلاد كېڭەيتىپ قۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ئاۋات، قايناق، چوڭ بازارغا ئايلاندۇرغان. خەلققە ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئاز بولسىمۇ بىر ئاز پايدا يەتكۈزگەن روزى چوڭ جەمەتى — توققۇزاق بويىچە ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدىغان ئەڭ ئابرويلۇق، دائىرىسى ئەڭ كۆپ، سانى ئەڭ زور، ئەڭ كۈچلۈك جەمەت بولۇپ قالغان.

ئۆمەر چوڭام ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا چوڭ دادىسى روزى چوڭ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھوشۇر چوڭ بىلەن مۇھەممەت چوڭلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ، ئەقىللىق، زىرەك، مۇلايىم، خۇش پېئىل بولغانلىقتىن، چوڭ - كىچىك ھەممىسى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى سوپى موللام دېگەن ئۆلىما ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئازغىنە ئوقۇپ، ئىسلامىيەت قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىپ، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندىن كېيىن، ئاجايىپ بىر غايە تىكلەپ، ئاۋام خەلققە پايدىلىق، مىللەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشقا ئىرادە باغلىغان. ئۇ ئەينى يىللاردا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى قەشقەردە ئاچقان دوختۇر يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىدا ئوقۇپ، چارۋا دوختۇرى، قاساپلار ئاقساقىلى، باجخانا خادىمى



بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ يەنە ئاشپەزلىك، ناۋايلىق، قاساپلىق ھۈنەرلىرىنى تېزدىن ئۆگىنىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى يۇرت ئىچىدىكى چەۋەنداز ئوغلاقچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ، چوڭ دادىسىغا ئوخشاش قابىلىيەتلىك، يارامىلىق ئادەمگە ئايلانغان. شۇڭا، يۇرتتىكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ئۆمەر چوڭام» دەپ ئاتىغان ۋە قانداق گەپ - سۆزى بولسا ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ ئىش كۆرۈش ئادەت بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئىش - ئىزلىرىنى مۇنداق بىرنەچچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

30 - يىللاردا، ئاتۇش ئىكساقتا يېڭىچە پەننىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1933 - يىللىرى توققۇزاقتا تۇنجى بولۇپ پەننىي مەكتەپ (بازار مەكتەپ) قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئاسانغا چۈشمىگەنىدى. بىر قىسىم فېئودال - مۇتەئەسسىپلەرنىڭ نارازىلىقى بولغاندىن تاشقىرى، مەكتەپ سېلىنىدىغان ئورۇن — جايىمۇ تېپىش تەس ئىدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى پىلانلىغۇچىلار «بۇ يېڭىچە مەكتەپ توققۇزاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى بولغان چوڭ بازار ئىچىگە سېلىنىشى، كەڭ خەلقنى جەلپ قىلىشى لازىم» دەپ قارىغانىدى. بىراق، يەر بولمىغانلىقى، قۇرۇلۇش ئورنى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، مەكتەپ قۇرۇلۇش ئىشى ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەينى يىللاردا توققۇزاق بازىرى ئىچىدە چاڭ سەن ئىسىملىك بىر گۇرۇڭكەش خەنزۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى بوش — بىكار تۇراتتى. مەكتەپنىڭ يەر مەسىلىسى جىددىي بولۇۋاتقان ئەنە شۇ پەيتتە، ئۆمەر چوڭام ۋە ئۇنىڭ چوڭ دادىسى

روزى چوڭ، ئىسمائىل بەگ، ھاجىخان ھاجىم قاتارلىق ئەرباپلار بىرلىكتە باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ، «بەگلىك ھويلا» دېگەن يەردىكى (ھازىرقى مەسچىت مۇنچىسىنىڭ ئورنى) بوش — بىكار تۇرغان بۇ ئىككى ئېغىز چوڭ ئۆينى رېمونت قىلدۇرۇپ، مەكتەپ قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بازاز ئەتراپىدىكى ئىككى مەنگەن، غوجىلار، پىلال، ئىشلەنچى، مۇسۇرما، شوغۇر قاتارلىق يۇرتلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار خاتىرجەم دەرس باشلىدى. ئاتۇش ئىكساقتىكى ئەخمەت كامال ئەپەندىنىڭ قولىدا ئوقۇغان كىشىلەردىن ئىسمائىل ھەققى مەكتەپ مۇدىرى، ئەخمەت داموللا، ئابدۇرېھىم رازى قاتارلىقلار بۇ يېڭى قۇرۇلغان ئىككى ئېغىزلىق سىنىپى بار مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى بولۇپ قالدى. ئۆمەر چوڭئام مەزكۇر مەكتەپنىڭ تۇرمۇش، مالىيە ئىشلىرىغا قارايدىغان مەسئۇل كىشىلەردىن بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تەمىنات قاتارلىق ئىشلىرىدىن ياخشى خەۋەر ئالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى توققۇزاق بازىرى ئىچىدە ئۆمەر چوڭئام باشلىق ئاكا - ئىنىلارنىڭ بىرقانچە جايدا ئاشخانا، سامسخانا، ناۋايخانا، قاسساپلىق دۇكانلىرى بار ئىدى. مەكتەپ مۇئەللىملىرى ئۆيگە تارقاپ كېتىشمەستىن، پۇل تۆلىمەيلا شۇ جايدا قورساق تويغۇزاتتى. ئۇ چاغلاردا مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن تەمىنات - راسخوتى خەلقنىڭ زىممىسىدە بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ كارى يوق ئىدى. دېھقانلار ھەر يىلى ئالغان ئاشلىقنىڭ ئۆشرىسىنى ۋە مەسچىت ۋەخپى زېمىنلىرىنىڭ ئىجارە ھەققىنى يىغىش قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش ئورنىدا ئاشلىق بېرەتتى. بۇ ئىشنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قىلاتتى. يۇرتتىن يىغىلىدىغان مەبلەغ، ئاشلىق، پۇل - پۇچەك ئۆز ۋاقتىدا يىغىلماي قالغاندا، ياكى كاملاپ قېلىپ يەتمىگەندە، ئۆمەر چوڭئام ئۆز بىساتىدىن چىقىم



قىلىپ، مەكتەپ مالىيىسىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇراتتى. نەتىجىدە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار ئوكۇشلۇق ھالدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە يۈرۈپ كېتەتتى. ئەينى يىللىرى شۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلاردىن قاۋۇل ئىمىن (غۇلجىدا ۋاپات بولغان)، مۇھەممەت ئىمىن (ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان)، ئەخمەت ئىمىن (قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئىشلىگەن. ۋاپات بولغان)، ئابدۇكېرەم سىدىق (ۋاپات بولغان)، سىيىت ئەمەت (ۋاپات بولغان)، قۇربان تاش (ۋاپات بولغان)، ئابدۇرېشىت ئىمىن (ۋاپات بولغان)، يۈسۈپ ئەيىمدىن (ۋاپات بولغان)، مۇھەممەت ئۆمەر (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا)، ياسىن ئىبراھىم (تۇرپاندا ۋاپات بولغان)، ئابدۇۋايىت مەتىمىن، روزى ئىسمائىل، قەمبەر ئارىپ (بۇلار ۋاپات بولغان)، مۇھەممەت ئابدۇراخمان (ھازىر پېنسىيىگە چىققان)، ئايلىخان كىپەر (پېنسىيىگە چىققان)، ھەمرا باقى (پېنسىيىگە چىققان)، ھىدايىتۇللا ئەمەت (پېنسىيىگە چىققان)، ئىسمائىل ھامىت (پېنسىيىگە چىققان)، ھەۋۇللا نىياز (پېنسىيىگە چىققان)، ئابدۇرېھىم تۇردى (پېنسىيىگە چىققان)، ھەۋۇللا ئابدۇرېھىم (پېنسىيىگە چىققان)، جەپەر باقى، ھاجى سېلىم، مۇھەممەت ئەمەت، خۇدابەردى تاش، ئەمەت ئولاي، ساۋۇت چوڭ، مەتنىياز بەگ (بۇلار ۋاپات بولغان)، باي ئاۋۇت (پېنسىيىگە چىققان) يۈسۈپ باۋۇدۇن (پېنسىيىگە چىققان) قاتارلىقلار ئۆمەر چوڭئامنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، 30 — 40 - يىللاردىكى توققۇزاق مائارىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى تايانچى كۈچلەردىن بولۇپ قالغان. كېيىنكى يىلى (1934) مەكتەپ توپا - تاش قۇرۇلۇشى رەسمىي

باشلانغاندا، ئۆمەر چوڭئام چوڭ دادىسىنىڭ بازار ئۈچۈن ۋەخپى قىلغان يېرىدىن ئاجرىتىپ، بازارنىڭ ئۆستەڭ سۈيى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان، مەنزىرىلىك، كۆجۈم يېرىدىن مەكتەپ ئۈچۈن بىرنەچچە ئون مو كەلگۈدەك يەر ھەل قىلىپ بەرگەن. مەكتەپ بېغىغا تۆرلۈك مېۋىلەرنى تىكتۈرۈپ، باغ قىلىپ كېڭەيتكەن. پۈتۈن قۇرۇلۇش جەريانىدا كېتەرلىك ياغاچ - تاش، پىششىق، خام خىش، تۆمۈر - كېشەك، ئىشىك - دېرىزىلەرنى يۇرت - يۇرتتىن ئەكەلدۈرۈپ، ئۇستىكارلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. بازار شەنلى مەكتەپ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەكتەپ شۇ سېلىنغىنىچە ئۈزمەي بالا ئوقۇتۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن تاكى 1966 - يىلىغىچە نەچچە مىڭ ياشنى جەمئىيەتكە يېتىشتۈرۈپ بەرگەن.

33 - يىللاردا توققۇزاقتا بىر شۆبە ئۈيۈشما قۇرۇلماقچى بولىسىمۇ، بىراق يەر يوق ئىدى. بۇ شۆبە ئۈيۈشمىغا بىرەر جاي تاپالماي يۈرگەندە، ئۆمەر چوڭئام تاغىسى ھۈشۇر چوڭ بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، بازار ئىچىدىكى بىر كونا شۆتاڭنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇپ ياساپ، ئۈيۈشمىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاسانچىلىق يارىتىپ بەرگەن (ھازىرقى ناھىيىلىك جىغان مۇنچاق زاۋۇتى ئورنى). ئۇنىڭ تاغىسى ھۈشۈر چوڭ شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن قۇرۇلغان خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان بىر كىشى ئىدى. شۇ مەزگىللەردە، قەشقەر دوتەي يامۇلدىن چىققان بەزى ئەمەلدارلار بۇ يېڭى مەكتەپ مۇئەللىم - خانىملىرىنى بوزەك قىلىپ، ئورۇپ - تىللىغاندا، ئۆمەر چوڭئام تاغىسى ھۈشۈر چوڭ بىلەن بىرلىكتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ يولسىز تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، نۇرغۇن گۇناھسىز مۇئەللىم، ياشلارنى تاياق - توقماقتىن ۋە يوشۇرۇن زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قالغانىدى.

ئۆمەر چوڭئام ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا



مائارىپنى سۆيۈپ ۋە قوللاپ، مەكتەپ ئىشلىرىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدى. ئۇ ناھىيىلىك ياغاچ پونكىتىدا ئىشلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ، ئىشخانا، زال، ئوتۇنخانا قۇرۇلۇشلىرىغا لازىملىق ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش خىزمىتىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى ۋاقتىدا ئۈلگۈرتۈپ بەردى. مەسىلەن، 50 - يىللاردا قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، قەشقەر شەھەرلىك غوجامكۆلبېشى باشلانغۇچ مەكتىپى، قەشقەر تېببىي مەكتەپ، كونىشەھەر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، ياغاچ - تاشقا ناھايىتى ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقىدەك ياغاچ پونكىتلىرى، ئورمانچىلىق، قاتناش ئىدارىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ماتېرىيال ئۈلگۈرتۈش ئىشلىرىمۇ قىيىن ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا، ئۆمەر چوڭئام بۇ مەكتەپ ۋە ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا لازىملىق بولغان نەچچە مىليون كۇب مېتىر ياغاچ - تاشلارنى توققۇزاقتىكى 300دىن ئارتۇق كەنت - مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ سېتىۋېلىپ، دوگوۋۇرلاشقان ئورۇنلارغا ئۆز ۋاقتىدا توشۇپ ئاپىرىپ بېرىپ، مەكتەپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈپ، دەرس باشلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

ئۆمەر چوڭئام ئەزەلدىن كىتابخۇمار، خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى. گەرچە ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، بىراق، ئىلىم - پەنگە قىزغىن ئىدى. مائارىپنى — جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان توپ ئامىل دەپ تونۇيتتى. ئۇ ئۆزى پۇلى، كۆچى بار مۆتىۋەرلەردىن بولسىمۇ، لېكىن، ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى دوختۇر، موللا، ئۆلىما، سازەندە، مۇئەللىم،

ئەدىپ - شائىرلارنى، ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارغا داستىخىنى كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسىدىن تارتىپ ئۆزىگىچە ھېسابلىغاندا، ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقا ئەۋلادلىرى 300 دىن ئاشىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، بىلىم ئالدۇرۇشقا داۋالەت قىلاتتى. شۇڭا، بۇ جەمەتنىڭ 80 پىرسەنتى مەكتەپلەردە ئوقۇغان؛ ساۋاتلىق بولۇپ، 30 پىرسەنتى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن، ئوقۇ - ئوقۇتۇش؛ مائارىپ خىزمىتى بىلەن، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. قالغان قىسمى ئاشپەز، ناۋاي، ياغاچچى، تامچى قاتارلىق تىجارەتچىلەر بولۇپ، بۈگۈنكى ناھىيە بازىرىنى ئاۋات قىلغۇچى ھۈنەرۋەن - كاسىپلار مۇشۇ جەمەتتىن چىققان. ئۆمەر چوكامنىڭ تۆت پەرزەنتىنىڭ ھەممىسى ئوقۇغان بولۇپ، بىرسى ئەدەبىيات - سەنئەت، بىرسى سەھىيە، بىرسى مائارىپ، بىرسى مالىيە ساھەسىدە ئىشلەيدۇ. نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇيدۇ، ئۇلار بوۋىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا ئۆسۈپ - يېتىلىپ، خەلق، جەمئىيەت ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆھپە ياراتماقتا.

ئۆمەر چوكام ئەخلاقىي تەربىيىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، توققۇزاق بازىرىدىكى بىرمۇنچە ياش - ئۆسمۈرلەرنى قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش، جېدەل - ماجىرا چىقىرىش قاتارلىق ناچار ئىشلاردىن توسۇپ، نەسىھەت قىلاتتى. ئەينى چاغلاردا، توققۇزاقتا ھازىرقىدەك كىنو - تىياتىرخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى يوق ئىدى. ياشلارنىڭ يامان يولغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ، ئۆزىنىڭ نوپۇز ھەم ئابرويى، جۈملىدىن «يىگىت بېشى» بولۇش سۈپىتى بىلەن



توققۇزاق خەلقى ئارىسىدا ئوغلاق تارتىش، مەشرەپ ئويناش، مۇقام ئاڭلاش، چاي - باراۋەت قىلىش قاتارلىق پايدىلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، نۇرغۇن چەۋەنداز ۋە خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ ۋە ئۇلارنى ئاۋامغا تونۇتۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا «خالىس، مەرت ئادەم» دەپ تەسىر قالدۇرغانىدى.

(2)

40 - يىللاردا، توققۇزاق خەلقى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ قاتتىق ئېزىشى تۈپەيلىدىن قوشلاپ زۇلۇم چېكىۋاتاتتى. ئۇلار كونا، چىرىك جەمئىيەتكە نارازى بولۇپ، ئادىل، ھاققانىي، يېڭى زاماننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەنىدى. مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان تاشقورغان، ئويتاغ ئىنقىلابى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ توققۇزاقتىكى يىلتىزىغا پالتا چېپىپ، كەڭ نامرات يوقسۇللارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.

ئۆمەر چوكام يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، كەمبەغەل، يېتىم - يوقسۇللارغا خەيرى - خاھلىق قىلىدىغان ھەققانىيەتچىل ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر دېموكراتىك زات بولۇش سۈپىتى بىلەن چىن كۆڭلىدىن بۇ ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلدى، ئىچى - ئىچىدىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ توققۇزاق بازىرى ئىچىدە ئۆزىگە لايىق نوپۇزى ۋە تەسىرى بار ئىدى. ئەنجانباي رەھبەرلىك قىلغان ئويتاغ ئىنقىلابىدىكىلەر بىلەن بېرىش - كېلىشى بار ئىدى، ئەنجانباي ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. ئەنجانباينىڭ سىڭلىسى ئايىم تىللاخان ئۆمەر چوكامنىڭ

ئايالى ھاۋا خېنىم بىلەن دوست ئىدى. ئۇلار توققۇزاقتا كەلسىلا ئۆمەر چوڭامنىڭ ئۆيىگە باراتتى. مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۇلارنى پىكىر — ئىدىيە، تۇرمۇش جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن باغلىغانىدى. ئەنجانباي ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى جۇماخۇن، ئېزىز ئابدۇللا قاتارلىق تۇغقانلىرى ئۆمەر چوڭامنىڭ ئۆيىدىكى مېھمانخانىدا تۈن - تۈنلەپ مۇڭدۇشۇپ، قاراڭغۇ — جاھالەتلىك زاماننىڭ گۇمران بولۇشىغا ۋە يېڭى، نۇرلۇق تاڭنىڭ ئېتىشىغا ئاز قالغانلىقىنى سۆزلىشىپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇشاتتى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆمەر چوڭامنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئورنىنىڭ، ئابرۇيىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، كۆپ قېتىم گومىنداڭغا ئەزا بولۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ قەتئىي قەيسەرلىك بىلەن رەت قىلغان، بازاردىكى قورچاق ساقچىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ، پات - پات مېھماندارچىلىققا چاقىراتتى. ئۆمەر چوڭام ساقچى دائىرىلىرىدىن ئاڭلىغان گەپ، ئۇچۇرلارنى ئوپال تەرەپكە يەتكۈزۈپ، ئەنجانباينىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەققانىي، يوللۇق ئىكەنلىكىنى، لېكىن، بىخەتەرلىككە ھوشيار بولۇش لازىملىقىنى جېكىلەيتتى.

1945 - يىللار بولسا كېرەك، ئەنجانباينىڭ ھازىرقى سايباغ يېزىسى ئاقتىچى كەنتىدە تەۋەككۇل بارات ئەلنەغمە دېگەن بىر يېقىن ئاغىنىسى بار ئىدى. بۇ ئادەم ئەنجانباينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە توققۇزاقتا يەر ئاستى خىزمەت ئىشلەيدىغان پارتىزان بولۇپ، خىزمىتى ناھايىتى جاپالىق ۋە خەتەرلىك ئىدى. ئۇ پات - پات ئوپالنىڭ ئوپالات دېگەن يېرىگە يوشۇرۇن بېرىپ، ئەنجانباي بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى ئۇچۇر ۋە



ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىپ قايتىپ كېلەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى گومىنداڭ دائىرىلىرى سېزىپ قالغانىدى. توققۇزاق پەيچۇسو ئۇنى قولغا ئالماقچى بولىدۇ. قورچاق ساقچى باشلىقى تۆ يىمىڭ بۇ پارتىزاننى مەخپىي تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئورۇنلاشتۇرىدۇ. دەل شۇ مەزگىلدە، ئۆمەر چوڭام تۆ يىمىڭ ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇ، قىلىۋاتقان ئىشىنى دەرھال توختىتىپ، كېچىلەپ تەۋەككۇل باراتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى قاچۇرۇۋېتىدۇ. بۇ دەل مۇسۇلمانلارنىڭ ھەجگە ماڭىدىغان ۋاقتى ئىدى. تەۋەككۇل بارات پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەجگە ماڭغانلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇۋېلىپ ئۆزىنى يوشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئاخىرى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

1946 - يىللىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە ئىلغار زىيالىيلارغا، دېموكراتىك ئىلغار كۈچلارغا قارىتا زىيانكەشلىك قىلىشنى غالجىرلىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. تاشقورغاندىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەردىن خەنشۇرىن (شىبە مىللىتىدىن، ھازىر پېنسىيىگە چىققان)، ئايالى باغدات (قىرغىز)، قەشقەردىن چىققان ئابدۇكېرەم دۆلەت قاتارلىق ئالتە نەپەر پارتىزان ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، تاشقورغاندىن قېچىپ كېلىپ، قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ يوشۇرۇنماقچى بولىدۇ، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇلارنى سېزىپ قالسىلا چېپىپ تاشلاش خەتىرى بار ئىدى. بۇلار قەيەرگە يوشۇرۇنۇشنى بىلمەي، توققۇزاقتا تەمتىرەپ، پاناھلىق ئىزدەپ يۈرگەندە، دەل ئۆمەر چوڭامغا ئۇچراپ قالىدۇ. ئۆمەر چوڭام

ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇلارنى دەرھال ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، بالا - چاقىلىرىغىمۇ سەزدۈرمەي، ئۇلارنى چوڭ ساراي ئۆيىنىڭ قازنىقىغا يوشۇرۇپ، تۆگىلۈكتىن ئاش - نان تاشلاپ بېرىپ باقىدۇ. بىرەر ئاي ئۆتۈپ ۋەزىيەت تىنچىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى ساق - سالامەت يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئەگەر گومىنداڭ ساقچىلىرى بۇ ئىشنى بىلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلارنىلا ئەمەس ئۆمەر چوڭئامنىمۇ قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش خەۋپى بار ئىدى. ئۆمەر چوڭئام ھېچنېمىدىن قورقماسلىق روھى بىلەن ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپىگە قارىماي، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

ئەينى يىللاردا، توققۇزاقتىكى گومىنداڭ ساقچى دائىرىلىرى ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر ئەنجانبايغا ھېسداشلىق قىلاتتى. توققۇزاق ساقچى ئىدارىسىدىن ئىسمائىل دېگەن بىر ساقچى ئويتاغدىكى ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولۇپ، مەخپىي ھالدا تەييارلىق قىلىپ، مەنگەندىكى بەختى ھاجى دېگەن كىشىدىن ئالغان ئاتنى مىنىپ مەنگەن يولى بىلەن مېڭىپ، بىر كېچىدىلا قاچماقچى بولىدۇ. بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تاپقان ئۆمەر چوڭئام ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلاپ، بۇ ئىسيانكار ساقچىنىڭ تىنچ - ئامان يۇرتتىن چىقىپ كېتىشىنى قوغدايدۇ. نەتىجىدە، قورچاق ساقچى دائىرىلىرى تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپمۇ ئىسمائىلنى تۇتالمايدۇ. ئۆمەر چوڭئام كۆرۈنۈشتە ھۆكۈمەتكە يېقىندەك تۇيۇلسىمۇ، ماھىيەتتە بۇ يەردىكى مۇھىم سىياسىي، ھەربىي ئۇچۇرلارنى ئىگىلەپ، ئۆلۈم خەۋپىدە تۇرغان ئىلغار زىيالىيلارغا ۋە ئىنقىلابىي كۈچلارغا يەتكۈزۈپ، زىيان - زەخمەتنى ئازايتاتتى. توققۇزاق پەيچۇسوغا تۇتۇپ كېلىنىپ ناھەق قامىلىپ قالغان ياكى بىگۇناھ جازاغا ئۇچرىغان، ناھەق توختىتىپ قويۇلغان ھۈنەرۋەن -



كاسىپلارنى كۆرسىلا مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ساقچى باشلىقى تۇ يىمىڭغا خىزمەت ئىشلەپ سۆلھ قىلىپ، بۇ كىشىلەرنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىققاندى. 1947 - يىلى ئەنجانبايىنىڭ سىڭلىسى ئايىم تىللاخان ساقچى تەرەپتىن قولغا ئېلىنغاندا، ئۆمەر چوڭئام ئىنىسى ئوسمان ئاخۇن بىلەن بىللە تۈرمىگە كىرىپ بۇ ئايالدىن خەۋەر ئالغان. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ياخشى ئىشلىرىنى كىشىلەر ھازىرغىچە تەرىپلەيدۇ.

1948 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1949 - يىلىنىڭ باشلىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى تاغنى تالقان قىلغۇدەك كۈچ بىلەن شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جان تالىشىش ھالىتىگە چۈشكەن ۋاقىت ئىدى. مۇشۇ ۋاقىتلاردا توققۇزاقتا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەنىدى:

گومىنداڭنىڭ يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىن يۈتۈەنجاڭ، ئىسلام پەيجاڭ (ئۇيغۇر) باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەر خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىدىن قورقۇپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتىمۇ غالجىرلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. يۈتۈەنجاڭ تولۇق قوراللانغان ئەسكىرىي كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ، توققۇزاققا چىقىۋېلىپ، پۇقرالارنىڭ، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، غالجىرلىق بىلەن «تازىلاش» ئېلىپ باردى. ئۇلار ئاۋام خەلقنىڭ پۇل - پۈچەكلىرىنى بۇلاپ، قوي، توخۇ، كالىلىرىنى ئوغرىلاپ، بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزدى. جېنىدىن تويغان بۇ قاچاقلار ھىلاكو دېگەن جايدىكى بەكرى بەگ، ئوسمان چوڭ، مەنگەندىكى ئاتاۋۇللاكام، مەھەممەت ياغاچچى، موللا چوڭئام، مۇھەممەت سىدىق ئاخۇن، ئوغۇساقتىكى ئۇرايىم چوڭ، ئىسمائىل ئاخۇن قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆيىنى بۇلاپ، مال - دۇنيا يىغىدۇ. خەنزۇ قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق

قىلدۇ. ئۆي ئىگىلىرىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇچرىغان ئادەمنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ، رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇش ئېلىپ باردۇ. بۇنى كۆرگەن پۇقرالار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇلارغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردۇ. مەنگەن يېزىسىدىكى بۇلاڭچىلىقتا، سىدىق مۇھەممەت دېگەن 60 نەچچە ياشلىق دېھقان گومىنداڭنىڭ بىر ئەسكىرى بىلەن ئېلىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىقىنى تارتىۋېلىپ قارشىلىق بىلدۈرگەندە، دۈشمەنلەر ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئۆمەر چوكام ئۆزىنىڭ تاغىسى ھۇشۇر چوكامنى چاقىرىپ، پۇقرالارنى يىغىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جىددىي سۆھبەت ئېلىپ باردۇ. سۆھبەتتە ئۇلار ئەسكەرلەرگە لازىملىق نەرسىلەرنى تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى، لېكىن پۇقرالارنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرمەسلىكىنى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىقىنى؛ پۇقرالارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەتىسى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پۇقرالاردىن ئۆچ ئالماقچى بولۇپ، توققۇزاقنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى قەستلەيدۇ. مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، ئۆمەر چوكام تاغىسى ھۇشۇر چوكام بىلەن بىللە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاچاق ئەسكەرلەر تەلەپ قىلغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىپ بېرىپ، توققۇزاق بازىرىنى ۋە ئەلنى چوڭ بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قالىدۇ.

ئۆمەر چوكام يىراقنى كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ، ئىدىيىسى ئىلغار، يېڭى زامانغا مايىل ئىدى. ئۇ، خەلقنى كۆزلەپ، خەلقنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىغا يېتەتتى. يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشكە



ئۆزىنى بېغىشلاپ كىشىلەر بىلەن يېقىن ئالاقە قىلاتتى. ئۇلار بىلەن مەسلەكداش ئىدى. ئەينى يىللاردىكى توققۇزاق باجخانىنىڭ باشلىقى ئەبەيدۇللا ھاجىم، شېتىۋالدى ھاجىم، ئۇرايىم قارىم، غۇلجىلىق ئەخمەتجان، توققۇزاق شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، مەشھۇر تارىخچى ئىمىر ھۇسەيىن قازى، مەرىپەتپەرۋەر، مائارىپچى ھاجى ئاخۇن ھاجىم، بەكرى ئاخۇن بەگ، ھېلاجىم، داڭلىق سەنئەتچى يولۋاسخان، ئەمەت مەھەممەت، ئابدۇراخمان خۇدايار، خوجا ئابدۇراخمان قاتارلىق كىشىلەر داۋاملىق ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مېھمان بولاتتى. قاراڭغۇلۇق ۋە يورۇقلۇق، جاھالەت ۋە يېڭىلىق قاتارلىق مەزمۇنلاردا سۆھبەت ئۇيۇشتۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى توققۇزاق بازىرىنىڭ يولىنى ياساش، يەرسىز كەمبەغەللەرگە يەر ھەل قىلىپ بېرىش، ئاشلىقى يوقلارغا ئاش ھەل قىلىپ بېرىش، بازاردىكى تايىخان خوجام سالدۇرغان چوڭ جامائە مەسچىتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، مەسچىت يېنىدىكى سەئىد جالالىدىن باغدات خوجام مازىرىنى باشقۇرۇش، توققۇزاق بازىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۇكانلارنى چېقىپ رېمونت قىلدۇرۇش، بازار ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مەنگەن ئۆستىڭىنى چېپىش، كۆل چېپىش، كۆۋرۈك سېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارغا ئۆزى شەخسەن باشلامچىلىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

(3)

بىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز «ياخشىنىڭ ئىزى قالىدۇ، ياماننىڭ مىزى» دېگەنىدى. ئۆمەر چوكام باغرى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل، ياخشىلىق بىلەن ئىز قالدۇرىدىغان ئادەم

بولغاچقا، يوقسۇل ـ كەمبەغەللەرگە، ئاجىز ـ مېيىپلەرگە قولىدىن كېلىشىچە شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىچىسىگە ئايلانغانىدى. توققۇزاق تەۋەسىدە كىشىلەر تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى تەرىپلەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان كۆپ يىللىق ھاياتى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

1949 ـ يىلى دۆلىتىمىز ئازاد بولدى. كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭى خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى كونىشەھەر ناھىيىسىدە تەسىس قىلىنىشقا باشلىدى. ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ئەينى يىللاردا كونىشەھەر ناھىيىسىگە (توققۇزاقتا) قارايتتى. ناھىيىمۇ شەھەر ئىچىدە ئىدى. بۇ، يېڭى ئازاد بولۇپ، يېزا ـ قىشلاقلاردا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق مەزگىل ئىدى. فېئودال ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىش، دۆۋلىنىپ قالغان مىللىي، دىنىي زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، يېڭىچە قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ئىشلىرى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىدى. ئۆمەر چوكام ئەنە شۇ تارىخىي مەزگىلدە، بىر ئىلغار دېموكراتىك زات بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئازادلىقىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. 12 ـ ئايدا ئازادلىق ئارمىيە قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. قەشقەر شەھىرىنى ئاساس قىلغان كونىشەھەر ناھىيىسىدە ناھىيە، يېزا، كەنت دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا كومپارتىيىگە يېقىندىن ئەگەشكەن، پارتىيىنىڭ دوستى، خەلقنىڭ چاكىرى بولغان بىر قىسىم كىشىلەر سەپلەندى. ئۆمەر چوكام ئۆزىنىڭ يىللاردىن بۇيان توققۇزاق خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئومۇمىي سايلامدا توققۇزاق



رايوننىڭ 6 ـ يېزا (ھازىرقى مەنگەن يېزىسى) نىڭ تۇنجى قېتىملىق يېزا باشلىقى بولۇپ سايلاندى. ئۇ، بۇ جەرياندا دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلىپ، قەد كۆتۈرگەن دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئۇيۇشمىنىڭ سىياسىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە زور تۆھپە قوشتى. كەچ كۇرسلارنى ئېچىپ ساۋاتسىزلارنى ئوقۇتۇپ، ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. بىرمۇنچە دېھقان بالىلىرىنى ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەرگە، شوپۇر، دوختۇر تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا بىلىم ئېلىشقا ئەۋەتتى. شىنجاڭ يېڭى ئازاد بولغان، يېزىلاردىكى تۈرلۈك فېئوداللىق كونا قائىدە ـ يوسۇنلار تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل ئەمەلدىن قالمىغان ئەنە شۇنداق ئىنچىكە، مۇرەككەپ شارائىتتا، ئەينى يىللاردىكى توققۇزاق رايونىنىڭ رەھبىرى ياڭ چۈيۈي، گو جالىن، گۇ ۋەنلى قاتارلىق خەنزۇ رەھبىرى كادىرلارغا زىچ ماسلىشىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، غەللە ـ پاراقنى ئىسلاھ قىلىش، توققۇزاق جاڭگىلىدا بىنام ئېچىش، ئاشلىق سېتىپ بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بىجانىدىل قاتنىشىپ، دېھقانلار ئاممىسىغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرى، سىياسەت، پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، خەلق ئارىسىدىكى دەۋا ـ دەستۇرلارنى ۋە يىغىلىپ قالغان بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پۇقرالارنى تىنچلاندۇرۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ، خەلق بىلەن ئارمىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە

قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇ، مەنگەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمگەكچى خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، يوليورۇقلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، قەد كۆتۈرگەن ئامىمىنىڭ مەدەنىيەت، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە؛ دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرىنى پەيدىنپەي كېڭەيتىپ قۇرۇپ، فېئوداللىق ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىش ۋە چەكلىشكە، خەلق ئارىسىدىكى ياراملىق كىشىلەرنى ئوقۇتۇپ، مىللىي كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشقا، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك، جىنايىتى ھەددىدىن ئاشقان زومىگەرلەرنىڭ تېگى - تەكتىنى ئىگىلەش، ئېنىقلاش، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، خەلقنىڭ ساداسىنى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلىگە ئايلاندى.

ئۆمەر چوڭام يەنە ئىنتېرناتسىئونالىزم روھىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ياخشى ئۈلگىسى بولدى. ئەينى چاغلاردا مەكتەپ بويىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى داغدۇغىلىق قانات يايغانىدى. توققۇزاقتىمۇ بۇ ھەرىكەت نۇرغۇن كىشىلەرنى جەلپ قىلغانىدى. ئەنە شۇ تارىخىي مەزگىلدە، ئۆمەر چوڭام كەڭ دېھقانلار ئامىمىسىغا، ھەر مىللەت خەلقىگە مەركەزنىڭ بۇ ھەقتىكى چاقىرىق - يوليورۇقلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە توققۇزاق خەلقىگە چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرغان ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولدى. ئۇ، بۇ پائالىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەخسۇس ئىشخانا قۇرۇپ، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچلەرنى ئاجرىتىپ، گۇۋەنلى، ئابلا خوجا، ئابدۇللا ئېلى قاتارلىق كاتىپ تەرجىمانلارنى



يېتەكلەپ يۈرۈپ، ھاردىم - تالدىم دېمەي، ئەينى ۋاقىتتا توققۇزاق رايونىغا قارايدىغان ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ يېزىلىرىدىكى بىرەر 100 كەنت - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، تەشۋىق - تەرغىبات ئېلىپ بارغان. ئۇ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن خوتۇن - بالىلىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ، بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك، بىرقانچە دانە ئالتۇن جىيەك، 50 سەر كۈمۈش تەڭگە قاتارلىق 5000 سوم قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىپ، چاۋشيەن خەلقىگە بولغان ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق باشلامچىلىق ۋە سەپەرۋەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان 6 - يېزا ئىئانە توپلاشتا كونىشەھەر ناھىيىسى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى يېزىلارنىڭ بىرسى بولۇپ باھالىنىپ، بايراق بىلەن مۇكاپاتلانغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن جۇباۋجە، گوشۇجى، ياقۇپ ھاجى قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭغا ياخشى باھا بەرگەنىدى.

ئۆمەر چوڭام 1953 - يىلىدىن 1964 - يىلى 7 - ئايغىچە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن توققۇزاق رايونلۇق تەمىنلەش كوپىراتىپ، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى، ناھىيىلىك تېخنىكا پونكىتى، ناھىيىلىك ياغاچ پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. ئۇ خىزمەت جەريانىدا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىپ، ئاددىي - ساددا، مۇلايىم بولۇپ، جاندىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. بۇ يىللاردا گەرچە ئۇنىڭ مائاشى 30 يۈەندىن ئاشمىغان، خىزمەت شارائىتى، تەن سالامەتلىكى ناچار، ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى تۆۋەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە نارازى بولمىدى، زارلانمىدى. بەلكى ئاددىي خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىنىپ، خەلققە كۆپرەك مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىلدى. ئۇنىڭ سودا ئىدارىسى ۋە

ياغاچ پونكىتىدا ئىشلەپ يۈرگەن مەزگىللىرى ئەڭ جاپالىق، ئەڭ قىيىن مەزگىللەر ئىدى. ناھىيىلەردە ھازىرقىدەك ماشىنا، تراكتور، قول تراكتورى يوق ئىدى، قاتناش - توشۇش ئىشلىرى قولايسىز ئىدى. ئۇ، ئىدارىنىڭ باشقا ئورۇنلار بىلەن دوگوۋور تۈزۈپ، ئاپىرىپ بېرىشكە تېگىشلىك نەچچە مىليون كۇب مېتىر ياغاچ - تاشلىرىنى ئۆزى يېزىمۇيېزا، مەھەللىمۇمەھەللە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ قولىدىن سېتىۋالاتتى. ئۇ بارىدىغان يېزا - قىشلاقلار يىراق، بېرىپ - كېلىش ئەپسىز بولغىنى ئۈچۈن، بىر كۈندە يەيدىغان نېنىنى سومكىسىغا سېلىۋېلىپ، سوغۇق سۇغا نان چىلاپ يەپ، يېزىمۇيېزا، مەھەللىمۇمەھەللە ئارىلاپ، سۈپەتلىك ياغاچلارنى سېتىۋېلىپ، بىر كۈنلۈك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولغاندا، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ قورسىقىنى تويغۇزاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل خىزمەت ئىستىلىنى كىشىلەر ھازىرغىچە سۆزلەپ، تەرىپلەپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىدۇ. ئۇ، بۇ مەزگىللەردە ھازىرقى سەككىزتاشقا ئورۇنلاشقان ئازادلىق ئارمىيە قۇرۇپ چىققان ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش زاۋۇتى، شەھەرلىك ئۈچەي زاۋۇتى، يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق توپچى قىسىملار ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى، كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق 20 — 30 ئورۇننىڭ قۇرۇلۇشىغا نەچچە يۈز مىڭ كۇب مېتىر خىللانغان ياغاچ ئېلىپ بېرىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى پۈتۈپ چىقىشىغا تۆھپە قوشقانىدى. ئۇ، سايمان زاۋۇتىدىن ماتېرىيال سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىققان چىن يۈيى دېگەن خەنزۇ يولداش (پېنسىيىگە چىققان) نىڭ تۇرار جاي مەسىلىسىدە قىيىنچىلىق بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ھويلىسى ئىچىدىكى بىر ئېغىز بوش ئۆيىنى ئۇنىڭ ئىشخانىسى ۋە ياتىقى قىلىپ



پايدىلىنىشقا بېرىپ، خىزمەتكە كۆپ قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. سايمان زاۋۇتى رەھبەرلىكى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ، كۆپ قېتىم ھال سوراپ كەلگەنىدى. ئۇ، ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن نۇرغۇن زاۋۇت، كارخانا، دوختۇرخانا، مەكتەپ، ليەندۈيلەر ئۆز ۋاقتىدا ياغاچتىن سېلىنغان قۇرۇلۇشلىرىغا نەزەر سالغاندا، بۇ ھۆرمەتلىك زاتنىڭ نامىنى ئالاھىدە ئەسكە ئېلىپ ماختىنىشىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇيان ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ۋە بىللە خىزمەت ئىشلىگەن روزى قىزىل، قاسىم ئېزىز، ئىسلام كېرەم (پېنسىيىگە چىققان. كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان)، مامۇت ھاجىم، مەتتىمىن ھاجىم (ۋاپات بولغان)، نىزامىدىن مۇسا (كونىشەھەر ناھىيىلىك ياغاچ پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان. پېنسىيىگە چىققان)، باي ئاۋۇت (ئوقۇتقۇچى بولغان. پېنسىيىگە چىققان)، ئوسمان بەختى (ئوقۇتقۇچى بولغان. پېنسىيىگە چىققان)، ئىبرايىم ھەسەن (ئوقۇتقۇچى بولغان. پېنسىيىگە چىققان)، ئوسمان ئارىپ (ۋاپات بولغان)، ساۋۇر ھاجىم (90 ياش، ھازىر بار)، ئابابەكرى باخشى (92 ياش، ھازىر بار)، ئەمەت پاچاق (98 ياش، ھازىر بار)، مۇھەممەت باقى ھاجىم (85 ياش، ھازىر بار) قاتارلىق كىشىلەر ۋە تۈركىيە، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ماكانلىشىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ زاتنىڭ نامىنىڭ ئۆچۈپ قالماي، مەتبۇئات يۈزىدە نامايان بولۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئەھۋال كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدۇ. ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، ئۆمەر چوڭئام ئائىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ ناھايىتى كۆپ رىيازەت چەكتى. ئەسلىدە ئۇ، ئىنتايىن سول لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، «سىنىپىي كۈرەشنى

كېڭەيتىۋېتىش» سەۋەبى تۈپەيلىدىن، 1964 - يىلى 7 - ئايدىلا ئىنقىلابىي خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى. «سىنىپىي كۈرەش» شامىلى ئەۋج ئالغان بۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئۆمۈر تارىخى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىپ، تۆھپە - سەۋەنلىكى ئىنكار قىلىنىپ، «دىكتاتۇرا دۆيشاڭى»، «توردىن چۈشۈپ قالغان پومېشچىك» دېگەن بەدناملار چاپلاندى. ئۆي - جايلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىندى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇزۇن يىللار ساقلاپ پايدىلىنىپ كەلگەن نۇرغۇن قىممەتلىك ئارخىپ، ماتېرىياللىرى ئاقتۇرۇلۇپ، نەچچە - نەچچە كۈن كۆيدۈرۈلدى. چوڭ ئوغلى «پومېشچىكنىڭ بالىسى» دېگەن بەدنام بىلەن خىزمەتتىن توختىتىلىپ، يېزىغا ئەمگەككە چۈشۈرۈۋېتىلدى، كىچىك قىزى «پومېشچىكنىڭ پۇشتى» دېگەن بەدنام بىلەن ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ھوقۇقى تارتىۋېلىندى ھەمدە قەستەن يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا چېتىلىپ كۈرەش، پىپەن قىلىنىپ، ناھايىتى قاتتىق ئازاپ چەكتى. بەزىلىرى ئۆز يۇرتلىرىدا تۇرالماي، سەرگەردان بولۇپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتى. ئۆمەر چوڭخام ئۆزى قەيەردە ئەڭ جاپالىق ھاشار - ئالۋان بولسا شۇ يەرگە ھەيدەپ ئاپىرىلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ سوراق قىلىندى. ئۇ كۆپ ۋاقىت جىسمانىي، مەنىۋى جەھەتلەردە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، 1965 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاپات بولدى. ئۇ، كېسەل ۋاقتىدا قولىدا تۇرغان 3000 يۈەن نەق پۇل، يەتتە يېرىم كۈب مېتىر ياغاچنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، پاك - دىيانەتلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۆمەر چوڭخام ۋاپات بولغان كۈنى توققۇزاقتىكى نەچچە مىڭ دېھقان، ئىشچى، كادىر، زىيالىي،



ھۆنەرۋەن - كاسىپلار، مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى «تۆتنى ئېنىقلاش كادىرلىرى»نىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي، بۇ خەلقپەرۋەر، ئىلغار دېموكراتنىڭ زات بىلەن ۋىدالاشتى.

1978 - يىلى چاقىرىلغان 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى جۇڭگو تارىخىدا زور تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا ئۆمەر چوڭخام ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ناھەق ئەنزىسى ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۆمەر چوڭخام بىر ئۆمۈر ھاياتىنى خەلقنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى، ئازادلىق ئىشلىرى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان، كومپارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ ساھەسىدىكى ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا گەرچە 30 يىلدەك ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى، پەزىلىتى، ۋەتەن، خەلق يولىدا ئاقتۇرغان تەر — ئەجرى توققۇزاق خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلاد ياشايدۇ. ئۇ ھامان خەلق قەلبىدە.

(ئاپتورى: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى سايباغ يېزىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# يېتىملار غەمگۈزارى ئەبرازباي

## شېرىپ خۇشتار

30 - يىللار، شىنجاڭ تارىخىدا ئاجايىپ زور ۋەقەلەر، تارىخىي خاراكتېرلىك زور تەۋرىنىش ۋە بۇرۇلۇش يۈز بەرگەن قالتىس يىللار ئىدى. بۇ يىللاردا «قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى»، «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» يۈز بەردى. بۇنىڭغا ماسلىشىپ بىر خىل يېڭىلىق پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئېھتىياجى، شۇنىڭدەك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى بويىچە ۋەتەن، مىللەتنى سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، مەرىپەتچىلەر شۇ زاماندا دەۋران سۈرگەن زۇلۇم - زالالەت ۋە خۇراپاتلىققا قارشى شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، يېڭىلىق ۋە ئىلىم ئىرپانغا يۈرۈش قىلىش يولىدىكى تورلۇك - تۇمەن توسالغۇلارنى بۆسۈپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئۈچۈن يېڭى يول ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن زوراۋانلىق بىلەن نىجادلىق، چېكىنىش بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، نادانلىق بىلەن مەرىپەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىز پىداكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، يۈز مىڭلىغان كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئىلىم - بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن پۈتۈن مال - مۈلكىنى مائارىپقا ھەدىيە قىلىپ، مەكتەپ سېلىپ ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بارلىق چىقىمىنى



ئۈستىگە ئالدى. نەتىجىدە، ئەسىرلەپ جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ئىلىم - مەرىپەت مۇنارلىرى قايتا تىكلەندى.

1933 - يىلى 12 - ئايدا، شىنجاڭدا، تۇنجى بولۇپ قەشقەردە ئابدۇكېرەمخان مەخسۇم، ئابدۇراخمان ھاجىم، زىرىپ قارى ھاجىم ۋە كېرەمخانلار باشچىلىقىدا «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما» سى قۇرۇلدى. ئۇيۇشما قۇرۇلۇش بىلەن شەخسلەر ۋە كوللېكتىپ مەكتەپ سېلىش، ۋەخپە ئىقتىسادى بىلەن ئۇيۇشما مەكتەپ سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە قەشقەر شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا 400 نەچچە سىنىپلىق 100 نەچچە ئورۇندا مەكتەپ سېلىنىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئەۋقاپ مۇدىرى (ۋەخپە ئاشلىق باشقۇرغۇچى) ئەبرازباي قەشقەردە يارباغ دەرۋازا بىلەن تۈمەندەريا ئارىلىقىدىكى گو (گوركارلار مەھەللىسى) مەھەللىسىگە 12 سىنىپلىق دارىلئېتام مەكتىپى سېلىپ، سەككىز سىنىپقا يېتىم ئوغۇل بالىلارنى، تۆت سىنىپقا يېتىم قىزلارنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇش باشلىدى. بالىلارنىڭ ياتاق، تاماق، يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك، قەغەز، دەپتەر، قەلەم ھەتتا تۇرمۇش راسخوتىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىش بىلەن مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتىدى. ئارقىدىنلا شۇ مەكتەپكە يېقىن جايدىن بىرقانچە مو يەر سېتىۋېلىپ، ئۆز يېرىنى قوشۇپ، جەمئىي 12 مو يەرگە دارىلئاجىزىن سېلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىر، قېرى - چۆرى، مېيىپ - كېسەل ھەم تىلەمچىلەر قاتارلىقلاردىن 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ، بۇ دارىلئاجىزىنغا ئورۇنلاشتۇردى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بارلىق راسخوتىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، دارىلئاجىزىننىڭ

مەسئۇللۇقىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ، كوندىلىك تۇرمۇشىنى دارىلئېيتام، دارىلئاجىزىن يېنىدىكى 1000 غا يېقىن يېتىم - يېسىرلار بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇنى كۆرگەن بەزىلەر «ئەبرازباي ساراڭ بوپتۇ، مۈلكىنى يېتىم - يېسىر، ساراڭ، ئاقساق - چولاق، مەلغۇن (ئېلىشىپ قالغان) لارغا بېرىپ، ئۆزىمۇ ئۇ يەرگە كىرىۋاپتۇ» دېيىشتى. لېكىن، ئەبرازباي ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن دارلئېيتام، دارىلئاجىزىندىكى 1000 دىن ئارتۇق ئىگە - چاقىسىزلارنىڭ غەمگۇزارى بولۇپ ئۆتتى.

ئەبرازباينىڭ بۇ ئىنسانىي ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە سېخىيلىقى نەتىجىسىدە، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كوچىلاردا ماكانسىز ئۆتىدىغان غېرىپ - غۇربا، يېتىم - يېسىرلار ماكانلىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىمۇ خارۇزار يۈرىدىغان كىشىلەر، تىلەمچىلەرمۇ كۆرۈنمەي، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى نىسبەتەن ياخشىلاندى. كېيىنكى ۋاقىتتا نەزىر قىلغۇچىلار سەدىقىلىرىنى دارىلئاجىزىنغا بېرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن دارىلئېيتام، دارىلئاجىزىندىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئورۇننى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇيۇشما ۋەخپە زېمىندىن كەلگەن كىرىم بىلەن باشقۇردى. بۇ چاغدا، ئەبرازباي يەنىلا ئىككى ئورۇننىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يېتىملار تەربىيىچىسى بولدى. كېيىن ئەبرازباينىڭ بۇ پائالىيىتى پۈتۈن شىنجاڭغا تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن ئەبرازباي ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە دارىلئاجىزىن ۋە دارىلئېيتام قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدا دارىلئېيتام، دارىلئاجىزىن قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە دارىلئېيتام مەكتەپ 180گە، دارىلئاجىزىن 12گە يېتىپ، ئۇيۇشمىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى.



1935 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەبرازباي ۋەتەن ۋە خەلققە كۆرسەتكەن تۆھپىسى بەدىلىگە ئاقسۇغا ھاكىم قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇ، ھاكىم بولغان مەزگىلىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ دارىلئېيتام مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىمسىرىماي ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈشى ئۈچۈن دارىلئېيتام مەكتىپىگە ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلىپ تەنتەربىيە ۋە مۇزىكا سايمانلىرى ئېلىپ بېرىش بىلەن، مەكتەپ ئىزچىللار ئەترىتى، تەنتەربىيىچىلەر ۋە مۇزىكانتلارغا ئۆز يېنىدىن كىيىم - كېچەك تەييارلاپ بېرىدۇ. يەنە، ھېيت - ئايەملەردە بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ھېيتلىق، ئادەتتە ھەر ئايدا بىر قېتىم تۇرمۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىپ تۇرىدۇ.

ئەبرازباينىڭ بۇ خىل ئىنسانىي ھەرىكىتى شىڭ شىسەي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى ئەندىشىگە سالدى - دە، «ئەبرازباي يوقسۇللارنى يىغىپ قوزغىلاڭ قىلماقچى» دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئالدى ۋە پۈتۈن مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. ئائىلىسىدىكىلەر تەھقىپ قىلىندى. سوراق جەريانىدا ئەبرازباينىڭ قەشقەردە ئۆتكەن ئاتاقلىق باي نىياز غوجا ھاجىمنىڭ ئوغلى ۋە ئاكىسى مەمتىللا ھاجىم شاڭخەينىڭ ھېلىمۇ چەت ئەلدە ئىكەنلىكى، ئەبرازباينىڭمۇ روسىيە، تۈركىيە ۋە ئەرەپ ئەللىرىدە سودا قىلغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ ئىشپىيونى» دېگەن بەدنامنى چاپلاپ، 1939 - يىللاردا يوشۇرۇن ئۆلتۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ جەستى ئۇرۇمچى ئولانباي ئەتراپىغا كۆمۈلگەنىكەن.

قوشۇمچە:

ئەبرازباي قەشقەر شەھەرلىك بولۇپ، ئۇ قەشقەردىكى ئالدىنقى ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق تۆت باينىڭ بىرى بولغان نىياز غوجا ھاجىم ئائىلىسىدە 1880 - يىللاردا تۇغۇلغان. ئۇ، قەشقەردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، تىجارەت بىلەن رۇسىيىگە چىقىپ، قازاندا جەدىدە (يېڭىچە) مەكتەپتە ئوقۇپ، يېڭى زامان ئىلىمىدىن خەۋەردار بولغان ھەم رۇسىيىدە بولغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن تەسىر ئالغان، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پەن جەھەتتىكى زور تەرەققىياتلىرىنى كۆرۈپ ئىلىم - پەن، مائارىپ بىلەن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىدا، ئېشىنى يوقسۇللارغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى ئىلىم يولىغا يېتەكلەشتىن باشلىغان. نەتىجىدە، شىنجاڭدا دارىلئېيتام، دارىلئاجىزىنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىنىڭ زور بىر قىسمىنى مائارىپقا ئىشلەتكەن مائارىپپەرۋەر ھەقىقىي ئىنساندۇر.

پۈتۈن ئېلىمىز مىقياسىدا مائارىپ خىزمىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇۋاتقان، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش قىزغىن تەكىتلىنىۋاتقان، ئوقۇتقۇچى ۋە بارلىق مائارىپچىلارنىڭ تارىخىي ئورنى پەيدىنپەي كۆتۈرۈلۈۋاتقان ياخشى پەيتتە، خەلقىمىز ۋە ئەبرازباي قۇرغان دارىلئېيتام مەكتىپىدە ئوقۇپ يېتىلگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئەبرازباينى قىزغىن ئەسلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ.

(ئاپتورى: ش ئۇ ئا ر كىنو - فىلىم شىركىتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# يىپەك يولىدىكى كىلىياك بازىرى

تۇرسۇنمۇھەممەت ھوسۇن

كىلىياك — گۇما ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ، غەربتە نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى بىلەن، شەرقتە قوشتاغ يېزىسى بىلەن، شەرقىي شىمالدا باش لەنگەر يېزىسى بىلەن، جەنۇبتا سانجۇ ۋە كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كىلىياك يېزىسىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول بولغاچقا، تارىختىن بۇيان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، سودا - سېتىق ئىشلىرى خېلى تەرەققىي تاپقان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلق سەنئىتى جەھەتتە كىلىياك خەلق ئاھاڭلىرى (كىلىياك مەشرىپى) گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىباھا گۆھەر ھېسابلىنىدۇ.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر، گۇمىدا يىپەك يولىنىڭ ئىككى غول لىنىيىسى بولۇپ، بىرى، گۇمىدىن باشلىنىپ ساغان ئارقىلىق چۆللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ قوشتاغ، ئىسمىسالا، كىلىياك، كىڭەز، ئاقسۇلاردىن ئۆتۈپ، باسالىخ داۋىنى ئارقىلىق شەيدۇللاغا بارىدىغان لىنىيە؛ يەنە بىرى، گۇمىدىن باشلىنىپ، سانجا، قىشلاق ئالدى، موكۇيلا، لاتا لەڭگەرىدىن ئۆتۈپ، چۆللەرنى بېسىپ، سانجۇ بازىرى ئارقىلىق كەڭقىر، كۆرلەك، ھەينەز، چوقۇر ئېتەك، پىستاغاچ، توغۇزسۇلاردىن ئۆتۈپ، يەنە شەيدۇللاغا بارىدىغان لىنىيە ئىدى.

بۇ لىنىيىلەر شۇ دەۋردە كارۋان يولى دەپ ئاتىلىپ، قوشتاغ تەرەپتىكىسى كىلياڭ بازىرىنى، سانجۇ تەرەپتىكىسى سانجۇ بازىرىنى ئاساسىي تۈگۈن قىلاتتى. بۇ ئىككى يول لىنىيىسى شەيدۇللادا قوشۇلاتتى. شەيدۇللا (سېرىققىر) داۋىنى ھەيۋەتلىك ئېگىز داۋان بولۇپ، يولى تار ھەم ئەگرى - بۈگرى ئىدى.

كارۋانلار سەھەردە بۇ تەرەپتىن يولغا چىقسا، چۈش ۋاقتىدا داۋاننىڭ چوققىسىغا چىقىپ، گۇگۇم چۈشكەندە ئۇ تەرەپكە چۈشەلەيتتى. داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ قوتاز جىلغا، مىلىكشا، باراڭسۇ، دۆلەت چېگرا ئېغىزى، قاراقۇرۇم تېغى، سى سى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قۇرۇل داۋان، پانامىخ، تاغار، يار كۆلەڭ بىلەن مېڭىپ، ھىندىستان كونترولluqىدىكى كەشمىرگە بېرىپ، ئات - ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، ئەكەلگەن ماللىرىنى ساتاتتى ياكى ئالماشتۇراتتى. ھەجگە بارىدىغانلار ئات - ئۇلاغلىرىنى مۇددەتلىك بېقىپ قويۇشقا بېرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئاپتوموبىل بىلەن دېھلىغا، ئۇ يەردىن پويىزغا ئولتۇرۇپ بومباي ياكى كاراچىغا، ئۇ يەردىن پاراخوت بىلەن ھىندى ئوكياندىن ئۆتۈپ قىزىل دېڭىز ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ باراتتى. ھەج - تاۋاپ قىلىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئەسلى يولى بىلەن كاراچى ياكى بومبايلارغا قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، كۆز پەسلىنى مۆلچەرلەپ ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىنى باشلايتتى. شۇ مەزگىللەردە كۆپىنچە كىشىلەر قايتىپ كەلمىسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەر تىجارەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارغان دۆلەتلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالاتتى. بۇ يوللار قارىماققا گويا ناھىيىسىدىن باشلانغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە غەربتە قەشقەر، يەكەن، شەرقتە كېرىيە ۋە ئىلىچىدىن باشلىناتتى. شۇ چاغلاردا سودا - تىجارەت، ھەج - تاۋاپ قىلىش



ۋە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقماقچى بولغانلار ئاساسەن مۇشۇ ئىككى يول بىلەن سەپەر قىلىپ ھەيۋەتلىك ۋە يىل بويى قار، يامغۇر، بوران - چاپقۇندىن خالىي بولمايدىغان سېرىقىقىر داۋىنىدىن ئۆتۈپ، يەنە داۋاملىق تاغ ئېشىپ، سۇ كېچىپ يول يۈرۈش بىلەن ئىلگىرىلەپ، دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ ئۆزلىرى بارماقچى بولغان دۆلەت ۋە جايلارغا يۈرۈپ كېتەتتى.

ئۇ ۋاقىتتىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى ئات، تۆگە، ئېشەك، قوتاز، خېچىرلار بولۇپ، كارۋانلار ھەر يىلىنىڭ ئارپا ئورما مەزگىلىدە سەپەرگە چىقىپ، كۈز پەسلىدە سەپەردىن قايتىپ كېلەتتى. ياز كۈنلىرى تاغ جىلغىلىرى ئارىسىدىكى دەريالاردا سۇ ئۇلۇق، قىش كۈنلىرى قار، مۇز قېلىن، سوغۇق قاتتىق بولغاچقا، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئادەتتىكى ئەھۋاللاردىمۇ كارۋانلار ھەمىشە خەۋپ - خەتەرگە ئۇچراپ تۇراتتى. تاغ جىلغىلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن باشقا، داۋانلاردىن ئۆتكەندە ئات - ئۇلاغ، پۇل - ماللىرى بىلەن قوشۇلۇپ چۈشۈپ كېتىش، دەريا، كېچىكلەردىن ئۆتكەندە، تۇيۇقسىز كەلكۈن كېلىپ ئېقىپ كېتىش، كېچىلىك قونالغۇلاردا بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش، ھاۋا يېتىشمەي ئىسلاپ كېتىش، سوغۇقتىن ئۈششۈپ قېلىش، كۆزنى قار ئېلىپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، بۇ يوللاردا سەپەرگە چىققان ھەر بىر كىشى غەم - غۇسسە ئىچىدە يول يۈرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەنە شۇ كارۋانلار بالا - قازاغا سەۋرى - تاقەت قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ يىپەك يولىنىڭ بۇ ئىككى تارمىقىنى يارىتقان ۋە ئاۋاتلاشتۇرغانىدى.

كارۋانلارنىڭ بۇ تەرەپتىن ئېلىپ چىقىدىغىنى ئاساسلىقى تەڭگە، تىللا، يامبۇ، قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق، گۈلە، مېغىز،

مەشۈت، چوتا، خام، دوپپا، ئاق كىگىز، قوي ۋە تۆگە يۇڭىدا ئىشلەنگەن چەكمەن، بەلباغ، كىگىز، داستىخان، قوزا كۆرپىسى، ئارپا، بۇغداي، قوناق، قاشتېشى، پىيالە، تۈۋت، يۇڭ جەيناماز قاتارلىقلار؛ ئۇ تەرەپتىن ئېلىپ كىرىدىغىنى قەنت، ناۋات، نوخلى پىچەك، چىنە - چەينەك، قاچا - قۇچا، ئۇنچە - مەرۋايىت، مارجان، ئۈزۈك، ئۇتىغات، قاما كەمچەت، ئۇپا - ئەڭلىك، بۇت قۇلپىسى، قوش تەپكىلىك پىچاق، دۇخاۋا، كۆن - خۇرۇم، ھەر خىل بوياق، ھەر خىل دىنىي، تىببىي كىتابلار، ھىلىلە، ئىپار، زەپەر، ئەمبەر، قەلەمپۇر، قارامۇچ، ئاق مۇچ، پارىچى، ئەپيۇن، ئاياللار دورىسى، بالادۇر، ئاق قايى، كۆك چاي، پەمىلە چاي، دۇمچاي ۋە باشقا غەربچە دورىلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەزگىلدە كىملياك تەۋەلىكىدىن ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا - سېتىق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەردىن مەشھۇرراق بولغانلىرى ياقۇپ ھاجىم، چاۋار ھاجىم، سادىق قارىم، سايىتئاخۇن چاپاق قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماللىرى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا لايىق كېلىدىغان بولغاچقا، ماللىرىنى ئۇزۇن قالماي سېتىپ بولاتتى. بىراق ئۇ ۋاقىتلاردا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى نامرات، پۇلى ئاز بولغاچقا، سودا - سېتىقتا مالغا مال ئالماشتۇرۇلاتتى، ياكى ھۆججەت يېزىپ بېرىپ نېسى سودا قىلىشاتتى. بۇغداي ياكى قوناق ئاساسلىق مال باھا ئۆلچىمى قىلىناتتى. مەسىلەن، 1940 - يىللىرى كىملياك بازىرىدا بىر سەر كۈمۈشكە يېرىم چارەك بۇغداي، تۆت - بەش چارەك قوناق ئالغىلى بولاتتى. داچەن، كۈمۈش تەڭگە، قەشقەر تىزىسى دېگەن پۇللار خەجلەنگەن بولۇپ، بىر سەر كۈمۈش تەڭگە بىلەن بىر سەر قەشقەر تىزىسىنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولغان. بىر داچەن ئىككى پۇل دەپ خەجلەنگەن. ئىككى داچەن يەنى تۆت پۇلغا بىر



گىردە نان كېلەتتى. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان تۆت نەپەر كىشى كۆز پەسلىدە چەتتىن قايتىپ كېلىپ، قىشچە ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى سېتىش، ئات - ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇرۇش، بېقىش، ئىشتىن چىققانلىرىنى يەڭگۈشلەش، مال سېتىۋېلىش قاتارلىق سەپەر تەييارلىقلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەتىياز كىرىشى بىلەن يەنە سەپەرگە ئاتلىناتتى. ئۇلارنىڭ 100 دىن 130 غىچە قەدەر ئات - ئۇلاغلىرى، ئۇندىن 15كە قەدەر چاكارلىرى بولاتتى. سودىگەرلەر ھەر قېتىم قايتىپ كەلگەندە، كىملياك بازىرى ئالاھىدە قىزىپ، بازاردىكى ئون نەچچە چوڭ - كىچىك دەڭ - ساراي ھەر تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن توشۇپ كېتەتتى. شۇ چاغدا يەنە بىر قىسىم چەت ئەل سودىگەرلىرىمۇ كىملياكقا مال ئەكىلىپ تىجارەت قىلغان، بەزىلىرى خېلى ئۇزاق تۇرغان. بەزىلىرى كىملياكتا تۇرمۇش قۇرۇپ، يەرلىكلىشىپ قالغان. مەسىلەن، ئەزەربەيجانلىق نىزىرمۇھەممەت ھاجى، ئۆزبېكىستانلىق ئەزەمخان تۆرە، ئافغانىستانلىق مۇقەررەپ شاھ قاتارلىقلار. 1907 - يىلى ئەتىياز پەسلىدە نىپالدا ياشىغۇچى كانجۇتلار كىملياك يايلاقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، چارۋا - ماللارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندا، مۇقەررەپ شاھ ئۆزىنىڭ تۆت ئوغلى بىلەن بىرگە تاغدىكى مالچىلارنى باشلاپ، پاۋان مىلتىقى بىلەن كانجۇتلارنى سۇرتوقاي قىلىپ ھەيدىۋەتكەن. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن «بۇ كىشىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن» دەپ، ئۇنىڭغا مىڭبېشىلىق ئەمەلى بەرگەن. يەنە ھىندىستاندىن سودا تىجارىتى بىلەن كەلگەن بىر كىشى كىملياكنىڭ باش يول ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق ئابلاۋاي دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغان. ئۇ كىشىنىڭ جۇزام مىكروبى ئابلاۋاينىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە، كېيىن باشقىلارغا يۇقۇپ تاكى 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر

كىلىياڭ خەلقىگە ئېغىر دەرد - ئەلەملەرنى ئېلىپ كەلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كىلىياڭدا بىر قىسىم كىشىلەرنى يەرلىك خەلق «دارىن» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى 1910 - يىللىرى كىلىياڭدا چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى (ئۆز ۋاقتىدا قورۇل دەپ ئاتىلاتتى) قۇرۇلغان بولۇپ، باشلىقى خەنزۇ بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «دارىن» دەپ ئاتايتتى. قورۇلغا يەرلىك كىشىلەردىن مۇھەممەت موللىنى كاتىپلىققا، يۇنۇس باينى خەۋەرچىلىككە، ئەمەت ئاخۇننى تەرجىمانلىققا، ھېيت باينى ئاقساقاللىققا ئورۇنلاشتۇرغان. كېيىنچە قورۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەرنى كىشىلەر «دارىن» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇ ئاتالغۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىگىچە لەقەم بولۇپ كەلمەكتە.

1934 - يىلدىن 1936 - يىللىرىغىچە ما خۇسەن قىسىملىرى بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، قورۇل ئەمەلدىن قالغان. شۇ يىللىرى كىلىياڭ ئېقىنىغا كېلىدىغان سۇ مىقدارى كۆپىيىپ كەتكەچكە، كارۋانلارنىڭ ئات - ئۇلاغ، پۇل - ماللىرى، ھەتتا ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ كېتىپ بۇ يولدىن يۈرۈشكە ئىمكان بولمىغان، شۇڭا كارۋانلار سانجۇ لىنىيىسى بىلەن يول يۈرىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن تارىختا ئاۋات چېگرا سودا بازىرى دەپ ئاتالغان كىلىياڭ بازىرى بارغانسېرى چۆلدەرەپ، قۇيۇنلار ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغان. بولۇپمۇ 1934 - يىلدىن 1949 - يىلى ئازاد بولغانغا قەدەر بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. 1934 - يىلى ما خۇسەن قوشۇنلىرى كىلىياڭغا كەلگەندىن كېيىن، ھە دەپ ئۆي ئاختۇرۇپ ئەسكەر تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بويى مىلتىقچىلىكمۇ كەلمەيدىغان ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋالغان. سايىت ئاخۇن دېگەن كىشى بالىسىنىڭ تۇتۇلۇپ



قېلىشىدىن قورقۇپ، ئوغلىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ يەر ئاستىغا گەمە كولاپ نان تاشلاپ بېرىپ باققان، بىراق، بىر كېچە ياغقان قاتتىق يامغۇردا گەمە بېسىۋېلىپ، ئوغلى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن. ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغان ئوغۇللارنى خوتەنگە ئاپىرىپ ئۇ يەردىن چەرچەن، چاقىلىق ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا ئېلىپ بېرىپ، ئېغىر ھەربىي مەشىقە سالغان، كوماندىنىنى ئۇقالماي قالسا، گاڭزىغا بېسىپ ئۇرغان. بۇ يەرگە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزىلىرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇيغۇر بالا ئەسكەرلەر سانى بىر نەچچە مىڭ كىشىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كېسەللىك، ئاچلىق، ئېغىر ھەربىي مەشىق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. يەنە بىر قىسمى ما خۇسەننىڭ دۇنخۇاڭدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېرلىرىنىڭ تاپانچا مەشىق قىلىشتىكى قارىغا ئېلىش قورالى قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. قاچقانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چۆللەردە ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق، يول ئادىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. ما خۇسەن قىسىملىرى چىققىم بولغانلارنىڭ ئورنىغا يەنە خەلقنى قان يىغلىتىپ، يۇرتمۇيۇرت تىنتىن ئەسكەر تۇتۇپ تولۇقلىغان. ما خۇسەن قىسىملىرى ھە دەپ ئەسكەرلىككە تۇتۇش بىلەن بىرگە خەلقتە ئوتۇن، بۇغداي، قوناق، توخۇ، تۇخۇم، يۇڭ، تېرە، تۈلكە تېرىسى، يىپەك ياغلىق، بەلباغ، چاي پۇلى، دوغا ھەققى، تاپان ھەققى . . . قاتارلىق ئالۋان - سېلىقلارنى سالغان. ياشلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلىككە تۇتۇلغاچقا، ياشانغانلارنى گوما بىلەن شەيدۇللا ئارىسىدا لەڭ توشۇشقا سالغان. ئاياللارنى يىپ ئىگىرىشكە تۇتۇۋالغان. ئېتىزلاردا ئىشلەشكە قىسمەن قېرى ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارلا قالغاچقا، ئېتىزلاردىن ئاش چىقماي، ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپ كەتكەن، بىر قىسىم كىشىلەر يۇرتنى تاشلاپ باشقا جايلارغا

كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى چاۋا خوجا دېگەن كىشىنى بىر قاپاق مايىنى كاللائدا كۆتۈرۈپ شەيدۇللاغا ئاپىرىپ بېرىسەن، دەپ بۇيرۇغاندا، ئۇ كىشى ياغنى ئىككى قاپاققا تەڭشەپ ئۇلاغقا ئارتىپ ئاپىراي دېسە ئۇنىمىغاچقا، مايىنى شاق ئاپىرالماي كاللىسى كېسىلىپ ئۆلۈكى تاغدا بۆرىگە يەم بولۇشتىن ئەنسىرەپ، بارسا كەلمەس يولدا ئۆلگىچە ئۆز يۇرتۇمدا ئۆلەي دەپ بىر قاپاق مايىنى بېشىدا كۆتۈرگىنىچە دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغان. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى كۆپلەپ بايلىق يىغىش ئۈچۈن هاشىم هاجى دېگەن كىشىنى گۇما يامۇلىنىڭ بەگلىكىگە، ئۇنىڭ ئوغلى روزى ئاخۇننى قوشتاغ ئالتە كەنتىنىڭ بەگلىكىگە، ئىنىسى تاجى مۇھەممەتنى كىلياڭنىڭ يۈزبېشىلىقىغا بەلگىلەپ، بۇ قول چوماقلىرى ئارقىلىق يۇرتنى نۇرغۇن ئازاپ - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلغان. بايلارمۇ خوجايىنلىرىنىڭ ھەيۋىسى بىلەن خەلقتىن يۇلۇۋالغان هارام بايلىقنى بىۇزۇپ - چېچىپ، كەيىپ - ساپا قىلىشتەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. بولۇپمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى هاشىم هاجى خوتۇنپەرەس كىشى بولغاچقا، گۇما ۋە كىلياڭدا نۇرغۇن خوتۇن - قىزلارنىڭ نومۇسىغا تەگكەندىن سىرت، ئېلچىدىن سوپىخان ئىسىملىك بىر قىزنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ياشلىق باهارىنى نابۇت قىلغان. سوپىخان يۇرتى ئېلچىنى سېغىنىپ ۋە بەگنىڭ زۇلۇمىغا نەپرەت بىلدۈرۈپ، تۆۋەندىكىدەك قوشاق توقۇغان:

ئېلچى شەھرىدىن خەت كەپتۇ،
سوپىخاننى كەلسۇن دەپ.
هاشىم بېگىم قويمايدۇ،
مىڭ سەر يامبۇ بەرسۇن دەپ.



مېنىڭ ئېتىم سوپىخان،
داموللامدا ئوقۇغان.
دەردىڭ ئەلەمگە پايلىماي،
شۇنداق قوشاق توقۇغان.

بېگىم مىندى بوز ئاتقا،
ئەلنى سالدى ئازابقا.
ئويلاپ ئىش قىل بەگ هاجىم،
ئاخىر قالىسەن ۋاي داتقا.

بىر ئوغلۇڭ بار روزى بەگ،
تاجى مۇھەممەت يۈزبېشى.
كىلياڭ خەلقى يىغلىسا،
بەگ هاجىمنىڭ نېمە ئىشى.

بۇ قوشاق شۇ يىللاردا خەلقنىڭ دەردى - ئەھۋالىنى تىپىك هالدا ئىپادىلىگەچكە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ تا هازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1937 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سابىق سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق پوسكامدىن چەرچەنگىچە بولغان ئارىلىقتى بېسىپ ياتقان ما خۇسەن قوشۇنلىرىغا يەر ھەم هاۋادىن قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، قوغلاپ يوقىتىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە گۇما ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىن قېچىپ كەلگەن بىر قىسىم ما خۇسەن قوشۇنلىرى سانجۇ ۋە كىلياڭ قاتارلىق تاغلىق رايونلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، پۇرسەتى كەلگەندە ئەسلىدىكى يىپەك يولى ئارقىلىق هىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىشىدۇ. بۇ قاچاق ئەسكەرلەر بۇ يەردە ھەر كۈنى دېگۇدەك ئۆي ئاختۇرۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش، ئۆزئارا

قىرغىنچىلىق قىلىشىپ خەلقنى تېخىمۇ يۇرەكئالدى قىلىۋەتكەن.

1937 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئوتتۇرىلىرىدا، كىلىياڭ ئاسمىنىدا تويۇقسىز ئۈچ ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، پەسلەپ ئۇچۇپ چارلاشقا كىرىشكەن. ئايروپىلان دېگەن ئىسىمنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان نادان خەلق ئۆي ـ ئۆيلىرىدىن چۇقۇرۇشۇپ چىقىپ ئاسمانغا قول ئۇزىتىپ ئۇنى تاماشا قىلىشقان. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى خۇددى چاشقاندەك بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلارغا يوشۇرۇنۇشقان. دەل شۇ پەيتتە، ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان تۆۋەن چاقار دېگەن جايغا ئايروپىلان چارلاپ كېلىپ، تۇردىيا قارىم دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىغا بىر دانە بومبا تاشلىغان، بىراق بومبا پارتلىمىغان. بۇ ئىشنى ئاڭلىغان كىشىلەر تۇردىيا قارىمنىڭ ھويلىسىغا ئاسماندىن چۈگۈن چۈشۈپتۇ، كۆرۈپ كېلىمىز، دەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشكە باشلىغان. ھويلىغا ئادەم تازا يىغىلغاندا تۇردىيا قارىم بومبىنى قولىغا ئېلىپ: «بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم، ھازىرچە ئۆيدە ساقلاپ قوياي، كېيىنچە بىر گەپ بولار» دەپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە مېڭىۋاتقاندا، توقسۇن مىسكەر دېگەن كىشى «بۇ، مىس ئىكەن، ماڭا سېتىپ بەرسىلە، ياكى مانتا قازىنى ياساپ بېرەي» دەپ تالاشقان. دەل شۇ ئەسنادا بومبا قىزىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپلا پارتلىغان، نەق مەيداندىلا تۇردىيا قارىم قاتارلىق 17 كىشى ئۆلگەن. بۇ كۈز ۋاقتى بولۇپ، دېھقانلار كالتەك بىلەن قوناق سوقۇۋاتاتتى، ئايروپىلان كەلگەندە ئۇلار قوللىرىدىكى كالتەك بىلەن ئايروپىلاننى كۆرسىتىپ، ئەنە كەلدى، مانا كەتتى، دېيىشىۋاتقاندا، ئايروپىلان ئوق ياغدۇرۇپ 43 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى كىلىياڭدىن قېچىپ كەتكەن. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى كەتكەندىن



كېيىن شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى كېلىپ، ما خۇسەن ئۈچۈن ئىشلىگەنلەرنى تۇتۇپ كەتكەن.

ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتلەرنىڭ پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئالۋان ـ ياساقلىرى، ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭى، شېڭ شىسەينىڭ قىرغىنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن، كىلىياڭدىن ئىبارەت بۇ ئاۋات يۇرت گۆرىستان خارابىلىققا ئايلىنىپ ۋە نامراتلىشىپ يوقاش ھالىتىگە كېلىپ قالغان. خەلق مۇنداق زۇلۇم ـ زەخمەتلەردىن تېزراق قۇتۇلۇپ دۇمبىسىگە بەخت ئاپتىپىنىڭ چۈشۈشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشكەن.

1940 ـ يىللىرىدىن كېيىن، كىلىياڭدىكى ئاز ساندىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر كومپارتىيە، ماۋزېدۇڭ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئەخمەتجان دېگەن گەپلەرنى ئاندا ـ ساندا ئاڭلاپ قېلىشىدىغان بولۇشتى. قاتمۇقات زۇلۇم، ئىستىبداتتىن دەستىدىن مىجىلىپ يۈرىكى ئېزىلگەن خەلق ئاڭلىغان سۆزلەرنى ئېغىزغا ئېلىشقا پېتىنالمىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈك، ئازادلىققا چىقىش ئۈمىدىنى تامامەن ئاشۇ يېڭى ئاتالغۇلارغا باغلىغانىدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، كىلىياڭدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلار يىغىش قىلىپ، ئازادلىق خەۋەرلىرىنى ئوقۇپ كېلىش ئۈچۈن ھېيت ئاخۇن ئىسىملىك بىر ياشنى مەخپىي ھالدا غۇلجىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ غۇلجىدا بىر يىلدەك تۇرۇپ، 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كىلىياڭغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە غۇلجىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرىپ، زۇلمەتلىك كۆڭۈللەرنىڭ پات ئارىدا تۈگەپ، بەخت ـ سائادەتلىك كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ.

(ئاپتورى: گۇما ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر

# شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

## 1956 - يىل

### 1 - ئاي

3 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى، ئۆتكەن يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 3 - شۇجىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك نازارىتىنىڭ نازىرى چى فىڭتيەن مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى يەتكۈزدى.

4 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ يېزا خىزمىتى بۆلۈمى: يېزا ئىگىلىك كوپىراتسىيىسى پاي پۇلىدىسىنى توپلاش خىزمىتىنى ھەم كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق پۇلىدى قەرز خىزمىتىنى چوقۇم ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

6 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى



1956 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ئۈن باھاسىنى يەنە تۆۋەنلىتىشنى قارار قىلدى.

11 - كۈنى، جۇڭگو چارۋىچىلىق ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ موسكۋا، ستالىنگراد، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا 80 نەچچە كۈنلۈك ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

15 - كۈنى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك دېموكراتىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مەملىكىتىمىزگە كېلىپ زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئىسلام دىنىي ياشلىرى خەلقئارا ۋەكىللىرىدىن تۆت كىشى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا - سانائەتنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى يىغىنىدا، شىڭ لەنتىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم دوكلاتىنى بەردى.

19 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: تارباغاي ۋىلايىتى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن ئاساسىي جەھەتتىن كوپىراتسىيىلىشىپ بولدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قول سانائەت ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق كۈن تەرتىپى: 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قول

سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق يىغىنىنىڭ يەتكۈزمە دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتۈش ھەم بۇ دوكلاتنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قول سانائەتكە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ قول سانائەتكە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايونلۇق قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتىنى قۇرۇش، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى.

24 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ـ سانائەتكە بولغان ئۆزگەرتىش پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى.

25 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار كومىتېتى زەربىدارلىق ئېيى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ياشلارنى قۇشقاچ، چاشقاننى يوقىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

26 ـ كۈنى، ئىسلام دىنى ياشلىرى خەلقئارا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى.

27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ھەمكارلىق ئىدارىسى يېزىلاردىكى خۇسۇسىي تىجارەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي تىجارەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلاردىكى ياشلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرمىللەت ياشلىرى يېزىلاردىكى ياشلارغا ھەر خىل يېزىقتىكى كىتابلاردىن 120 نەچچە مىڭ پارچىدەك سوۋغا



قىلدى.

29 ـ كۈنى، قەشقەر شەھىرىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ـ سانائەتكە بولغان ئۆزگەرتىش يۇقىرى دولقۇنغا كىردى. 72% سودا ـ سانائەتچى دۆلەت بىلەن شەخسلەر شىرىكچىلىكىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەمكارلىق ماگىزىنلىرىنى تەشكىللەش تەستىقلاندى. يەكەن، قىزىلسۇ، كورلا قاتارلىق جايلار خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ـ سانائەتنى ئۆزگەرتىش خىزمەت پىلانىنى تۈزدى.

31 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى 3 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، 1956 ـ يىلىدىكى خەلق ئىگىلىكى پىلان لايىھىسىنى ماقۇللىدى.

## 2 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن رايونى يېزا ئىگىلىكىدە سوتسىيالىستىك كوپىراتىپلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. رايون بويىچە 32 يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپى قۇرۇلۇپ، كوپىراتىپقا كىرگەن دېھقانلار پۈتۈن رايون دېھقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 93 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مالىيە ئىقتىساد بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شىڭ لەنتىڭ ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان زاۋۇت ـ كانلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا «كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىكنى قولغا كەلتۈرۈش»، بەش يىللىق پىلانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنداش توغرىسىدا سۆزلىدى.

5 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ بويىچە 600دىن ئارتۇق ئالىي كوپىراتىپ سىناق تەرىقىسىدە

قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

△ ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدىكى ھەرقايسى يېزا كوپېراتىپلىرىنىڭ ھەممىسى ئالىي كوپېراتىپقا ئۆزگەرتىلدى. قول سانائەت ۋە ترانسپورت ئىشلىرىمۇ كەسىپلەر بويىچە ھەمكارلىشىش شەكلى ۋە كوللېكتىپ بىلەن شەخسلەر شېرىكلىشىش ئارقىلىق سوتسىيالىزم يولىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئاياقلاشتى.

6 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرمىللەت - ھەر ساھە كىشىلىرىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى داغدۇغىلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شەھەر بويىچە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى.

9 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك مۇز ئۇستى تەنھەرىكەت يىغىنى بەش كۈنلۈك مۇسابىقىدىن كېيىن ئاياقلاشتى.

11 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ بويىچە چارۋىچىلىقتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىلىرى 3000 دىن ئاشتى.

12 - كۈنى، قەشقەر شەھىرىدىكى ھەرمىللەت - ھەرساھە ئاممىسىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى يىغىلىپ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى.

△ بورھان شەھىدى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭدا يەر، سۇ، كەڭ يايلاق ۋە مول يەر ئاستى بايلىقى بار، بۇ ئوبيېكتىپ پايدىلىق شارائىتتا ئاساسەن، «مەملىكەتنىڭ يېزا - ئىگىلىك تەرەققىيات پروگراممىسى» دا بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداشتا ئىشەنچ بار.



14 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش كېلىشىمى ئىمزالانغانلىقىغا ئالتە يىل بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۇدا بىر نەچچە كۈن ھەرتۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

18 - كۈنى، تۇرپان بەشيۈلتۈز ئالىي يېزا - ئىگىلىك كوپېراتىپى پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانلارغا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

19 - كۈنى، ئۈرۈمچى، مىچۈەن قاتارلىق 12 ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 15 پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارغا قولايلىق ياراتتى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ھازىر سوتسىيالىستىك كوپېراتسىيىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى، ئالىي كوپېراتىپقا قاتناشقان دېھقانلار نوپۇسى 5341 گە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: مىچۈەن ناھىيىسىدە 57 يېزا - ئىگىلىك ئالىي كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، كوپېراتىپقا قاتناشقان دېھقانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 85.72 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

23 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىدا 30 ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلۇپ، كوپېراتىپقا قاتناشقان دېھقانلار 6852 نوپۇسقا يېتىپ، ئومۇمىي دېھقانلار نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

24 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى 18 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا تەنتەربىيە خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە

دۆلەت مۇداپىئەسىگە خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 12 يىلدىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيىنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمەت لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

26 - كۈنى، ئاقسۇ ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرىدىكى 10 مىڭغا يېقىن ئامما يىغىلىپ، شەھەر بويىچە يېزا - ئىگىلىك، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ غەلىبىلىك ئاياقلاشقانلىقىنى تەبرىكلىدى.

16 - كۈندىن 28 - كۈنگىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ پىلان خىزمەت يىغىنى ئاپتونوم رايوننىڭ 12 يىللىق مائارىپ پىلان پروگراممىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

## 3 - ئاي

1 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى 600 مىڭ ياش - ئۆسمۈر قۇشقاچ ۋە چاشقان يوقىتىش زەربىدارلىق ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

2 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ بويىچە 29 چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى.

3 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانلار نوپۇسىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى كەڭ يېزىلاردا 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يېزىلاردا يېرىم سوتسىيالىستىك ھەمكارلىشىش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

6 - كۈنى، غۇلجا شەھىرى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش



ۋەزىپىسى ئورۇندالغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

7 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىش يۇقىرى دولقۇنىدا تېخنىكا ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، 1700 نەپەر دېھقاننى قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئاجراتتى.

9 - كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى ھەرمىللەت - ھەرساھە ئاياللىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق قىز - ئاياللار 1 - ئاۋغۇست كۇلۇبىغا يىغىلىپ، «8 - مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى، دېھقانچىلىق نازارىتى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يېزا ياشلىرى ئىچىدە «چېچەك تېرىشنى قۇرلاپ تېرىشقا ئۆزگەرتىش» تېخنىكا ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

15 - كۈنى، شىنجاڭ بويىچە چات ئارا دىئامېترى ئەڭ چوڭ كۆۋرۈك — قەشقەر دەرياسى كۆۋرۈكىدە ماشىنا قاتنىدى.

△ يېڭى قۇرۇلغان شىنجاڭ كىسلاتا ياساش زاۋۇتى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

18 - كۈنى، شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسى تەشكىللىگەن تارىم ئويمانلىقىدا نېفىتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىش ئورنىغا خىزمەتكە ئاتلاندى.

12 - كۈندىن 20 - كۈنگىچە، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ئۆزىگە قاراشلىق ۋىلايەتلەرنىڭ پارتكوم شۇجىسى، بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ پارتكوم شۇجىسى ھەمدە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى نۇقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ پارتكوم

شۆجىلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ 1956 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بولغان يېزا - ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى.

22 - كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىۋاستە قاراشلىق پارتكوم، رايونلۇق پارتكوم شۆجىلىرىدىن يۇقىرى مەسئۇل كادىرلار يىغىنىدا يېزا - ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ھەمكارلىشىش ۋە يېزا - ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتنى بەردى.

24 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: مارالبېشى ناھىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونى بولۇپ قالدى، پۈتۈن ناھىيىنىڭ پاختا تېرىش يەر مەيدانى تەخمىنەن ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي پاختا يەر مەيدانىنىڭ 38 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

25 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرمىللەت زىيالىي ياشلىرىدىن بولۇپ 1200 دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭ شۆيۈەندە ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزدى.

27 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھەرمىللەت زىيالىي ياشلىرىنىڭ ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش چوڭ يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ياشلار، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت زىيالىي ياشلىرىغا «بىلىم ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، مەڭگۈ قاتاردىن قالماسلىق، ئىلىم - پەن ئىستىھكامىنى بۆسۈش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

29 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بۇ يىللىق بىناكارلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى ئۆتكەن يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى. بۇ يىل پۈتۈن شىنجاڭنىڭ



بىناكارلىق قۇرۇلۇش يەر مەيدانى 600 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قۇرۇلۇش مەيدانىلا 400 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق.

## 4 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بۇ يىلقى چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

4 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭدىكى تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەسەل ھەرىسى بېقىش مەيدانى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ توققۇزتارا ناھىيىسىدە بارلىققا كەلدى.

△ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دېھقانچىلىق چارۋىلىرىنى كۆپەيتىش مۇتەخەسسىسى پروفېسسور بوبوكوف ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوي باقمىچىلىق ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، 4 - كۈنى بېيجىڭدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى چاقىرغان تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يىغىنى ئاياقلاشتى. يىغىن ياشانغان، ئاجىز، مېيىپلارغا قارىتا «تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىش ھەمدە ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئاساستا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئېلىپ بېرىش» نى؛ دارىلئېتامدا ئىشلەش، ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «باشلانغۇچ مەدەنىيەت تەربىيىسى ھەمدە ئەمگەك تېخنىكا تەربىيىسىنى قوشۇمچە قىلىش» نى بېكىتتى.

5 - كۈنى، رومىنىيە بۇخارىست گۈزەل - سەنئەت

ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى بوپكلنو ئۈرۈمچىگە كېلىپ زىيارەتتە بولدى.

△ چوكاتتال بايرىمىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە ئاممىسىدىن بولۇپ 1700 دىن ئارتۇق كىشى يېقىندا پۈتكەن «شىنجاڭ ھەرمىللەت ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى» ئالدىدا ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش ئاممىۋى يىغىنى ئۆتكۈزدى.

6 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «1 - ئاۋغۇست» كۇلۇبىدا مەخسۇس تېمىدىكى دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەركەزنىڭ زىيالىيلار مەسىلىسى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

7 - كۈنى، «شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى» قۇرۇلدى.

9 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «مەملىكەتلىك يېزا - ئىگىلىك تەرەققىيات تىزىسى (لايىھە)» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى تەپسىلىي لايىھىسى (سىناق نۇسخا) نى مۇزاكىرە قىلدى.

10 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ بويىچە 16 مىليون 800 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، تۆۋەن دېھقانچىلىق ھەمكارلىق قەرز پۇلى ئومۇمىي قەرز پۇلىنىڭ 50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

20 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە رېۋىزىيە خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئوڭچىل رادىكاللىق



ئىدىيىسىنى پىپەن قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى رېۋىزىيە خىزمىتىنى پىلانلىدى.

21 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: لەنجۇ - شىنجاڭ يولىدىكى قۇمۇل - ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ھاۋارايى كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇلدى.

20 - كۈندىن 25 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتى بىرىنچى قېتىملىق پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزدى، يىغىن ئوڭچىل رادىكاللىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى بىردەك قارار قىلدى.

20 - كۈندىن 26 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى 1 - قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى پۈتكەندىن كېيىنكى سانائەت قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھەرتۈرلۈك خىزمەت - ۋەزىپىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

## 5 - ئاي

△ 1 - كۈنى، «خەلق گېزىتى» ئۈرۈمچىدە ئاۋئىاتسىيە بېتىنى نەشر قىلدى.

3 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق يەرلىك سانائەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا نۇقتىلىق قىلىپ ئوڭچىل رادىكاللىق ئىدىيىسى تەكشۈرۈلدى، پىپەن قىلىندى؛ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك مۇزاكىرە قىلىندى.

4 - كۈنى، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى مىڭجىن (جىددىي ئىلگىرىلەش) سۇ ئامبىرىنى كېڭەيتىش

قۇرۇلۇشى ئاياقلىشىپ، سۇ قويۇپ بېرىلدى. سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ ساقلاش مىقدارى 640 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 260 مىڭ مو يەرنى سۇغىرالايدۇ.

6 - كۈنى، شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى تەكشۈرۈش، لايىھىلەش ئاكادېمىيىسى قۇرۇلدى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنىڭ قارامىاي نېفىتلىكىدە يەنە بىر نېفىت قۇدۇقى ئېچىلدى، نېفىت چىقىش ئەھۋالى ياخشى.

11 - كۈنى، جۇڭگو تاشقى مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلىتىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن سۇدان مەدەنىيەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىدىكى سەككىز كىشى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

13 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: مەركەز ئاپتونوم رايونغا يەنە 2 مىليون يۈەن ۋاقىتلىق دېھقانچىلىق قەرزىنى كۆپەيتىپ بەردى.

14 - كۈنى، پاكىستان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئايرىلدى.

△ ھىندونېزىيە ئىسلام دىنى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

21 - كۈنى، ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭنىڭ 3 - نۆۋەتلىك چارۋىچىلىق رايونلار خىزمەت يىغىنىدا، چارۋىچىلىقنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

22 - كۈندىن 30 - كۈنگىچە، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - سانلىق كېڭەيتىلگەن ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلدى. بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ



ئاساسىي ۋەزىپىسى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە كېڭىشىش. سەيپىدىن ئەزىزى ئومۇمىي يىغىندا سىياسىي دوكلات بەردى. لۇ جيەنرېن خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بەردى. جا خېدا بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بەردى. ياڭ خېتىڭ شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىدە كوپېراتسىيىلىشىشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بەردى. ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندا سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «ئاپتونوم رايوندىكى دېموكراتىك مىللىي بىرلىكسەپ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى».

27 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: قارامىاي نېفىتلىكىدە يەنە ئىككى قۇدۇقتىن نېفىت چىقتى. مايتاغدىكى 205 - قۇدۇقتىنمۇ يەنە نېفىت چىقتى.

## 6 - ئاي

1 - كۈنى، ۋاڭ ئېنماۋ مەملىكەتلىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ھەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى».

5 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: سانجى

ناھىيىسىدە ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش ئاياقلاشتى، بەش كۈنلۈك چېكەتكە يوقىتىشتا 2000 گېكتاردىن ئارتۇق دائىرىدىكى چېكەتكە يوقىتىلدى.

6 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 92 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، يەنە 193 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ساۋاتسىزلىقتىن يېرىم ساۋاتلىققا ئايلاندى.

△ قەشقەردە تۇنجى قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، خوسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا سانائەت ۋە قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

10 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭدىكى پاختا مول - ھوسۇللۇقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەڭلىك ھۆججەتلىك فىلىم «تەڭرىتېغى ئېتىكىدە ئېچىلغان كۆمۈش گۈلى» نى ئازادلىق ئارمىيە كىنو ستودىيىسى بىلەن چېخ - سولوۋاكىيە بىرلىشىپ سۈرەتكە ئالدى.

13 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئىش باشلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون نەچچە تۈمەن خەلق ئىشچىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بارلىق كۈچ بىلەن ياردەم بەرمەكچى بولدى.

14 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - ئىگىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى.

17 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: 1 - تۈركۈمدىكى خېنەن ئۆلكىسىدىن شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقىلى كەلگەن ياش پىدائىي بوز يەر



ئاچقۇچىلاردىن 23 مىڭ كىشى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ماناس دەرياسى ئېقىنىدىكى قىسىم بوز يەر ئېچىش رايونىغا يېتىپ كەلدى.

23 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: 2000 ئىلى تېرىقچىلىق ئېتى شەندۇڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شەندۇڭغا توشۇلدى.

△ سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى سىمفانوف ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

27 - كۈنى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىغا رېلىس ياتقۇزۇلۇپ، يۇمىن ماي كېنىغا كەلدى.

28 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون زىيارەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، گەنسۇنىڭ ئاقساي ۋە چىڭخەيدىكى قازاق چارۋىچىلارنى زىيارەت قىلدى.

△ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى تۇنجى قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىپ، قاراماي نېفىت رايونىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلدى. ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندا مۇھىم يوليورۇق بەردى.

△ ئۈرۈمچى - خوتەن ئاۋىئاتسىيە يولىدا سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

30 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ ئالتە ئىشخانىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە، يەكەن ۋىلايەتلىك مەھكىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەھكىمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: مۇشۇ ئاينىڭ

ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 34 مىڭ 24 پارتىيە ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مىللەت پارتىيە ئەزالىرى 25 مىڭ 833 بولۇپ، يېڭى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 81.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## 7 - ئاي

1 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: تۇرپان ناھىيىسى بويىچە تېلېفون ئورنىتىلدى. بۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تۇنجى قېتىم يېزىلارغىچە تېلېفون ئورنىتىلغان ناھىيە.

4 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: دۆلەتلىك ئۈچ چوڭ ئورمان ئاسراش رايونى تەكشۈرۈلمەكتە. بىرسى، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى توقسۇن، تۇرپان، پىچان ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىدە؛ يەنە بىرسى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى چىمپەيزە، مورى دەرياسى ئەتراپىدا؛ ئۈچىنچىسى، قەشقەردىن تارىم ئويمانلىقىنى بويلىغان ھەرقايسى چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن نىيە ناھىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا.

5 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت بىرلەشمە تاغقا چىقىش ئەترىتىنىڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن ئەترىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇزتاغقا يېتىپ كەلدى.

6 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى لەنجۇ - ئۈرۈمچى - ئاقدوقا تۆمۈريولىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمىنى ياساش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى.

9 - كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي



كومىتېتىنىڭ 43 - سانلىق يىغىنى قارار ماقۇللاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - سانلىق يىغىنى بېكىتكەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ھەردەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزاملىرىنى تەستىقلىدى.

9 - كۈندىن 24 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسى زالىدا ئېچىلدى. 13 مىللەتتىن تەركىب تاپقان ۋەكىل 538 نەپەر. سەيپىدىن ئەزىزى ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

△ ۋاڭ ئېنماۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى بەردى. ۋاڭ ئېنماۋ 1 - شۇجىلىققا، سەيپىدىن ئەزىزى، ۋۇ كەيجاڭ، لۈ جيەنرېن، زېڭ دى، سەيپۇللايوپ شۇجىلىققا سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ۋە كاندىدات ۋەكىللەردىن 14 كىشىنى سايلاپ چىقتى.

12 - كۈنى، شىخو بىلەن قاراماي ئوتتۇرىسىدىكى پوچتا ماشىنا قاتنىشى تۇنجى قېتىم رەسمىي قاتناش باشلىدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ياساش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان 1 - تۈركۈمدىكى خەلق ئىشچىلىرىدىن 600 كىشى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى ئۈستىدىكى ئارايۇلتۇز (شىڭشىڭشا) غا يولغا چىقتى.

13 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىر بار بولغان كادىر ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىدىن ئالتە ھەسسە ئاشتى، يەرلىك مىللىي كادىرلار

51 مىڭ 106 نەپەر بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 55.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن سەككىز ھەسسە ئارتۇق.

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى يولىيورۇق چىقىرىپ، 24 ناھىيىدە سىملىق رادىئو ئاڭلىتىش تورىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇشنى قارار قىلدى.

14 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېكەتكە يوقىتىش يەر مەيدانى 600 مىڭ موغا يەتتى.

15 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ھەمكارلىق كېلىشىمى بويىچە بۇ يىلدىن باشلاپ پىلاننى ئىجرا قىلىشنى بېكىتتى، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا زىيارەتكە چىقماقچى بولدى.

15 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا، گىمناستىكا تاللاش مۇسابىقىسى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

17 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تەكشۈرۈش ئالتىنچى خىزمەت ئەترىتى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك ۋە شىبە قاتارلىق يەتتە مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى چوڭقۇرلاپ تەكشۈردى ۋە ھەرقايسى مىللەتنىڭ يەرلىك تىل شېۋىسىنى تەكشۈردى ۋە ئايرىدى.

△ ئافغانىستان پادىشاھلىق مەدەنىيەت ئۆمىكىدىكى تۆت كىشى ئۆمەك باشلىقى دوكتور غاپپارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۆمەكتىكى باشقا ئۈچ ئەزا دوكتور ئەكرەم، ئەنسار ئەپەندى ۋە رەھىم دوكتورلاردۇر.



19 - كۈنى، قۇربان ھېيتتا، ئۈرۈمچى نەنگۇەن مەسچىتى ئۈرۈمچىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولۇۋاتقان ئافغانىستان پادىشاھلىق مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى.

21 - كۈنى، ئافغانىستان پادىشاھلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى.

△ ئاپتونوم رايون 3 - نۆۋەتلىك ھاۋارايى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، 12 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ھاۋارايى پونكىت تورىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ بولۇش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئۆتكەن يىلى ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان دالادا مۇنتىزىم دېھقانچىلىق مەيدانى ئېچىپ، 10 مىڭ موغا يېقىن يەرگە زىرائەت تېرىدى.

25 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئالتاي تاغلىق رايونى ۋە ماناس دەرياسى ۋادىلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش ئۈچۈن سىستېمىلىق ئىلمىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

26 - كۈنى، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچىدىكى ھەرساھە، ھەرمىللەت ۋەكىللىرىدىن 3000 دىن ئارتۇق كىشى، چىن تيەنچيۇ قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قەبرىسى پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزدى.

28 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاقدوقادىن كېلىدىغان تۆمۈريولىنىڭ رېلىس تۇتاشتۇرۇلىدىغان يول تەرىپى بېكىتىلدى. ئالاتاۋ ئېغىزىدىن جىڭغا كېلىدىغان 80 نەچچە كىلومېترلىق ئارىلىقىدا تۆمۈريول تەكشۈرۈش خادىملىرى بېكىتىش، ئۆلچەش

خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى. لەنجۇ ـ ئالدوقا تۆمۈريولىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمى پۈتۈنلەي تەكشۈرۈلۈپ بولدى.

31 ـ كۈنى. ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ سانلىق يىغىنى ئېچىلدى. مۇئاۋىن رەئىس ئىمىنوپ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان ئون ئايدىن بۇيانقى خىزمەت ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا دوكلات بەردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ زىمۇ يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1955 ـ يىلدىكى مالىيە نەقچوتى ۋە 1956 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى بەردى.

△ جۇڭگو سوۋېت بىرلەشمە تاغقا چىقىش ئەترىتى شىنجاڭدىكى دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتر ئېگىزلىكتىكى مۇزتاغ چوققىسىغا چىقتى.

△ ھىندىستان مۇخبىرى گۇپتا، زىللاندىيە مۇخبىرى دېشىرۋا، سۈرىيە مۇخبىرى سەمەد، برازىلىيە مۇخبىرى مېدىس تۆت كىشى جۇڭگو ئاخبارات خىزمەتچىلىرى بىرلەشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن دۆلىتىمىزگە كېلىپ زىيارەتتە بولۇپ، بۈگۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

## 8 ـ ئاي

4 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شىلىڭ لەنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ سانلىق يىغىنىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بەش يىللىق پىلان خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات



بەردى.

5 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، «ئىلى ئېتى» نى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى.

7 ـ كۈنى، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن تۆت مۇخبىر ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا يولغا چىقتى.

9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ سانلىق يىغىنى يېپىلدى.

10 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: قاراماي نېفىتلىكىدە 20 قۇدۇقتىن نېفىت چىقتى.

14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي تىل ـ يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىسلاھاتى مەسىلىسىنى ئاساسلىق قىلىپ مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلدى.

16 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون بۇ يىل 850 مىڭ تۇياق قويىنىڭ سورتىنى ياخشىلىدى.

18 ـ كۈنى، ۋۇ كەيجاڭ ياش ئاكتىپلار يىغىنىدا دوكلات بېرىپ، ھەرمىللەت ياشلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا چاقىرىق قىلدى.

20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن دراما ئۆمىكى رەسمىي قۇرۇلدى.

21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى 56 كىشى شەھىرىمىزدىن ئىچكىرى جايلارغا ئېكسكۇرسىيىگە يولۇپ كەتتى.

24 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى 16 ـ سانلىق مەمۇرىيەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مائاش ئىسلاھاتى

مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

25 - كۈنى، لەنجۇ - ئۈرۈمچى - ئاقدوقا تۆمۈر يولىنىڭ ئۈرۈمچىدىن دۆلەت چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىقى ئۆلچەپ بولۇندى.

28 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت بىرلەشمە تاغقا چىقىش ئەترىتى مۇزتاغقا چىققاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئەزالار گۇڭگىر چوققىسىغا چىقتى.

29 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت تاغقا چىقىش ئەترىتىدىكى 45 كىشى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا يولغا چىقتى.

## 9 - ئاي

2 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى «گوۋۇيۈەننىڭ مائاش ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە چىقاردى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى ۋە بۇ يىل يېڭىدىن قۇرۇلغان شىنجاڭ پېداگوگىكا شۆيۈەنى ھەمدە شىنجاڭ رۇسچە تېخنىكوم مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان تىل - ئەدەبىيات شۆيۈەنى قاتارلىق ئۈچ ئالىي مەكتەپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان سەھىيە، يېزا - ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قاتناش، سۇ ئىشلىرى، پوچتا، سانائەت باشقۇرۇش كەسپىي مەكتەپلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان 30 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئوقۇش يىلىدا تۇنجى قېتىم يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

△ جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىش مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالماتاغا يېتىپ باردى.



5 - كۈنى، شىنجاڭ پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇلدى.

△ ئۈرۈمچى قىزىل كىرىست جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

6 - كۈنى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئۆتكۈزۈپ «ئۇزاق مەزگىل بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش» فاڭجېنى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردى.

8 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 500 نەپەر مۇنەۋۋەر كادىرنى تاللاپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

9 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنى ھەمدە بۇرۇلتوقاي، ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىدە چارۋىچىلىقتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە ئاكتىپ تەييارلىق قىلىپ، 1000 دىن ئارتۇق چارۋىچىلىق يېتەكچى كادىرلىرىنى تەربىيىلىدى.

△ تۇرپاندىن كۇچاغا بارىدىغان تۆمۈريول لىنىيىسى تەكشۈرۈلۈشكە باشلىدى.

10 - كۈنى، مايتاغدىن قاراماي غا بارىدىغان تاشيولدا رەسمىي قاتناش باشلاندى.

11 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: 40 مىڭدىن ئارتۇق خېنەن ياشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنگە كېلىپ بولدى.

13 - كۈنى، يۈمىن نېفىت كېنىدىن كەلگەن تۇربا يولى بېكىتىش ئەترىتى ۋە نېفىت ئايرىشنى سىناش ئەترىتىدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى خادىملار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

△ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ پايتەختى فرونزىدا تۇنجى قېتىم

ئويۇن قويدى.

22 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە، بۇ يىل كۈزگە بۇغداي سىناق تەرىقىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك تېرىلدى.

23 - كۈنى، خوتەندىكى توپىلاڭغا قاتناشقان 20 نەپەر ئەكسىلئىنقىلابچى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، تەربىيە بېرىپ قويۇپ بېرىلدى.

24 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايوندا بۇ يىل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 20 چارۋىچىلىق مەيدانى يېڭىدىن قۇرۇلدى.

30 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ ھازىرغا قەدەر 3000 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇر، تاتار، قازاق، ئۆزبېك كادىرلىرى يېتىشىپ چىقتى.

△ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت سارىيى — خەلق تىياتىرخانىسى پۈتتى

## 10 - ئاي

1 - كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى «غەلىبىلىك بىر يىل» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

2 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى يېپىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق دېموكراتىك ياشلار بىرلەشمىسى رەسمىي قۇرۇلدى.

4 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ئاياللار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ماينۇر قاسىم ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى.



△ ئاپتونوم رايوننىڭ 1956 - يىللىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئاياغلاشتى. ئۈرۈمچى ۋەكىللەر كوماندىسى چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

12 - كۈنى، ئۈرۈمچى - ئالتاي ھاۋا يولى رەسمىي ئېچىلدى.

15 - كۈنى، شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى رەسمىي قۇرۇلدى.

18 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش خادىملىرى گۇچۇڭ - قاغىلىق رايونىدا 150 مىليون يىل بۇرۇنقى تاشقا ئايلانغان مۇكەممەل دىنوزاۋۇرنى تاپتى.

△ ياپونىيە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ساۋېي شىنپېڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

23 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئالىي كوپېراتىپلارنى قۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىنى چىقاردى.

△ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋۇ كەيجاڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ئاياللار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سۆز قىلىپ: «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ئاياللارنىڭ كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىزم قۇرايلى»، دېدى.

24 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى قاراماي كان ئىشلىرى ئىدارىسىگە 355 مىڭ يۈەن

كارخانا قۇرۇش راسخوتى ئاجرىتىپ بەردى.

△ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇغراپىيە ئالىمى پروفېسسور مورسايېۋ «تىنچلىق تىياتىرخانىسى» دا شىنجاڭدىكى قۇملۇق ۋە چۆللۇكنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

11 ـ كۈندىن 25 ـ كۈنگىچە، ئاپتونوم رايون تۇنجى نۆۋەتلىك يېزا ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت چوڭ يىغىنى ئاچتى.

27 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون 6000 نەپەر چارۋىچىلىق رايون خىزمەت خادىمىنى ئىلى ئوبلاستى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتى قاتارلىق جايلارغا چارۋىچىلىق ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى.

31 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئۇقتىلىق رايونلىرىدىكى دالىدا تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇردى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چارۋىچىلىق رايونلار پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭدا 60 ھاۋارايى ئىستانسىسى ۋە پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

## 11 ـ ئاي

3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىلىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلغانلىق ھەرىكىتىگە غەزەپ بىلەن ئىتىراز بىلدۈردى.



△ ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە سۈن جۇڭشەننى خاتىرىلەش تەييارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

7 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

8 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بىلوف زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 39 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئاقساي ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى قازاق چارۋىچىلار باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى.

## 12 ـ ئاي

2 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: جۇڭغار ئويمانلىقىدا ماي تەركىبى بار جايلار بايقالدى.

15 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە ئورگانلىرىدا خەلقتىن كەلگەن خەت ـ چەكنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى چىقاردى.

14 ـ كۈندىن 22 ـ كۈنگىچە، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئومۇمىي ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىپ، 1956 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 1957 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى بەلگىلىدى.

26 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1956 ـ يىلى

3 ـ نۆۋەتلىك مۇز ئۈستى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق باغچىسىدىكى مۇز مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

( شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىنقى، هازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ هازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى»دىن ئېلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرغۇن ئۆمەر
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



主编：　阿布力孜·穆罕默德·沙依拉米
编辑：　迪丽达尔·艾则孜
　　　　吐尔洪·吾买尔
　　　　阿布都热依木·买买提
　　　　居来提·阿布力米提
责任校对：吐尔洪·吾买尔

新疆文史资料选辑(40)(维吾尔文)
中国人民政治协商会义新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本　印张14.375 插页2
1996年5月第1版 1996年12月第1次印刷
印数：3500

ISBN7—228—03717—0/K·426　定价：9.70元

# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

# 40



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (40)

ISBN 7-228-03717-0

9 787228 037179 >